
XINJIANG YISHU XINJIANG ART


# شىنجاڭ سەنئىتى

Altun Oq


2 1985



# رەڭسىز ياغاچ ئويمىلار



ئوتلاق ھېكايىسى ...... چۇ شىگلىن



ئوت ئورۇش ئاخشىمى ...... چېن بەي



خاماندا ...... چەي شەنۋېي



يارامىلىق ئەزىمەتلەر ... مەھەممەت ئايۇپ

مۇقاۋىدا: ھېلسىنكىدا ئۆتكۈزۈلگەن ۱ - قېتىملىق **ئەمرىيام ھايلىن** خەلقارا ناخشا مۇسابىقىسىدە تاللانغانلار- نى كۆتۈرۈلۈش پەيتىدە. دىلبەر بىلەن ھايلۇن خانىم سەھنىدە كۆرۈشتى. ئوڭ تەرەپتىكى پروفېسسور شېن شياڭ.

مۇقاۋىنىڭ ئاخىرقى بېتىدە: (۱) دىلبەر مۇكاپاتلانغانلار كونسېرتىدا ناخشا ئېيتماقتا. (2) دىلبەر موسكۋا مۇزىكا ئىنستىتۇتىدىكى چايكوۋىسكىي ھەيكىلى ئالدىدا. (3) ئاتونۇش فىنلاندىيىلىك بىر دوست دىلبەرنى ئۆيىگە چاقىردى. (4) فىنلاندىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق كونسېرت ئاخىرلاشقاندا. (5) دىلبەر مەركىزىي مەدەنىيەت بۇيۇسى تارقىتىپ بەرگەن تەقدىرنامىنى تۇتۇپ تۇرماقتا. سولدىن ۱ - كىشى لى جىڭۋېي. سولدىن ۳ - كىشى چېن شياڭ. سولدىن 4 - كىشى لياڭ دىڭ. (6) دىلبەرنىڭ ئېيقىمدا چۈشكەن رەسىمى.

# شىنجاڭ سەنئىتى

(قوش ئايلىق ژورنال)

5 - يىل نەشرى

2

1985 — يىل

# مۇندەرىجە


كۆن تۇغدى (دىراما) ...................................... ئەخەت تۇردى، مەمتىلى زۇنۇن (3)

مۇزىكىدىكى سۈرەت (نەسىر) .......................................... ئەخمەت ئىمىن (46)

سەھنىدىن ئېكرانغىچە (ماقالە) ........................................ رەيھانگۈل ئابلىز (60)

جاھالەتتىن كامالەتكە (ئوچېرك) ........................ ئابدۇرەھىم ئابدۇللا، ئۆمەر ئىمىن (65)

توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇر رەسسامى ساۋجوڭدا ۋە يوەن دەۋرىدىكى رەسساملار (ماقالە)
........................................................ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى (82)

كۆز (دىراما) ................................................ گولا پودى مارۇتىراۋ (89)

ھاجىك خەلق ئەلنەغمىسى ھەققىدە (ماقالە) .............................. شىرىن قۇربان (119)

دىلبەر يۇنۇس شىنجاڭغا كېلىپ ئويۇن قويدى ۋە مۇكاپاتلاندى (خەۋەر) .............. (124)

ۋەتەن ئىشقى (ناخشا) ........................................ سۆزى: تۇرغان شاۋدۇنىڭ
مۇزىكىسى: ئابلىز رەھىمنىڭ (125)

گۈزەللىك كۈيى (ناخشا) ...................................... سۆزى: ياسىن مەخسۇتنىڭ
مۇزىكىسى: ئىمىنجان يۇسۇپنىڭ (126)

باغ ئارا (ناخشا) ..................................... سۆزى: ھەسەن تىللىۋالدىنىڭ
مۇزىكىسى: نۇر مۇھەممەت سايىتنىڭ (127)


مۇقاۋىنىڭ 1 -، 4 - بەتلىرىدە: خەلقارا ناخشا مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچى ياش ناخشىچى دىلبەر.

مۇقاۋىنىڭ 2 - بېتىدە: ياغاچ ئويمىدىن (4 پارچە)

مۇقاۋىنىڭ 3 - بېتىدە: گوتۇگەيىنىڭ فوتو سۈرەت ئەسەرلىرىدىن تاللانما. (4 پارچە)

قىستۇرما بەتلەردە: لى ئەنىنگنىڭ پار پۇر تاختا سىزمىللىرىدىن (5 پارچە)

شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ سىناق قىلىپ ئورۇنلىشىدا ئۇسسۇللۇق تىياتىر «كوسەن بەزمىسى» دىن كۆرۈنۈش.




7 كۆرۈنۈشلۈك مۇزىكىلىق دىراما

**ئەخەت تۇردى ، مەمتىلى زۇنۇن**

**قاتناشقۇچىلار**

تۇراپ — گۇڭشې پارتكوم شۇجىسى. 50 ياش
ئىمىن كۇلا — غولتوغراق دادۇي سېكرېتارى. 30 ياش
هاشىم — پېشقەدەم دېخان. 65 ياش
هايىخان قۇشاق — دېخان. 45 ياش
شەمەر — شەھەرلىك هۆكۈمەت باشلىغى. 55 ياش
مارىخان — شەمەرنىڭ ئايالى. 48 ياش
سايىم — گۇڭشې شېجاڭ. 50 ياش
ئاببas — هۆلتوغراقنىڭ دادۇيجاڭى. 45 ياش
بەختى كاپالەت — گۇڭشې ئەزاسى 40 ياش
ئەنبەرنىسا — ئاببasنىڭ ئايالى. 35 ياش
ئىسمايىل — گۇڭشې سۇ كادىرى. 45 ياش
زورىخان — تۇراپنىڭ ئايالى.
مايسەم — تۇراپنىڭ قىزى، يېزا دوختۇرى.
نۇرگۈل ۋە دېخان A، B، C قاتارلىقلار.

* بۇ دىراما «باهاردىكى جۇدۇن» ناملىق پوۋېستقا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن.

Altun0q

# بىرىنچى كۆرۈنۈش

ۋاقتى: 1979 - يىلى كۈز پەسلى.

[سەھنە تۈزۈلۈشى: يىراقتىكى سالا ئېتىزلار سۈۋادان تېرەكلىك يول ئارقىلىق ئايرىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپى غولتوغراق، سول تەرىپى ھۆلتوغراق دادۇيىگە تەۋە. ئوتتۇرىدا چوڭ قاپقاقلىق توسما. ئىككى ياققا سوزۇلغان ئېرىق. توسما ئالدىدا سۇپا بولۇپ، ئۇ يەرگە ئۈژمە دەرىخى سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. بىر تەرەپتە سۇ كادىرلىرى قونالغۇ قىلىدىغان كەپە بار. بەختى سۇپىدا ئولتۇرىدۇ، ئۇنىڭ يېنىدا تۆمۈر كاناي بىر پارچە قەغەزنى تىزىدا قويۇپ، قېرىنداش بىلەن قاپ-تاغاركۆتىرىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ قېتىم سانىنى خاتىرىلەيدۇ.]

بەختى: ھە، ھايىسخان ئىككى، تىللاخان ئۈچ، ھە، ھىم... چولپان قىز بىر يېرىم... (بىر ئازدىن كېيىن يېزىشنى توختىتىپ كاناي بىلەن جاراڭلىق ھەم قىزىقارلىق قىلىپ قوشاق توقۇيدۇ.):

يولداشلار مەندىن يوليورۇق،
ئىنقىلاپ روھىنى جارى قىلدۇرۇپ،
قاپ - تاغارنى قىغقا تولدۇرۇپ،
ئەزالارنى ئېتىزدا قوندۇرۇپ
ئىنقىلاپ قىلىمىز!...

[قۇرۇق قاپ - تاغار كۆتەرگەن بىر توپ ئاياللار ناخشا ئېيتىپ كىرىپ كېلىدۇ.]
(ناخشا):

خاڭدەن تاۋار كەي دەيسەن، ھەر كىشىنىڭ ئۆز دەردى،
تاۋار ئەمەس بۆز نەدە؟ بىزگە باقار كۆز نەدە؟

قايتارما:

بىزگە باقار كۆز نەدە،
جانغا ئارام سۆز نەدە؟

[قارشى تەرەپتىن سومكا كۆتىرىۋالغان ئەنبەرنىسا گازىر چاققان ھالدا غىلجىڭلاپ كىرىپ كېلىدۇ.]

ئايالار: ئەسسالام ئەنبەرنىساخان.

ئەنبەرنىسا: (سۇسقىنا) ئەسسالام! (ئايالار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن) قولغا كەلگەن بەخت - تەلەيىنىڭ مېغىزىنى چېقىپ يۇرسە بولمامدىغاندۇ ماڭا ئوخشاش!

بەختى: دۈيجاڭ خېنىم، نىمىگە قايناۋاتىلا؟ (ئېرىنچەكلىك بىلەن يېقىنلىشىدۇ.)

ئەنبەرنىسا: كۆرمۈدۈڭمۇ؟توپىنىڭ ئىچىدە شۇجىنىڭ، دۈيجاڭنىڭ خوتۇنلىرىمۇ تۇرامدۇ؟

بەختى: خەقنىڭ خوتۇنلىرى قاپ - تاغار تۈگۈل تاغنى كۆتىرىۋالسىمۇ مەيلى ئەمەسمۇ؟

سىلى چاچلىرىغا چاڭ قوندۇرماي ئويناپ - كۈلۈپ يۈرۈۋەرمەملا؟!

ئەنبەرنىسا: ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن بەزى ئۆكتىچىلەرنىڭ ماڭا قاراپ ئىچى ئاداپ كېتىدىكەن، دىگىنە!

بەختى: ئىچى ئادىغانلار ئاداپ يىسۇن دۈيجاڭ خېنىم، ئۇنداقلارغا سىلىمۇ كېلىشتۈرۈپ (غەلىتى قىلىق قىلىپ قوشاق توقۇيدۇ):

كوممۇنامىدى — مىدى، تۆگىمىسە - تۆگىمىسۇن،
ئىشىم تېخى تۆگۈمىدى. سېنىڭ بىلەن مېنىڭمىدى!؟ —

دەپ يۈرۈۋەرمەملا! خۇداغا شۈكرى، سىلى بىلەن بىزنىڭ تەلىيىمىز ئوڭ، زۇۋۇلىمىز چوڭ ئىكەن، گۈگۈشى قويىنىدا ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك يايراپ يۈرۈۋاتىمىز، خۇدايىم گۈگۈشى دىگەن بۇ «ئېچىلىك داسقىنىم» نى مىڭ ياشقا كىرگىنى نىسىپ قىلا... (بىردىنلا ئەنبەرنىسانىڭ ئاغزىغا قاراپ) خېنىم، گازىر چېقىۋاتاملا، ئەكەلسىلە ئىككى تال.

ئەنبەرنىسا: شۇنىڭغىمۇ قول ئۇزاتامسەن كاپالەت؟ مە! (بىر سىقىم گازىر بېرىدۇ) ۋاي خۇدا، يەنە كىردى ئۇ خەقلەر، كۆزۈم كۆرمىسۇن (ئالدىراش چىقىپ كېتىدۇ)

[هايىسخان باشلىق بىر قانچە ئايال قاپ كۆتەرگەن هالدا ناخشا ئېيتىپ ئىككىنچى تەرەپتىن كىرىپ كېلىدۇ.]

(ناخشا):

كەتمىنىم پېتىپ قالدى، مەنمۇ ئاھ پېتىپ قالدىم،
سېغىزدىن ئۆتۈپ بەزگە. تۆگىمەس ئېغىر قەرزگە!
نىمە دەيمەن بۇ قەرزگە،
يۈرىگىمدىكى دەزگە!

بەختى: (گازىر چاققاچ سۆزلەپ قولىدىكى دەپتەرگە بەلگە قويىدۇ) تېز - تېز، ھە - ھە... نىساخان يەتتە، نۇرگۈل ئون بىر، هايىسخان...

هايىسخان: بەختى، تاغارنى يۆلەۋەتكىنە، بول!

بەختى: ئۆزەڭ بىلىسەن هايساچا، ئېزىپ كەتسەم ئىش چاتاق.

هايىسخان: (تاغىرى سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىدۇ) ھۇ ئۆلەرمەن كاپالەت! يۆلەۋەتسەڭ نىمە بولىدۇ، ئەلۋەتتە! ۋاي، بېلىم!

نۇرگۈل: ئۇھ، دەردىمىزنى تۆكۈۋالىلى بىردەم. (ناخشا باشلايدۇ. باشقىلار ئاخىرىغا قوشۇلىدۇ.)

(ناخشا):

قارا قىشتا — كۆكلەمدە، جاننى ئەجەپ قىينايدۇ،
بۇ رۇدىپاي يەلكەمدە. قوشتىن چىقساق سۆرەمدە!
نىمە دەيمەن بۇ دەرتكە،
بېشىمدىكى كۈلپەتكە!

بەختى: (كاناي بىلەن) سايمان ئارام ئالسا ئالسۇن، ئادەم ئارام ئالمىسۇن!...

هايسخان: جېنىمىز تۆمۈر ئەمەسمۇ بىزنىڭ! ماقۇل، ئارام ئالمىساق ئالمايلى! كەل، خۇدا ئېزىز ياراتقان بۇ رۇدىپاينى شىللىمىزغا ئەپ قوي!

بەختى: ئۆزەڭ بىلىسەن هايساچا، مېنىڭ ۋەزىپەم بۆلەكتە!

هايسخان: كانىيىڭ بىردەم بولسىمۇ ئارام ئالسۇن، كەل، يۈددۈرۈپ قوي!

[مايسەم دورا سومكىسىنى كۆتىرىپ كېلىدۇ.]

مايسەم: ۋىيەي هايساچا، تېخى تۈنۈگۈنلا ئىسپىراپكا قىلىپ بەرسەك يەنە ئىشقا چىقىۋالغانلىرى نىمىسى؟!

بەختى: مايسگۈل، سىلى بۇنداق دەپ بەرسىلە پىچاق سېغىنغان كالىدەك يېتىۋالامدۇ بۇ خەق!

نۇرگۈل: پىچاق سېغىنغان كالا دىگەنچۇ بەختى، ساڭا ئوخشاش كەچكىچە ئوتدا يېتىپ كۆيىشەيدۇ...

مايسەم: (هايسخان بىلەن هەپىلىشىپ) قارىسىلا، پۈتۈن ئەزالىرىدىن پۇقىراپ تەر چىقىۋاتىدۇ!

بەختى: رەمەتلىك ساۋۇت ئاكامنىڭ ئوتلىرى تۇتىشىپ كېتىپتۇ - دە! هى، هى...

مايسەم: هوي كاپالەت، تولا كاسىلدىماي جايىڭغا بېرىپ ياتقىنا!

بەختى: ياتساق ياتتۇق، بىزدىن كىم قورقاتتى! (سۇپىغا بېرىپ كانايىنى ياستۇق قىلىپ يېتىپ ناخشا باشلايدۇ):

تىراكتورلار سايرايدۇ،
ئىگىز ئۆسكەن تېرەكتە...

مايسەم: ئەجەپ جېنىمغا تەگدى بۇ رۇدىپاي! سۆگەلدەك چاپلىشىۋالماي كۆزۈمدىن يۇتكىنە بىردەم!

بەختى: ئۆزلىرى بىلىدىلا مايسگۈل، بىز دىگەن توغما كەمبەغەل، تولا ئازار بەرمىسىلە جۇمۇ مۇنداق! (يۈزىگە قونغان پاشىنى بىر ئۇرۇپ) كۆز ۋاقتىدا نىمە ئىش قىلىدىغاندۇ بۇ كاساپەت! تۆت سەر قېنىمنى شورىۋاپتۇ يا! دوختۇر، كىچىككىنە دورا سۈركەپ قويماملا ما يەرگە!

مايسەم: بىر ئاتىمە هىلى! (شىشىنى قولىغا ئالىدۇ) نېرى كەتكىنە بىردەم!

بەختى: تۇراپ شۇجىنىڭ قىزى دىمەيدىغان بولسامزە... كەتسەك كەتتۇق! (ئەزمىلىك بىلەن كېتىۋېتىپ بايىقى ناخشىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتىدۇ):

چۆگۈن قويسا قاينايدۇ،
دۇمبەمدىكى يۇرەكتە!

مايسەم: (دورا شىشىسىنى ئاتىدۇ) ئاي ئەمىسە!

بەختى: ۋاي بېشىم! (قېچىپ چىقىپ كېتىدۇ.)

مايسەم: (هايسخانغا) ئۆزلىرىنى ئايىسىلا، قوساقلىرىدا يەتتە يىپلىق ياماق تۇرسا!

هايسخان: تېشىنىمغۇ ياماپ قويسا تۇرىدۇ بىرىدىكەن قىزىم، ئىچىنى ياماغىلى بولمايدىكەن ئەمەسمۇ؟!

نۇرگۈل: دوختۇرنىڭ قەغىزىنى ئېلىپ ئالماي كېچە - كۈندۈز ئىشقا هەيدەۋاتسا!

يەنە بىر ئايال: بىر كۈن ئىشقا چىقمىسا هەپتىلىك نورمىسىنى بەرمەيۋاتسا!

نۇرگۈل: كومەۋنانى «ئالتۇن كۆۋرۈك»، «قىزىل جەننەت» دەپ يۇرگىنىمىزگە شۇنچە يىللار بولۇپ قالدى... لېكىن...

ھايىمخان: (ناخشا):

«ئالتۇن كۆۋرۈك»، «قىزىل جەننەت»، قوچاغىدا ئېغىر مېھنەت،
بىزگە بەردى نىمە راھەت؟ تۇگىمەس قەرز، جاپا كۈلپەت!

(مايسەمگە قاراپ)

بىلمىلىك سىز، جاۋاپ ئەيلەڭ، قاچانغىچە ئۆتەرمىز بىز،
بولامدۇ راس جەننەت شۇنداق؟! قىيناپ ئېزىز جاننى مۇنداق؟!

[ئاياللار ئاخىرقى ئىككى مىسراسىنى تەكرارلاپ، مايسەمدىن جاۋاپ كۇتىدۇ، بەختى ئالدىراپ كىرىدۇ.]

بەختى: تۇرۇڭلار، تۇرۇڭلار! تېز، تېز بولۇڭلار!

مايسەم: ساڭا يەنە نىمە بولدى؟

بەختى: دادىلىرى كەپقالدى خېنىم، باشلىقلار كەلدى.

ھايىمخان: بەختى، كەل بۇنى يۇددۇرۇپ قويغىنا!

بەختى: ئۆزلىرى بىلىلا، مەن... (بەللىرىنى ئىگىپ بوشاڭلىق قىلىدۇ)

نۇرگۈل: بول دەيمەن!

بەختى: ئەستا، ھە، مانا... يا غەۋسىلئەزەم... (ئىنجىقلاپ تۇرۇپ نۇرگۈلگە تاغارنى يۇددۇرۇپ قويىدۇ)

[نۇرگۈل قاتارلىق بىرنەچچەيلەن چىقىپ كېتىدۇ.]

ھايىمخان: مەنمۇ مېڭەۋالاي، كېلە بەختى، يۆلەشتۈرىۋەت!

مايسەم: ھايساچا، قويسىلا تاغارنى!

بەختى: مەن كىگىز - كىچەك ئېلىپ چىقاي. (كەپىگە كىرىپ كېتىدۇ)

[تۇراپ بىلەن سايىم كىرىدۇ.]

ھايىمخان: ئەسسالام تۇراپ شۇجى، سايىم شەجاڭ ھارمىغايلا.

[ھەر ئىككىسى سالام ياندۇرىدۇ.]

سايىم: ھايىمخان، نىمە قىلىپ يۇرۇيسىز؟

ھايىمخان: نىمە قىلاتتۇق شەجاڭ؟

تۆت ئايالغا سەككىز ئەر، توگرا باستى قوللارنى،
ئۆسسۇپ بەردى توپىنى. قاچان كېلەر سوپۇنى. —

دەپ ئىشلەپ يۇرۇپتىمىز!

[مايسەم ئاغزىنى تۇسۇپ پىخىلداپ كۈلىدۇ.]

سايىم: ئاغزىڭىزدىن ئۇرا تېگى گەپتىن باشقىسى چىقمايدۇ - ھە؟!

ھايىسخان: يەۋاتقىنىمىز ئۇرا تېگى قوناق بولغاندىن كېيىن، ئۇراتېگى گەپ چىقىسىمۇ چىققاندۇ، شەجاڭ!

سايىم: كۈپ - كۈندۈزدە قالايمىقان جۆيلۈمەڭ!

ھايىسخان: كېچىسى ئارام خۇدا ئۇخلاشقا پۇرسەت بەرمىگەندىن كېيىن كۈندۈزى جۆيلىسەممۇ جۆيلىگەندىمەن، شەجاڭ! (مايسەمگە) ماۋۇ تاغىرىنى يۇدۇرۇۋەتسىلە خېنىم.

مايسەم: ھاياچا، قويسىلا دەيمەن!

ھايىسخان: كۆتىرەي، سىڭلىم كۆتىرەي! 20 نەچچە يىل كۆتىرىپتىمەن، ھىلى ھەم بولسىمۇ كۆتىرەي!...

سايىم: كۆتىرىڭ! (قاپنى يۇدۇرۇپ قويۇپ) سوتسىيالىزىمنىڭ ھەيۋەتلىك بىناسى مانا شۇنداق جاپالىق ئەمگەك بىلەن تىكلىنىدۇ.

ھايىسخان: شۇنداق، شەجاڭ. (نەزمە ئوقۇيدۇ):

قاپ كۆتىرىپ كەچكىچە، ئۆتەر بولدۇق جاھاندىن،
ھالىمىزدىن كەتكىچە. شۇ بىناغا يەتكىچە...

(چىقىپ كېتىدۇ)

مايسەم: (تۇراپقا قاراپ) دادا، بىز قىلىپ بەرگەن ئىسپىراپكىلار دادۇيدە ئۆتمەيدىكەن، سېكرېتارلارغا گەپ قىلىپ قويغىنا.

سايىم: ھازىر دىخانلارنىڭ ئەڭ ئالدىراش ۋاقتى تۇرسا!

مايسەم: ئۇلار خۇدانىڭ قايسى بىر كۈنىدە ئالدىراش ئەمەس؟ دادا، ئەزالارنىڭ پىكرى بار ئىكەن، سىلەر باشلىق بولغاندىكىن تۆرىلىك قىلماي ئوبدان ئاڭلاپ بېقىڭلار!... (سومكىنى يەلكىسىگە ئارتىپ) مەن كەتتىم ئەمىسە. (چىقىپ كېتىدۇ.)

سايىم: (ئۆز - ئۆزىگە) پىكىر - پىكىر؟ ئاڭلاپ كەلسە تۇگەمدۇ ئۇ خەقنىڭ پىكرى!

تۇراپ: يىگىرمە نەچچە يىل قاپ كۆتەرگەن دىخان يەنىلا كۆتىرىۋاتىدۇ، شۇنداق قىلىپمۇ قەرز ھەم مۇھتاجلىقتىن زادىلا قۇتۇلالمايۋاتىدۇ، ئەمدى ئۇلارنىڭ پىكرىگە ئەستايىدىل قۇلاق سالمىساق بولماس!

[بەختى كىگىز كۆتىرىپ چىقىدۇ، ئارقىسىدىن ئىسمايىلمۇ چىقىدۇ.]

بەختى: ئەسسالامۇئەلەيكۇم يۇرت چوڭلىرىم، شۇجىلىرىم، شەجاڭلىرىم، ئۇلۇقلىرىم... تەنلىرى ساق، كۆڭۈللىرى خۇشچاغ تۇرۇشقاندۇ؟...

سايىم: ئۆزەڭنىڭ ئەھۋالىچۇ؟ قانداق جاھاندارچىلىق قىلىۋاتىسەن؟

بەختى: ئۆزلىرى بىلىلا شەجاڭ ئاتا، گۇڭشې دىگەن بىزدەك تۇغما كەمبەغەللەرنىڭ ئۆز ئائىلىسى. يىگىنىمىز ئالدىمىزدا، يىمىگىنىمىز كەينىمىزدە ئۆتۈۋاتىدۇ.

سايىم: شۇنداق، قوينى كەڭ كوللىكتىپ، باغرى ئاۋات گۇڭشې بولمىسا، ساڭا ئوخشاش كەمبەغەللەر كاپالەتكە ئىگە بولالمايتتى - دە؟

AltunOq

[ئىسمايىل داستىخان، چەينەك ئېلىپ چىقىدۇ.]

بەختى: شۇنداق - شۇنداق، ھەر بىرلىرىنىڭ دۆلىتىدە تۆمۈر دەپتەرگە پۈتۈلگەن نورمىسىزنى ئايمۇ - ئاي ئۆكسۈتمەي بېرىۋاتىدۇ، قېنى شەجاڭ ئاتا، مەزەگە باقسىلا.

تۇراپ: مۇشۇ كۈنىگىچە راستىنلا رازىمۇ سەن بەختى؟

بەختى: رازى بولمامدىغان شۇجى ئاتا، مىڭ مەرتىۋە رازى دىسىلە، ئالقىنىم ساپىنى، يەلكەم قاپىنى، بېشىم ئاپتاپنى كۆرمەي، كۈنۈم مۇشۇنچىلىك ياخشى ئۆتۈۋاتسا رازى بولمامدىغان! لېكىنزە...

تۇراپ: (رىغبەتلەندۇرۇپ) ئېيتقىن، لېكىنزە نىمە؟

بەختى: (روھلىنىپ) يېقىنىنىڭياغى مەيدەم يېلىگداپ زەردەم قايناپ يەدىغان بولۇپ قالدى، بىزنىڭ سېكرىتارغا شۇنداق بىر قۇلاق قېقىپ قويسىلىرى، بۇغدايدىن بىر ئاز ئۆلتىپات قىلىۋەتسە...

تۇراپ: ماڭ ئەمىسە، سېكرىتارنى چاقىرىپ كەل.

بەختى: (داستىخاندىن كۆز ئۈزەلمەي) ئىسمايىل ئاكا، سەن بېرىپ «ھايت» دەۋەتمەمسەن!

ئىسمايىل: ئۆزەڭچۇ؟

بەختى: ئۆزەڭ بىلىسەن ئىسمايىل ئاكا، يۇرت چوڭلىرىدىن كۆپرەك تەربىيە ئېلىۋالمىسام بولمايدۇ.

ئىسمايىل: ماقۇل تاقاقنى ئېيتىۋېتىپلا چاقىرىپ كېلەي. (توسىمىغا بېرىپ، بىر تەرەپنىڭ تاقىغىنى ئېيتىۋېتىپ غولتوغراق تەرەپكە كېتىدۇ)

سايىم: (بەختىگە) سەن ئەمدى ئاببىاس دادۇيجاڭنى چاقىرىپ كەل.

بەختى: ماقۇل، ماقۇل. (بىر پارچە ناننى قوينىغا سېلىپ، بىر - ئىككى قەدەم ماڭغاندىن كېيىن) شەجاڭ ئاتا، بىر تال تاماكا چېكىۋالاي، ژىتىق - پىتىق، ئۇۋاق - تۈۋەك، چاقاق - ماقاقلار باردۇ؟

سايىم: ھە، (بىر چېكىم تاماكا ۋە قەغەز بېرىدۇ)

بەختى: ياپىر، ئەجەپ قالتىس تاماكا ئىكەنغۇ بۇ! (ھوزۇرلىنىپ پۈۋلەيدۇ ۋە ئەزمىلىك بىلەن ئۇرىغاچ توسما ئۈستىگە چىقىدۇ ھەم قولىنى سايىۋەن قىلىپ ھۆلتوغراق تەرەپكە قارايدۇ) ئەنبەرنىساخان... ھەي دۇيجاڭ خېنىم، باشلىقلار ئاببىاس دادۇيجاڭنى چاقىرىدۇ!...

تۇراپ: ھۇ ياغ تاپان! ھورۇنلىقىڭنى قارا!

بەختى: بىر سۆۋەت ئۈزۈم ئالغاچ كەلسۇن، دەيدۇ!

تۇراپ: بەختى! (ئاچچىقلاپ) نىمە دەۋاتىسەن؟

بەختى: ئۆزلىرى بىلىلا... ـھى ـھى ـھى... ئەمدى...

تۇراپ: نىمە ئەمدى؟!

بەختى: ئۆزلىرى بىلىلا شۇجى ئاتا. كەچ كۈزنىڭ ئۈزۈمى بىلەن قارا بۇغداينىڭ نېنى... (يىراقتا بويۇنداپ) قارىسىلا، ئىسىن شۇجى بىلەن ھاشىم ئەلنەغمىمۇ كېلىۋاتىدۇ، بىردەم نەغمە قىلدۇرۇپ بەرگەن بولسىلىرى - زە...

سايىم: ئاببىاسنى چاقىرىپ كەل، دەۋاتىمەن ساڭا!

بەختى: ماقۇل ئاتا، ماقۇل. (ئازراق مېڭىپ) مانا - مانا، ئاببىاس دادۇيجاڭمۇ كېلىپ قالدى، ئۇششاقۇ - چوڭ، پىششىغۇ - توك ھەممىسى جەم بولدى بۇ يەرگە!

[بىر تەرەپتىن ئىمىن كۆلا، ھاشىم بوۋاي، ئىسمايىل؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئاببىاس كىرىدۇ. ئىمىن كۆلانىڭ يەلكىسىدە ئۈنئالغۇ بار.]

سايىم: (سالاملىشىشتىن كېيىن ئۈنئالغۇنى ئىما قىلىپ) ھە، ئىمىن شوجى، يېڭى بىر مەشۇق تېپىۋالدىڭمۇ نېمە؟

ئىمىن: شۇنداق، سايىم شەجاڭ، 3 - ئومۇمى يىغىندىن كېيىن كۆڭلىگە ياققۇدەك سايراۋاتقان بۇ بۇلبۇلغا راستىنلا ھېرىس بولۇپ قالدىم. ھەر بىرلىرىنى بۇ تەرەپلەرگە قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدىكىن؟

سايىم: (تەنە بىلەن) تۇراپ شوجىنىڭ قوسىقىغا جىن كىرىۋالغىلى ئۇزۇن بولدى، دىخانلار بىلەن سۆزلەشمەك، سىرداشماق دەپ يۇرتمۇ - يۇرت سۆرەپ يۈرىدىغۇ ئادەمنى!

ھاشىم: كەلگەنلىرى تولىمۇ بەلەن بوپتۇ شەجاڭ، بىزنىڭمۇ تالاي گەپلىرىمىز يىغىلىپ قالغان ئىدى.

[ئەنبەرنىسا بىر سىۋەت ئۆزۈم كۆتىرىپ كىرىپ كېلىدۇ.]

ئەنبەرنىسا: ئەسسالام سا شەجاڭ، تۇ شوجى، قەدەملىرىگە مۇبارەك بولسۇن!

بەختى: (سىۋەتكە بويۇنداپ) پاھ، قالتىس ئۆزۈم ئىكەن. (ئەنبەرنىسانىڭ قولىدىن ئېلىپ داستىخانغا قويىدۇ) باقسىلا شەجاڭ ئاتا، شوجى ئۆزلىرىمۇ ئېغىز تەگسىلە. (ئۆزى بىر ساپ ئۆزۈم بىلەن بىر پارچە ناننى ئېلىپ) قاتلىمىنى خام قايماق بىلەن، شىرمان ناننى مانا مۇشۇنداق ئاق تالنىڭ ئۆزۈمى بىلەن يەيدىغان بولسا - ئە...

تۇراپ: ھاشىمكا، سىلىنىڭ ئۆتكەن كۆرۈلگۈك بىزنىڭ ماڭغان يولىمىزدىنمۇ كۆپ. قېنى، كۆڭلۈڭگە پۈككەن گەپلىرىڭنى بىر دەپباققىنا؟

ھاشىم: (ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ) ھەي، نىمىمۇ دەي... دادۇيىمىز بۇ يىل يەنە قۇتقۇزۇش ئاشلىقىغا مۇھتاج بولىدىغان بولدى!...

بەختى: قۇتقازمىسا ئۆلەپ قالمامدۇ ئادەم!

ھاشىم: شۇنداق، بىز يامان ئۆگىنىپ قالدۇق، ھە دېسىلا — سۇسىز قالغان بېلىقتەك ئاغزىمىزنى ئېچىپ، قۇتقۇزۇش تەلەپ قىلدۇق. ھوسۇل چىقمىسا دىخان بىلەن يەردىن كۆردۇق. بۇ — ئۆز - ئۆزىمىزنى ئالداش ئەمەسمۇ؟

ئىمىن: بىزدە ئەزەلدىن قۇرۇق گەپلەر كۆپ بولدى، ئەمەلىي ئىش بولمىغاچقا، دىخانلارمۇ يۆگەي قۇرۇتتەك تۈگۈلۈپ ئالدى. ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا بىر يول تاپمىساق بولمايدۇ!

سايىم: ئۆزەڭ بىلگەن يولنى ئاتاڭغا بەرمە. دېگەن گەپ بار. بىز مېڭىۋاتقان يول 20 نەچچە يىلدىن بېرى ھالاۋەت كەلتۈرگەن داغدام يول. بۇنىڭدىن باشقا يول تاپمەن دېيىش — ئاش بەرگەن قازاننى چاققاندەكلا بىر ئىش. ئاشلىقىمىزنىڭ كاملىقىغا

كەلسەك، بۇنىڭغا ھەر يىلى ھۆكۈمەت قاراپ تۇرمىدى، ھېلى ھەممۇ پارتىيە بولغاندىكىن قاراپ تۇرماس!...

ئىمىن: (بىر ئاز قىزىشىپ) بىز دۆلەتكە قانچىلىك غەللە - پاراق تاپشۇردۇق؟ يازدا تاپشۇرۇپ، قىشقا كەلگەندە ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ يۇلۇپ ئالساق، بىزنىڭ دۆلەتكە، خەلققە قوشقان تۆھپىمىز زادى نىمە بولىدۇ؟!

تۇراپ: (ئەتراپتىكىلەرگە تەكشى نەزەر تاشلاپ) يولداشلار، ئويلاپ بېقىڭلار، بىز قاچانغىچە يۇقۇرىغا قول سوزۇپ، ئاغزىمىزدىكى گەپ بىلەنلا ئۆتتۈۋېرىمىز؟! دېھقانلارنى ھەقىقى پاراۋان تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشنىڭ بىرەر ئۈنۈملۈك چارىسىنى ئىزدەپ تاپىمادۇق؟! ئۇن يىلنىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» دىن كۆردۇق، يەنە مۇشۇنداق بولىۋەرسە، ئەمدى كىمدىن كۆرىمىز؟!

[ئەتراپتىكىلەردە جانلىنىش پەيدا بولىدۇ، لېكىن سايىم بۇ گەپلەرگە ئىرەڭشىمىگەندەك بويىنىنى تولغاپ چەتكە قارىۋالىدۇ، بەختى بىلەن ئەنبەرنىسا ھاڭۋېقىپ تۇرىدۇ.]

ھاشىم: (ھاياجانلىنىپ) بەلەن گەپ بولدى قېرىنداشلار، بەلەن گەپ بولدى، دېھقاندا گۇنا يوق، يەردە گۇنا يوق! دېھقان دىگەننىڭ باش - كۆزىنى ئوبدانراق سىلاپ قويغىنا، يولۋاسقا ئايلىنىدۇ. بىز بۇرۇن گۇرۇپپىلاشقان، كوپىراتىلاشقان چاغلاردا قانداق ئىدۇق؟ ھەممە ئادەم ئىشلەيتتى، شۇ چاغدىمۇ بىزنىڭ يەر شارائىتىمىز بۇنىڭدىن ناچار تۇرۇپ مول - ھوسۇل ئالغانتۇق، ئاتىلىرىمىزنىڭ قولىغىغا، قامچىلىرىمىزنىڭ دەستىسىگە قىزىل لېنتىلارنى ئېسىپ دۆلەتكە ئاشلىق سېتىپ بېرەتتۇق، لېكىن بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە شۇنچە كۆپ ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشلىرىنى قىلىپمۇ يەنە قەددىمىزنى كۆتىرەلمىدۇق، يىلدىن - يىلغا بەتتەر بولۇپ كەتتۇق، بۇنىڭ سەۋەبى زادى نەدە؟ سىلەر باشلىقلار نىمىشقا بۇنى ئويلىمايسىلەر؟

تۇراپ: بىز شۇ بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى - توقاي يوللىرىمىزنى يەكۈنلىگەن ئاساستا، ئۆز يېرىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىرەر يول تېپىپ چىقساق قانداق؟ ھاشىمكا، ئۆزەڭ ئويلىغاننى دەپباقە، نەچچە كۈندىن بېرى دېھقانلار بىلەنمۇ كۆپ مۇڭداشتىڭ.

ھاشىم: بولىدۇ، سىلەر ئاڭلاشنى خالىساڭلار، مەن دەپباقاي: كۆتىرىشنى بىلسەڭ تاشمۇ يېنىك، تاغمۇ يېنىك دەيتىكەن، مېنىڭچە، بىز دۆلەتتىن ئوزۇقلۇق ئاشلىغى تەلەپ قىلغاندىن كۆرە، ئۆزىمىز ئوزۇقلۇق ئاشلىغى تېرىغىنىمىز ياخشىراق. بىزنىڭمۇ ئەمگەك قىلىدىغان ئىككى قولىمىز تۇرۇپ، ھەر يىلى سەدىقە تىلەش نومۇس ئەمەسمۇ؟!

سايىم: قېنى، قانداق قىلماقچىسىز، گېپىڭىزنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتىڭا!

ھاشىم: ئەگەر جۈرئەت قىلالىساڭلار، ئوزۇقلۇق ئاشلىغى تېرىش ئۈچۈن جان بېشىغا بەش - ئالتە پۇڭدىن يەر بېرىڭلار، كۆپچىلىكنىڭ ئاش ئوزۇغى ھەل بولسا، دۆلەتنىڭمۇ، سىلەرنىڭمۇ بېشىڭلارمۇ ساقىيىدۇ، قانداق؟

ئىمىن: توغرا، ئەملى يوق سوپىدىن تۇخۇمى يوق توخۇ ياخشى، دەيتىكەن. قالدۇرۇق يەرنىمۇ كۆپەيتىپ بەرسەك دەيمەن، دېھقان دىگەن يەر بىلەن دېھقان!

بەختى: (ھەيران بولۇپ) ئۇ يەرلەرنى كىم تېرىپ بېرىدۇ؟

ئىمىن: كىم تېرىپ بېرەتتى؟! ھەر كىشى ئۆزى تېرىمامدۇ!

ھاشىم: (ئەنبەرنىسا بىلەن بەختىگە مەنىلىك قاراپ) ئەمگەك قىلمىغان ئادەمنى دىخان دېگىلى بولامدۇ! بىكار يېتىپ يېيىشكە تاغمۇ چىدىمايدۇ - دە!

بەختى: (سايىمغا يېقىنىپ) ئۇنداق قىلسا بىزدەك قول ئىلكىدە يوق تۇغما كەمبەغەللەرگە ئۇۋال بولمامدۇ، شەجاڭ ئاتا؟!

سايىم: (ھاشىمغا) ئۇيۇلتاشتەك ئۇيۇشقان دىخانلارنى ئەمدى كېلىپ قۇمدەك چېچىۋېتەيلى دېمەكچىمۇسىز! يائاللا، بۇنداق ماڭىدىغان بولساق، تۇۋۋى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىمىز!

بەختى / ئەنبەرنىسا: ياپىر!... ئۇنداق يولغا ماڭغىلى بولامدىغان!

سايىم: بىز بۇرۇن يەككىلىكنىڭ دەردىنى ئاز تارتمىغان. ئەمدى كېلىپ بىر غىش - بىر كېسەكلەپ قوپارغان بۇ ھەيۋەتلىك بىنانىڭ ئۇ يەر بۇ يېرىدىن تېشىپ، ھۆتمە - تۆشۈك قىلىۋەتسەك بولامدۇ؟!

ھاشىم: سايىم شەجاڭ، بىنا ھەيۋەتلىك بولغان بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغانلارنىڭ قوسىغى ھۆتمە - تۆشۈك بولۇپ كەتسە مەيلىمۇ؟!

سايىم: ھاشىم ئاخۇن، بۇنداق جۆيلىمەڭ، يېڭى جەمىيەتنىڭ شاپائىتى كۆپ، سوتسىيالىزىم دەۋرىدە ھېچكىم ئاچ قالمايدۇ!

ئىمىن: (سالماق ھەم جىددى قىياپەتتە) ئۇغۇ شۇنداق شەجاڭ، يېڭى جەمىيەتنىڭ بىزگە قىلغان شاپائىتى ھەقىقەتەنمۇ كۆپ، ئادەم - ئادەمنى ئېزىدىغان جاھالەتتىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن، ئازادە بولدۇق. لېكىنزە، قوساقا كەلگەندە كوپىراتىپتىن پەرقىمىز نېمە؟!...

ھاشىم: (تاقەتسىزلىك بىلەن) ئۆدەك كۆلگە تارتىپ، يىلان چۆلگە تارتىپ دېگەندەك ئىشلىرىمىزنىڭ ھېچ چېكى چىقمىدى، بىز ئۆزىمىزنى ياللانما، كەمبەغەل دەپ يۈرۈپ قىزىمىزنى تالاغا چىقىرالمىساق، ئوغلىمىزنى ئۆيلىيەلمىسەك، بۇ تۇرمۇشنىڭ نېمە خۇشلىقى قالدى؟!

ئىمىن: سۆزلىسەك گەپ تولا، بايا ھاشىمكام دىخانلارنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنىڭ قايمىقىنى ئېيتتى، يەرنى دىخانلارغا ھۆددىگە بېرەيلى!

سايىم: (زەردە بىلەن) بۇنداق قىلىش ئومۇمنىڭ توپىسى بىلەن شەخسنىڭ تېمىنى قوپارغانلىق بولىدۇ. (بەختى بىلەن ئەنبەرنىساغا قاراپ) قانداق دېدىم؟

ئەنبەرنىسا: توغرا دېدىڭىز شەجاڭ.

بەختى: كىتاپ سۆزىدەكلا گەپ بولدى، شەجاڭ ئاتا.

سايىم: (ئاباسقا) ئاباس داداۋيجاڭ سىزنىڭ پىكرىڭىز چۇ؟

ئاباس: (ئارسالدا بولۇپ) مېنىڭچە بولغاندىمۇ، ھاشىمكام بىلەن ئىمىن شۇجىنىڭ...

ئەنبەرنىسا: (گەپنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپلا) ئەقىلغا سىغمايدۇ، دىخانلارنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدۇ، دېمەملا!...

ھاشىم: ئىنساپ بىلەن ئويلاپ بېقىڭلار، چىرايلىق گەپلەرنىلا ئاڭلاپ، چىرايلىقىدىنا كۈننى كۆرەمەي تەشنالىقتا ئۆتۈپ كېتىۋېرەمدۇق؟ بىزگە تۈزۈكرەك بىر يول يوقمۇ زادى؟!

تۇراپ: بىر نەچچە كۈندىن بېرى دادۈيلەرنى ئارىلىدۇق، دېخانلار بىلەن پىكىرلەشتۇق، يېڭىچە بىر يولدا مېڭىش كۆپچىلىكنىڭ ئارزۇ - تەلىۋى ئىكەن. شۇنداقمۇ سايىم شەجاڭ؟

سايىم: (سۈسقىنا) ھە، شۇنداق!

تۇراپ: شۇنداق بولسا، دېخانلارغا يەر تەقسىملەپ، ئوزۇقلۇق ئېتىزى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى غولتوغراقتا سىناق قىلىپ باقايلى، قانداق، قوللامسىلەر؟

ئىمىن: قوللايمىز، بۇ يولنىمۇ بىر مېڭىپ باقمامدۇق قېنى.

ھاشىم: شۇنداق قىلايلى، بۇرۇن ھەممىمىز بىر ئېتىزغا توپلىنىشىپ ئىشلەپ قالغان كۈنىمىز بۇ، ئەمدى چېچىلىپ تۇرۇپمۇ ئىشلەپ باقايلى.

سايىم: (نارازى بولۇپ) بۇ ئىشقا مېنىڭ پىكرىم تۇرىدۇ، يەرنىغۇ سارجان بىلەن گوڭلاپ تەقسىم قىلارمىز، ئەمدى ماۋۇ توسمىلىق ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى قانداق تەقسىم قىلىمىز؟ جۇۋازچىنىڭ كەمچىنىدە كەمچەنلەيمىزمۇ؟

تۇراپ: ئات تاپقان ئادەمگە ئىگەرمۇ تېپىلىپ قالار.

ھاشىم: ئەزەلدىن ئېقىپ كېلىۋاتقان سۇ ھېلىمۇ ئۆز يولىدا ئېقىپ كېلىۋېرىدۇ، ھەر كىم ئۆز نۆۋىتىنى ئالسا بولمىدىمۇ؟

سايىم: (غادايغان ھالدا) ھىم!... بۇ ئۇنداق بالىلارنىڭ ئويۇنچىقىدەك ئاسان ئىش ئەمەس، قېنى كۆرەرمىز، كېيىنكى پۇشايمان ئۆزىگە دۈشمەن بولۇپ قالمىسىلا مەيلى!...

[ئۇلار بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە چىراق غۇۋالىشىدۇ، پەردە تېز يېپىلىدۇ.]

## ئىككىنچى كۆرۈنۈش

ۋاقتى: 1980 - يىل باھار، سەھەر.

[سەھنە تۈزۈلۈشى: بىرىنچى كۆرۈنۈشكە ئوخشاش، غولتوغراقلىق ئۈچ دېخان بىلەن ھۆلتۇرغاقلىق بەش دېخان قاتتىق مۇشلىشىۋاتقاندا پەردە ئېچىلىدۇ.]

بەختى: (قاپقاقنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ كاناي بىلەن ۋاقىرايدۇ) سۇ ھۆكۈمەتنىڭ، يەر ھۆكۈمەتنىڭ، سۇ تالاشمايلى، ئەلەم كۈرەشى قىلىشقا بولمايدۇ، قان ئاققۇزۇشقا بولمايدۇ!

ئىسمايىل: (سوقۇشۇۋاتقانلارغا ھاي بېرىپ) ئۆلۈم جېدىلى چىقارماقچىمۇ سىلەر؟ نېمە دېگەن سەتچىلىك بۇ؟! بولدى قىلىڭلار، بولدى!

ئەنبەرنىسا: (ھۆلتوغراقلىقلارغا مەدەت بېرىپ) ئۇرە، ھە، «سۇ» دېگەننىڭ ئاغزىغا ئۇر!
(غولتوغاقلىقلار بوش كەلمىگەندە، ئەسەبىلەرچە ۋاقىراپ) ئادەم بارمۇ؟ ئادەم ئۆلدى؟ ...

سابىر: (بىر قانچەيلەن بىلەن ئېلىشىپ تۇرۇپ) ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلەمدۇق! ناسىر قاپقىنى ئېچىۋە!

[ناسىر ئۆزىگە ئېسىلغان بىرسىنى ئىرغىتىپ تاشلاپ توسمىغا چىقىدۇ، تاقاق كۆتەرگۈچنى تولغايدۇ، غولتوغراق تەرەپتىكى تاقاق كۆتىرىلىپ، سۇ شاقىراپ ئاقىدۇ. سا-

AltunOq

بىر بىلەن يەنە بىر يىگىت ھوّلتوغارقلىقلارنىڭ تىوسىمىغىا چىقىىش يولىىنى توساپ تۇرىدۇ.

ئەنبەرنىسا: بۇ قانۇنسىزلىق! زوّمىگەرلىك! ئىمايىل ئاكا، قاراپ تۇرغىنىڭ نىمىسى؟!

ئىسمايىل: ئوّز بىشىمچىلىق بىلەن سۇ ئىچىشقا روّخسەت يوق، توختا! (توسما تەرەپكە ئوّزىنى ئاتىدۇ)

سابىر: بىزنىڭ ئىككى قىتىملىق سۇيىمىزنى كىمگە ساتتىڭ؟! نىرى تۇر، توخۇ يۇرەك مىراپ! (ئىسمايىلنى ئىتتىرىۋىتىپ، داميا ئوّستىگە چىقىدۇ) ھىچكىمدىن سۇ تالاشقىنىمىز يوق، سۇ نوّۋىتى بىزنىڭ! (ئوّز كىشىلىرىگە) ئاغىنىلەر، چىك تۇرۇڭلار!

[سابىر بىلەن يەنە بىر يىگىت ھوّلتوغراقلىقلارنى داميا تەرەپكە يىقىن يولاتمايدۇ.]

ئەنبەرنىسا: (ئىسمايىلنى يوّلەپ تۇرغۇزۇپ) ئىش بولمىدى، ماڭ، تىلىفون بەر، ساشەجاڭ ئوّزى كەلمىسە بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، بول! (ئىسمايىل چىقىپ كەتكەندىن كىيىن باشقىلارغا) شۇنچە ئادەم ئاشۇ پومنىڭ پۇشتىدىن قورقۇۋاتامسىلەر؟ ئىسىت - ئىسىت! ئوّتە ئۇياتقا! ھە، ئۇرە، بەختى سەنمۇ كىلە!

[سابىر بىرسى بىلەن ئىلىشىۋاتقاندا، بەختى توما بىشىدىن چۈشىدۇ.]

بەختى: (سابىرنى كوّرستىپ) قانداق قىلىدىكىن دەپ قاراپ تۇرسام، نوچىلىقىنى تىخى! قوّلاق تۇۋىگە بىر قويۇپ، بوّلاق تۇۋىگە ئوّچۇرىۋەتمەي ئوّنىسى! (يەڭ شىمايلاپ ئارقىدىن مارىلاپ كىلىدۇ) كىلە، سىيىت نوچى بولساڭمۇ كەل، روّستەمى دەستان بولساڭمۇ كەل، كەل!

[سابىر ئىلىشىۋاتقان ئادىمىنى تۇتۇۋىلىپ يىقىتىۋاتقاندا، ئۇ ئادەمنىڭ پۇتى بەختىگە تىگىپ يىقىلىدۇ.]

بەختى: ۋايجان! ... ئادەم بارمۇ؟! ... (ئوّمىلەپ قاچىدۇ.)

ئەنبەرنىسا: (بىشەملىك بىلەن سابىرغا ئىسىلىۋالىدۇ) ئۇرە، لۈكچەك! نوچى بولساڭ مىنىمۇ ئۇر!

سابىر: نىرى تۇرۇڭ، ياقامنى قويىۋىتىڭ! (ئوّزىنى قاچۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ)

[بىر نەپەر ھوّلتوغراقلىق كىلىپ، سابىرنىڭ تاغىقىغا پىچاق سالىدۇ.]

ئەنبەرنىسا: قىنىمنى ئىچە، شۇكىپەن پوم!

سابىر: (ئەنبەرنىسانىڭ قولىنى قايرىپ، ئىتتىرىۋىتىدۇ ۋە ئارقىغا بۇرۇلۇپ) ھۇ نامەرت! (ئىككى قەدەم مىڭىپ سەنتۈرۈلىدۇ)

سابىر! (تىز كىلىپ يۆيۆلىۋالىدۇ) ھۇ، قاتىل!

[مۇشتلىشىۋاتقان يەنە بىر ھەمراسىمۇ كىلىدۇ.]

ھەمراسى: سابىر، ھە؟ ... كوّتەر، بول، دوّختۇرخانىغا ئىلىپ بارايلى. (سابىرنى كوّتىرىپ كىتىۋىتىپ) خەپ توختاپ تۇرۇش! (چىقىپ كىتىدۇ)

[ھوّلتوغراقلىقلار غالىپلارچە كوّرمەلىكەن ھالدا ئارقىدىن قاراپ قالىدۇ.]

ئا: ھالى شۇكەنغۇ! قۇچقاچتەك جىنىغا يوغان سوّزلىشىدۇ، تىخى!

ب: «سۇ - سۇ» دىگىنىگە تويسۇن!

ئەنبەرنىسا: (يىقىلغان يەردىن قوپماي تۇرۇپ كاسىسىنى سىلاپ) خەپ توختاپتۇرۇش! ۋايەي، ۋايجان! (يۆلىمەكچى بولغانلارغا) قويۇڭلار، تۇرغۇچىلىك مادارىم يوق! پۇتۇن ئەزايىمغىرسلاۋاتىدۇ! ۋاي!... ۋايجان! ...

[سايىم بىلەن ئاببا كىرىدۇ، ئىسمايىل كەينىدىن چىقىدۇ.]

سايىم: نىمە بولدى؟

ئاببا: (ئەنبەرنىساغا) هوي، نىمە بولدۇڭلا؟ تۇرۇڭلا، (يۆلەيدۇ) هە، زادى نىمە ئىش؟

ئەنبەرنىسا: (ئېغىر زەخمىلەنگەن قىيپاپەتتە ئىڭراپ) ۋايجان! ... ۋايەي ... ھۆكۈمەت نەگە كەتتى؟ قانۇن نەگە كەتتى؟ پومشىك ئۇنسۇرلار تەتۇرھساپئالسا مەيلىمۇ؟! ۋايجان! ...

ئاببا: ئولتۇرۇپ سۆزلەڭلا، زادى نىمە بولدى؟ (سۇپىدا ئولتۇرغۇزىدۇ)

ئەنبەرنىسا: سىنىپىي كۈرەش باش كۆتەردى! ... بولالمايۋاتىمەن، ئەزالاردىن سورىسىلا، سۇ! ..

سايىم: ئىسمايىل، سۇ. (ئىسمايىل كىرىپ كەتكەندىن كېيىن بىر - بىرلەپ سورايدۇ) يۈز - كۆزۈڭ قانغا بويىلىپتۇ، سەن نىمە بولدۇڭ؟ سەنچۇ؟

ئا: تەتۇر هساپ ئالدى!

ب: قايتارما هۇجۇم قىلدى!

سايىم: كىم؟

ئا - ب: سابىر دىگەن پوم!

سايىم: بىرلا سابىرما؟

س: ھەمشىرىكلىرىمۇ بار. (ئىسمايىل سۇ ئېلىپ چىقىدۇ، ئاببا ئەنبەرنىساغا سۇ ئىچكۈزىدۇ)

سايىم: (سغا) سېنىڭ قولۇڭ سۇندىمۇ نىمە؟

س: ياق، شەجاڭ، ئۇلارنىڭ بېشىغا قاتتىقراق تەككەن ئوخشايدۇ.

سايىم: بويىڭغا ئېسىۋال. (دغا) لىپىگىڭنى چىقىرىۋەتتىمۇ نىمە؟ بىر پۇتۇڭ كىلدىڭلاپ قاپتۇڭغۇ؟!

د: يوقسۇ شەجاڭ. (هەر ئىككى پۇتىنى سىلكىپ قويىدۇ)

سايىم: ئاخماق! ... بىر پۇتۇڭ زەخمىلەنگەن ئەمەسمۇ!

د: (گەپىنىڭ تېگىگە يېتىپ) راس شەجاڭ، راس، لىپىگىمنى چىقىرىۋەتكەن ئوخشايدۇ ... (ئاقساپ مېڭىپ قويىدۇ)

[بەختى يىراقتىن زارلىغان هالدا كىرىپ كېلىدۇ.]

بەختى: ۋاي بېلىم، ۋاي! ۋاي! ...

سايىم: بەختى ساڭا نىمە بولدى؟

بەختى: سا بىردىگەن پومنىڭ كۈچىگى ژۇلۇنۇمنى ئۈزىۋەتتى، شەجاڭ! ۋاي بېلىم! ... (ئەنبەرنىساخانىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ئېشىپ قالغان سۇنى ئاچكۆزلۈك بىلەن ئىچىۋېتىدۇ.)

سايىم: (ۋەزخانلىق بىلەن) كەمبەغەل دىخان، تۆۋەن ئوتتۇرا دىخان سىنىپىي قېرىنداشلار، كۆردۈڭلارمۇ مانا، بەزى كىشىلەر مەسئۇلىيەت تۈزۈمى دىگەن نىمىنى سىناق قىلـ

غىلى بىر نەچچە ئاي بولا - بولمايلا كاپىتالىزىم كۈچلىرى غولتورغراقتا باش كۆ-
تەردى. سىنىپى يات ئۇنسۇرلار قويىرۇق كۆتەردى. ئۇلار ئىست يۇرىگىنى قاپتەك قىلىپ، كەمبەغەل -
تۆۋەن ئوتتۇرا دىخانلاردىن تەتۇر ھىساپ ئالدى! بۇگۇنكى قانلىق ۋەقە پولاتتەك پا-
كىت! بىزئەمدى مۇشۇ پاكىتلارنى تۇتقا قىلىپ ئۇلار بىلەن قەتئى ھىساپلىشىمىز!

بەختى
ئەنبەرنىسا } : ھىساپلىشىمىز! (قولىنى كۆتىرىدۇ)

سايىم: ئابباس دادۇيجاڭ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھارۋا بىلەن دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىڭ.
ئابباس: شەجاڭ، بۇلار دوختۇرخانىغا بارغىدەك ھالدا ئەمەسقۇ!؟

سايىم: چۆيلىمەڭ! (كۆپچىلىككە) يۈز - كۆزلىرىدىكى قان بىلەن جاراھەت ئىزلىرىنى يۇ-
يۇپ تاشلايدىغان بولساڭلار دەۋادا ئۇتتۇرۇپ قويىمىز - ھە؟! ئۇختۇڭلارمۇ!؟ دە-
ۋاگەر سۇس بولسا، قازى مۇتىھەم بولىدۇ، دىگەن سۆز ئېسىڭلاردا بولسۇن!
كۆپچىلىك: ئۇختۇق. (ماڭىدۇ)
سايىم: ئەنبەرنىساخان، تۇرۇڭ، سىزمۇ دوختۇرغا كۆرۈنۈڭ.
ئەنبەرنىسا: مېنىڭ كارىم چاغلىق، ئالدى بىلەن كۆپچىلىكنىڭ غېمىنى يىسىلە ساشەجاڭ. (ئاباسقا)
ھوي، قېنى سىلە، سىنىپىي قېرىنداشلار بىھۇدە ئازاپ چەكمىسۇن، تېزراق ئېلىپ
بېرىڭلا ...
ئابباس: ماقۇل، (بەختىگە) سەنچۇ؟
بەختى: ئۆزلىرى بىلىلا دادۇيجاڭ، مۇشۇ كەمگىچە دوختۇرخانا بوسۇغىسىغا دەسسەپ باق-
مايتىمەن. شەجاڭ ئاتام بىر ئىلتىپات قىلىۋەتسە، ھىلى ھەم دوختۇرغا بارمىساممۇ
بولىۋېرىدۇ.
سايىم: نىمە ئىلتىپات؟
بەختى: ئۆزلىرى بىلىلا شەجاڭ، بىرەر ئوغلاق تەستىقلاپ بەرسىلىرى ... ھى - ھى - ھى...
(توساتتىن) ۋاي بېلىم! ۋاي - ۋاي ...
سايىم: بوپتۇ، بارمىساڭ بارما. (ئاباسقا) سەن مېڭىۋەرگىن.
ئابباس: (سۇسقىنا) ماقۇل. (چىقىپ كېتىدۇ.)

سايىم: (توسىنغا قاراپ چۆچۈپ) كىم ئاچتى؟ ھە، بۇ تاقاقنى كىم ئاچتى؟!
ئەنبەرنىسا: غولتوغراقلىق نوچىلاردىن باشقا كىم ئاچاتتى!
سايىم: ئىسمايىل، ھەي ئىسمايىل!
ئىسمايىل: خوش، شەجاڭ! (كەينىدىن چىقىدۇ.)
سايىم: سوتسىيالىزىمنىڭ سۈيىنى كاپىتالىزىمنىڭ پارچە - پۇرات كاندۇكلىرىغا ئېچىشقا رۇخ-
سەت يوق، دىمىدىمما ساڭا! ئۇلارغا نىمە ئۇچۇن سۇ بېرىسەن!؟
ئەنبەرنىسا: تاس - تاماس قالدى ئۇلار بۇ ياۋاشنىمۇ ئۇرۇپ ئۆلەمجان قىلىپ قويغىلى!

سايىم: ...ماڭ، تاقاقنى ئېتىۋەت!
ئىسمايىل: ئۇلارنىڭ بۇغدايلىرى ...

سايىم: جۆيلىمە! ئەت دىگەندىن كېيىن ئېيتىۋە! (ئىسمايىل تاقاقىنى ئېيتىۋەتكەندىن كېيىن) ئىسمايىل، مۇزدەك چېيىڭ بارمۇ؟

ئىسمايىل: بار، بار. كۆپىنىڭ سۈيى بار، مەن ئەپچىقاي.

سايىم: سەن تاقاقىنىڭ يېنىدا مىختەك تۇر، ئۆزەم ئەپچىقاي. (كىرىپ كېتىدۇ) [هاشىم بىلەن ئىمىن كىرىدۇ]

ئىمىن: سەن يەنىلا تاقاقىقا مىنىۋاپسەنغۇ، ئىسمايىلكا؟

هاشىم: غولتوغراقلىقلار سۇ ئىچەمدۇ ـ ئىچمەمدۇ؟ زەل ـ زىرائەتلىرىمىز قۇرۇپ كەتسۇنمۇ؟

ئىسمايىل: مېنىڭ قولۇمدىن نىمە كېلەتتى هاشىمكا، بۇيرۇقنىڭ قۇلى تۇرسام ...

ئەنبەرنىسا: يەنە يۇۋاشنى بوزەك ئەتكىلى تۇرۇۋشتىلىمۇ؟بۇ جاهاننىڭ ئىگىسى بار جۇمۇ! (كەپەگە قاراپ ۋاقىرايدۇ) هوي ساشەجاڭ!

بەختى: شەجاڭ ئاتا، يانا بوزەك قىلىۋاتىدۇ!

ئىمىن: بەختى، بۇ يەردە ساڭا نىمە بار؟ ماڭ ئىشىڭغا! (بەختى ئەزمىلىك بىلەن چىقىپ كېتىدۇ.) ئۇ كىشىمۇ بۇ يەردە ئىكەندە!

سايىم: (چىقىدۇ) هە، يەنە نىمە غەۋغا!؟

هاشىم: نىمە ئۈچۈن غولتوغراقنىڭ تېگىشلىك سۈيى بېرىلمەيدۇ؟! باشقا دادۈيلەرنىڭ بۇغدايلىرى ئىككى قېتىمدىن سۇ ئىچتى، بىزنىڭكىگە بىرەر قېتىممۇ قانغىدەك سۇ كىرگىنى يوق. مايسىلىرىمىز قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ!

ئەنبەرنىسا: سىلەردە بۇرۇن بىرلا ئېرىق بار ئىدى، هازىر بولسا يۈز، بۇنچىلا ئېرىقلارغا بۆلۈۋەتسە، ئەزىم دەريانىڭ سۈيىمۇ يەتمەيدۇ ـ دە!

سايىم: هەببەللى! ئىشىنىڭ كۆتەن بېشى ئەنە شۇ يەردە! تېخى سىلەر يېڭى يول ئاچتۇق دەپ، مەيدەڭلەرگە مۇشتلايسىلەر، ئاقىۋىتى قانداق بولدى؟ سوتسىيالىزىم بىلەن كاپىتالىزىم ئەزەلدىن چىقىشالىغان ئەمەس، سىلەر چىقىشتۇرماقچى بولغانىڭلار ئاردىن ئوت چىقىپ كەتتى. ئەمدى بۇ ئوتنى سىلەر پۈتۈن گۇڭشېنىڭ سۈيى بىلەنمۇ ئۆچۈرەلمەيسىلەر!

ئىمىن: ئالدىراپ خوشال بولۇپ كەتمەڭ! خوشال بولىدىغان چوڭ ئىشلار تېخى ئالدىمىزدا!! هازىرقى مۇهىم ئىش سۇ مەسىلىسى!

سايىم: هازىرقى مۇهىم ئىش سۇ مەسىلىسى ئەمەس، يەنىلا يول مەسىلىسى! بىز سىزنى كاپىتالىزىمنىڭ كاندۇكلىرىغا ئەمەس، سوتسىيالىزىمنىڭ سالا ئېتىزلىرىغا ئاقتۇرىمىز!

هاشىم: گۇڭشې مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى بىزنىڭ دادۈيدە سىناق قىلىشقا قوشۇلغان. سۇ، ئاق ئوغۇت قاتارلىقلاردىن باشقا دادۈيلەر بىلەن تەڭ بەهرىمەن بولىدۇ، دەپ قارار قىلغان.

سايىم: مەن قوشۇلمىغان، هېلىمۇ قەتئى قوشۇلمايمەن!

ئىمىن: قوشۇلۇش ـ قوشۇلماسلىق ئۆز ئىختىيارىڭىز، لېكىن قىلىنغان قارارنى ئىجرا قىلماسلىق ئىختىيارىڭىز ئەمەس!

سايىم: جۆيلىمەڭ، ئىمىن شۇجى!

ئەنبەرنىسا: ئىممىنجان، سىلە كىم، بۇ كىشى كىم؟ شەيتانلىرى ساشەجاڭنى كىچىك كۆرسىتىۋاتامدۇ نىمە!؟ ئويناپ سۆزلىسىمۇ ئويلاۋراق سۆزلىسىلە جۇمۇ! ...

هاشىم: (ئاچچىق بىلەن) سىلىگە نىمە گەپ ئەنبەرنىسا خان؟! ۋىتۋالاقىنىڭ ئۆپكىسىنى يىگەن بولسىلىرىمۇ ئاغزىلىرىنى بىردەم يۇمۇۋالسىلا!

[هايىسخان ناخشا ئېيتىپ كىرىپ كېلىدۇ.]

هايىسخان: (ناخشا):

تەشنا بولدۇق زەم - زەمگە،
تامچە - تامچە شەبنەمگە.
بىزنى سالغان كىم زادى،
بۇ ئازاپقا، بۇ دەرتكە!

غولتوغراقنىڭ سۈيىنى،
كىمگە ساتتىڭىز شەجاڭ.
شۇنچە قىيناپ بۇ جاننى،
نىمە تاپتىڭىز شەجاڭ!

سايىم: جۆيلىمەڭ!

هايىسخان: پىكىر بەرسىمۇ جۆيلۈش بولامدۇ، شەجاڭ؟ مېنىڭ ئۆزلىرىگە ئىككى ئېغىز گېپىم تۇرىدۇ.

سايىم: خوش، قانداق گەپ؟!

هايىسخان: يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى تاشقا تېگىپتۇ دىگەندەك، هۆددىگەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئاغزىمىز ئاشقا تېگەي دىگەندە، بۇرنىمىزنى قاناتقىلى تۇرۇۋىتىلىغۇ؟!

سايىم: قالايمىقان جۆيلىۋەرمەڭ هايىسخان!

هايىسخان: (پەسەن قىلماي) مانا ئەمدى ئېرىنمەي ئەمگەك قىلسا، يېلىنماي قوساق تويىدىغان كۈنلەر كەلدى دەپ خوشال بولۇپ، هۆددىگە ئالغان يېرىمگە جان تىكىپ ئىشلەۋاتسام، تاقاق ئۈستىگە مىنىۋېلىپ سۇ بىرىشمىدىلە! مىڭىر جاپادا تېرىغان بۇغدايلىرىم گەجگى سۈيىگىمۇ قانغىنى يوق. هوسۇل ئالالمىسام دادۇيگە نىمە دەيمەن؟! ئاتىسىز يېتىم باللىرىم بىلەن نىمە يەيمەن؟! غولتوغراقلىقتا سۇ بىرىشمەدىلا ياكى قان قىلىپ قۇرۇتۇپ يىيىشمەدىلا؟! بولمىسا مەن بىلەن بىللە مېڭىشسىلا، دادىغا بىرىپ سۆزلىشىمىز!؟

سايىم: جۆيلىمەڭ! نىماانداق تىلى زەهەر خوتۇن ماۋۇ! (ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ) ئۆتكەنكىدەك ۋاقىتلار بولىدىغان بولسا، هەي!... ئىككى ئېغىز گەپ بىلەنلا ئۆز جايىدا زاكىداپ قوياتتىم - دە!

هايىسخان: هە، شەجاڭ گەپ قىلسىلا، سۇ بېرىشەملا - بىرىشمەملا؟!

سايىم: (بىزار بولۇپ) مەن سۇ كادىرى ئەمەس، مىراپ ئەمەس!

هايىسخان: ئۇنداق بولسا سۇ كادىرىغا دىسەك بولارمۇ؟ (ئىسمايىلغا) هوي يوغان سۇ كادىرى، كاتتا مىراپ، ئەمدى نىمە دەيسەن؟ سۇ بىرەمسەن - بەرمەمسە؟!

ئىسمايىل: (ئارسالدا بولۇپ) شەجاڭ؟...
سايىم: غولتوغراققا سۇ بەرمە، دېدىمۇ مەن ساڭا!؟
ئىسمايىل: ئېچىۋېتەيمۇ ئەممىسە؟
سايىم: (دەرغەزەپلىنىپ) نىمە قىلساڭ قىلمامسەن!
ئىسمايىل: مانا ئەممىسە! (تاقاقنى ئاچىدۇ، سۇ غولتوغراق تەرەپكە راسا لۆمشۈپ ئاقىدۇ.)
هاشىم: ئىسمايىل ئاخۇن، يەنە ئېتىۋالمىغىن جۇمۇ. خوش شەجاڭ، يۈرسىلە هايىسخان.
[هايىسخان، ئىمىن، هاشىملار چىقىپ كېتىدۇ.]
سايىم: (ئىسمايىلغا دوق قىلىپ) هۇ ياردىماس لاتا قاسقاس!
ئىسمايىل: ئۆزلىرى بوشاپ كەتكەن تۇرسىلىرى ... شەجاڭ ...
سايىم: جۆيلىمە!
ئىسمايىل: شەجاڭ، مەندىمۇ نىمە ئامال؟
سايىم: كۆزۈمدىن يوتكىنە پۆپۈچەك!
[ئىسمايىل چىقىپ كېتىدۇ.]
سايىم: نىمانچە ئۆكتەم بولۇپ كېتىدىغاندۇ بۇ خەق! هەي ... گۈگۈشىي ئەزاسى دىگەنمۇ بىر بۇزۇق هارۋا! ئۈچ كۈندە بىر ئوگشاپ تۇرمىساڭ ئەيۋاشقا كەلمەيدۇ. لېكىن تۇراپ شۇجى بۇلارنىڭ دىمىغىنى ئۆستۈرۈپ، تاپتىن چىقىرىۋەتتى! مانا قاراڭ، ئىمىن دىگەن تۇنۇگۈنكى خام سويمىنىڭ هالىنى!
ئەنبەرنىسا: غوجا تېمىغا يۆلىنىدۇ - دە!
سايىم: غوجا تېمى ئاشۇ تۇراپقۇ! ئۇنىڭ قانچىلىك كارامىتى باركەن!؟
ئەنبەرنىسا: هەي، سا شەجاڭ، تېخى بىلمەملا، ئۇلار شەمەر سىجاڭ بىلەن قۇدا بولماقچى؟ توقمىغىڭ كۈچلۈك بولسا، كىگىز قوزۇقمۇ يەرگە ئولتۇرىدۇ - دە!
سايىم: نىمە؟ كىم - كىم بىلەن قۇدا بولماقچى دىدىڭىز؟
ئەنبەرنىسا: شەمەر سىجاڭنىڭ ئوغلى تۆرەمگە تۇراپ شۇجىنىڭ قىزى مايسەمنى جۈپلىمەكچى!
سايىم: (چۆچۈپ) هە؟! مۇنداق دەڭ! (ئۇيان - بۇيان ماڭىدۇ) شەمەر سىجاڭ بىزنىڭ يازغان خەتلىرىمىزدىن تۇراپ شۇجىنىڭ ئەهۋالىنى بىلگەندۇ، تېخى بىلمىگەن بولسا يەنە بىلدۈرىمىز. كېيىنكى ئىشنى شۇ چاغدا كۆرەرمىز، ئەنبەرنىساخان! ...
ئەنبەرنىسا: شۇنداق ساشەجاڭ! ...
[چىراق ئۆچۈپ، پەردە تېز يېپىلىدۇ.]

## ئۈچىنچى كۆرۈنۈش

ۋاقتى: ئالدىنقى كۆرۈشتىن بىر نەچچە كۈن كېيىن، ئەتىگەن.
[سەھنە تۈزۈلۈشى: ئىككىنچى كۆرۈنۈشكە ئوخشايدۇ. قاپقا ئۈستىدە تۇرغان ئىسمايىل، ئۇنىڭ قولىنى سايىۋەن قىلغان هالدا غولتوغراق تەرەپكە هەۋەس بىلەن تىكىلىپ، زوق بىلەن ناخشا تىڭشاۋاتقان هالدا پەردە ئېچىلىدۇ.]

(ناخشا):

كۆكتە قۇرغۇي پەرۋازى، ئەندى كەلدى دېخاننىڭ،
داغدا بۇلبۇل ئاۋازى. بەختىيار باھار - يازى.
ئىشلەپ ھۆرياشا،
زامان كەڭتاشا!

ئىسمايىل: (ھاياجانلىنىپ) ۋاھ، نىمە دېگەن چوڭ ئۆزگىرىش بۇ!؟ (غولتوغراق تەرەپكە قاراپ) بۇرۇن ھەممىمىز غولتوغراقتا پاقا كۇكىرايدۇ دەيتتۇق. ئەمدى قارىسام، پاقا ئەمەس، راستىنلا تۇلپار كىشنەپتۇ. توۋا! ... بىر دادۇيدە ھايات شۇ قەدەر جۇشقۇن. (ھۆلتوغراق تەرەپكە قاراپ) بىر دادۇي تېخىچە بۇرۇختۇم! (يەنە غولتوغراققا قاراپ) بىر دادۇيدىكىلەر چاڭ كەلتۇرۇپ ناخشا توۋلاپ، خان - غوجامدەك ئىشلەۋاتقان، (ھۆلتوغراققا قاراپ) بىر دادۇيدىكىلەر قۇلاقىنى يارغىدەك داڭ چالسىمۇ، يۆگەي قۇرۇتتەك تۈگۈلۈپ، تۇزۇككىنە ئىشقا چىقمايۋاتقان! توۋا! توۋا! ... مانا ئەمىسە، غولتوغراقنىڭ سۈيىنى بىر ئۇلغايتىۋېتەي! (تاقاقنى يەنىمۇ ئىگىزرەك كۆتىرىۋېتىپ) ئاقە، غولتوغراقنىڭ خوشلۇغىغا خوشلۇق قوشۇپ ئاق! ئاقە، قىن - قىنىغا پاتمايۋاتقان غولتوغراقلىقتەك قاشتىن ئېشىپ ئاق!

[غولتوغراقلىق ئۈچ دېخان كەتمەن، تاغار، سېۋەتلىرىنى كۆتىرىپ كىرىپ كېلىدۇ.]

دېخان A: قېنى، مۇشۇ يەردە ئازراق ئارام ئالايلى، (ئىسمايىلغا قاراپ) ئىسمايىل ئاخۇن، سۈيۈڭگە بەرىكەت بەرسۇن، ئېتىزلىرىمىزنى چىلىق - چىلىق قىلىۋەتتىڭ.

ئىسمايىل: (قايقا ئۈستىدىن چۈشۈپ) ھارماڭلا تۇققانلار، ناخشاڭلارغا كۆز تەگمىسۇن، قارىسام كانىيىڭلار خېلى ياغلىشىپ قالغاندەك قىلىدۇ.

دېخان A: خۇداغا شۈكرى، ئىسمايىل مىراپ، مانا ئەمدى نان - نانچە تېتىۋاتىدۇ، ئاشمۇ ئاشچە تېتىۋاتىدۇ، بېشىمىزنى سىلا مىراپ، دېخانغا خەيرى قىلغان قولۇڭنى خۇدايىم سەككىز جەننەتكە سالغاي ...

دېخان B: (دېخان A غا) قاسىم ئاكا، كىچىك تىللىرىڭ چىقىپ، بۇلبۇلدەك سايرايدىغان بوپسەنغۇ؟!

ددخان C: يېقىنىنىڭياغى قاسىمكامنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشىمۇ باشقىچە، بويىمۇ بىر غېرىچ ئۆسكەندەك قىلىدۇ، بەش ئوپپۇسقا يەتتە مو يەر ئالدى، ئەگەر يەنە بىر قېتىم يەر ئىسلاھاتى بولۇپ قالسا، ئالدى بىلەن قاسىمكامنى پومىششىك چىقىرىمىز - دە!
(كۈلكە)

دېخان A: خۇدايىم بىزگە ئۇكۇنلەرنى كۆرسەتمەس، ئاتا - ئانىمىز: ئەخلەتىڭلار ئالتۇن، كۈلۈڭلار كۈمۈش بولسۇن، دەپ دۇئا قىپتىكەن. مانا شۇ دۇئانىڭ بەركاتى بىلەن خۇداغا شۈكرى، ئايىغىمىزدىن ئەمدى شامال ئۆتۈشكە باشلىدى ... ...

دېخان A: بىز سايرىماي كىم سايرايدۇ ئۇكام، بىزنى مۇشۇنداق سايراتقان تۇراپ شۇجىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي! خۇدايىم ئۇنىڭغا كۆز تەگمىسۇن!

دىخان C: رەدنامە ئوقۇتۇپ، بوينىغا تۇمار ئېسىپ قويايلى ...
[يۈك - تاقا كۆتەرگەن بەختى ئالا - تاغىل ناخشا ئوقۇپ كىرىدۇ.]

بەختى: ئەجەپ بىر زامان بولدى،
ئالەم ئۆزگىلەي دەيدۇ.

(دىخانلارنى كۆرۈپ ناخشىسىنى داۋاملاشتۇرالماي توختاپ قالىدۇ.)

دىخان B: (تەنە بىلەن) بەختى، ناخشاڭنى ئوقىۋە، لېكىن بەك كۆچەپ كەتمە، ياغلىرىڭ چاي-
قىلىپ كەتمىسۇن يەنە!
[كۆپچىلىك كىنايىلىك كۈلۈشىدۇ.]

بەختى: (دومسۇيۇپ) ئوقۇسام - ئوقۇمىسام ئىختىيارىم، سەن باج ئالامتىڭ؟!

ئىسمايىل: (دىخان Bنى جىملەپ) بەختى، يۈك كۆتىرىۋاپسەنغۇ، نەگە ماڭدىڭ؟

بەختى: (بويىنىنى قېقىپ) خۆلتوغراققا كۆچتۈم.

دىخان A: ئۇ يەردە نىمە ئىش قىلىسەن؟

بەختى: يۆتكەلدىم، گۇڭشېنىڭ ھەممە يېرى بىزدەك ياللانمىلارنىڭ ئۆز ئائىلىسى، ئورنۇم
نەدە ئىسسىسا شۇ يەردە تۇرىمەن، قانداق؟

دىخان B: ئورنۇڭ ئىسسىمىسا ئۇنىغا تەگ، دىگەننى ئوبدان بىلىدىكەنسەندە! بارغىن، يول بول-
سۇن، پەيغەمبىرىم يار بولسۇن!

دىخان C: بەختى، بىزمۇ قوينىڭ دۈمبىسىگە تورغاي چاڭگا سالىدىغان ياخشى كۈنلەرنى كۆرە-
دىغان ئوخشايمىز. ئەمدى سەنمۇ كەكلىكتەك كۆچۈپ يۈرمەي، ئۆز ئورنۇڭدا ئىشقا
قول تىق. «خان غۇجامدىن شە قالدى، ھارۋىكەشتىن تىرتاڭ - تىرت» دىگەندەك،
سېنىڭمۇ غولتوغراقتا نام - نىشانىڭ قالسۇن!

دىخان B: (تەنە بىلەن)ئەمەتبايىنىمە دەۋاتىسەن،بەختى كاپالەتنىڭغولتوغراقتانام - نىشانى تۇگۈل،
ئۆچمەس تارىخى تۆھپىسى قالدى، بىر تۆمۈر كانايىنى ئۇپراتماق ئاسان گەپمۇ؟!
شۇنداقمۇ بەختى؟

بەختى: (ئۆزىچە كۆرەڭلەيدۇ) شۇنداق، ئون يىل تۆمۈركاناي بىلەن ھەپىلىشىپ يولداشلارنى
سەپەرۋەر قىلدىم، يۇرتداشلارنىڭ بۇ تۆھپەمنى ئەسلىگىنىگە رەھمەت! لېكىن ... (مەيۈس-
لىنىدۇ) ئۇ ئىشلارغا غولتوغراقتا ئەمدى ئورۇن قالمىدى، غولتوغراقنىڭ ئىشلىرى تاپ-
تىن چىقتى ...

دىخان A: (بىر ئاز چىچىلىپ) بەختى، نىمە دەۋاتىسەن؟ غولتوغراقنىڭ ئىشلىرى تاپتىن چىققىنى
يوق، تېخى ئەمدى تاپقا چۈشتى. بىلەمسەن، يەر ئىسلاھاتىدا يورۇقلۇققا چىققان ئى-
دۇق، ئەمدى ئىسسىقلىققا چىقتۇق.

دىخان B: بىلىپ قويغىن بەختى، سېنىڭ كارنىيىڭدىن قۇتۇلۇپ ياخشى بولدى، بولمىسا مەڭگۈ
روناق تاپالمايتۇق. مۇشۇنداق يېڭى سىياسەتنى تۈزۈپ، ئوبدان چارىنى تاپقان

شۇجىمىزنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن!

[ئىسمايىل بىلەن دېخان C بەختىنى ئىما قىلىپ كۇسۇرلىشىپ چىرايلىرىنى پۈرۈشىدۇ.]

دېخان A: بۇنداق سىياسەت يەنە 4 — 5 يىل يولغا قويۇلىدىغان بولسا، بىز قېرىلارمۇ باشلىق- لارغا ئوخشاش كىچىك پوكىكا ئالمىساقمۇ، «سوپەك» تىن بىرنى ئېلىپ، ئىش - كۈش قىلالايتتۇق ...

بەختى: (ئالاق - جالاق بولۇپ) سىلەرنىمە ... نىمە دەۋاتىسلەر؟ جۆيلىمەڭلار! ... ئۇيۇل- تاشتەك كوللىكتىپنى ... ھىم قۇمدەك چېچىپ ... (خۇددى باشلىقلاردەك ئۇياق - بۇ- ياققا مېڭىپ، گەپنى ئۈزۈپ - ئۈزۈپ ئاران تېپىپ سۆزلەيدۇ) پۈتۈن بىر دادۇيىنى يەككىلىككە ... ياق ... ياق ... ھىلىقى يەنىمۇ ئېغىرراق ... ھە، ھىم ھە - ھە، كاپىتالىستىك شىۇجىڭجۇيىغا باشلىدىڭلار ... بىزنىڭ دېخانلىرىمىزنى، يۇرتداشلىرىمىز- نى ئارقىغا سۆرەپ، ھىلىقى ... كونا زامانغا ... ھىلىقى ئۆزى ... كاپىرات بولغان... ھە - ھە، 50 - يىللارغا ئاپىرىپ نىمە قىلماقچىسىلەر؟!

[دېخانلار ئۇنىڭغا قاراپ بىر تەرەپتىن تەئەججۇپلىنىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن مەسخىرى- لىك كۈلىدۇ.]

دېخان B: ھەي بەختى، كىچىك تىللىرىڭ چىقىپ، سەۋىيەڭ خېلى ئۆسۈپ قاپتىغۇ؟

بەختى: (يەنە شۇنداق غادىيىپ) چۈنكى بىز تۇغما كەمبەغەل، بىز بولمىساق ئىنقىلاپ بولمايدۇ - دە!

دېخان C: بىزچۇ، بىز بولمىساق ساڭا قۇتقۇزۇشنى كىم بېرىدۇ، كاپالەتنى كىم بېرىدۇ؟

بەختى: (پەرۋاسىزلا) پارتىيە، ھۆكۈمەت!

دېخان B: بەختى، بىزنىڭ نىمە قىلماقچى ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ قوي، قوساق تويغۇزالمىغان 70 - يىللاردىن قوساق تويغان 50 - يىللارغا بارىمىز! قانداق؟

بەختى: (قاتتىق چۆچۈپ) نىمە - نىمە؟! جۆيلىمە! سېنىڭ بۇ سۆزۈڭنىڭ ھەنىۋاسى قارا گەپ! ... ھىلىقى ...ھە - ھە، ئۇلۇغ سوتسىيالىزىمغا قىلىنغان ھاقارەت! مەن بۇنى دەرھال يېزىپ باشلىققا يەتكۈزىمەن!

[بەختى يېنىدىن بىر دانە سوكال قېرىنداش بىلەن كىچىككىنە كونا خاتىرىنى ئالىدۇ ۋە شۇ يەردىلا يەكتىز بولۇپ ئولتۇرۇپ، ئاللى نىملەرنى جىجىلاشقا باشلايدۇ، دې- خان B بەخرامان ھالدا كۈلۈپ تۇرىدۇ.]

بەختى: يەنە بىردە، نىمە دىدىڭ، ھە، ھىم ... توختاپتۇر، ئىت كاللاڭنى تاغدەك قىلىپ ... (بىردىنلا تاماشىبىنلارغا قاراپ) يولداشلار، ئاڭلىدىڭلار - ھە، مانا، غولتوغراقنى قو- يۇپ بېرىۋىدى، كونا توقوناق،ئەسكى مازلارنىڭ ھەممىسى چۇۋۇلۇپ چىققىلى تۇر- دى. ھەممىمىز گۇۋا! ھەي - ھەي ... ماڭا ئوخشاش كەمبەغەل، ياللانمىلار پۇت تىرەپ تۇرمىسا، گۇڭشېنىڭ داش قازىنىغا مانا شۇنداق مىتە چۈشىدۇ - دە! مىتە ...

[شۇ چاغدا يىراقتىن كىچىك ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، ھەممەيلەن قۇلاق- لىرىنى دىڭ قىلىپ يولغا قارايدۇ.)

ئىسمايىل: (قاپقا ئۇستىگە چىقىپ، قولىنى سايىۋەن قىلىپ قاراپ) ھوي، قوڭغاز ماشىنا كېلىۋاتىدىغۇ!

دىخان A: (بويۇنداپ) راس، قوڭغاز ماشىنا ئىكەن، ئىس چىقىۋاتىدۇ ...

ئىسمايىل: ھەي ... ئۇنىڭ كېلىشى بىكار ئەمەس! ...

بەختى: (خوشاللىنىپ) مەن دېمىدىمىمۇ، قاراپ تۇرۇڭلار، ئىس چىققان يەردىن چوقۇم ئوت چىقىدۇ! ...

دىخان B: (بەختىگە) ئالدىراپ خوشال بولما، ئوت چىقسا نىمە بوپتۇ! بەك ئىسسىپ كەتكەن ھاۋانىڭ يامغۇرىمۇ بار تېخى!؟ ...

[ئۈچەيلەن يىراققا قاراپ ھەيران بولىدۇ، دىخان B بىلەن بەختى بىر - بىرىگە قاراپ ھۈرپىيىدۇ. سەھنە ئاستا - ئاستا قاراڭغۇلىشىپ، پەردە تېز يېپىلىدۇ.]

## تۆتىنچى كۆرۈنۈش

ۋاقتى: ئالدىنقى كۆرۈنۈشتىن بىرنەچچە كۈن كېيىن ئەتىگەن.

ئورنى: شەمەر سىجاڭنىڭ ئازادە ھويلىسى.

سەھنە تۈزۈلۈشى: ھويلىدا گۈللۈك بولۇپ، كۆرۈنەرلىك جايغا قەپەز ئېسىلغان، پاكار يۇمۇلاق شىرەگە نان، قەن - گېزەك تىزىلغان. شەمەر چاپىنىنى يېپىنچاقلىغان پېتى قەپەزنىڭ ئالدىدا قۇشلارغا قاراپ تاڭ قېتىپ تۇرىدۇ، ئاندىن كېيىن خىيالچان ھالدا ئۇيان - بۇيان ماڭىدۇ، تۇرۇپ - تۇرۇپ: «ھەي! ...» دەپ خۇرسىنىپ باش سىلكىيدۇ.

مارىخان: (چەينەك كۆتىرىپ چىقىپ، شىرەگە يېقىنلىشىدۇ) دادىسى ناشتا قىلىۋالسىلا.

شەمەر: تاماققا ھىچ كۆڭلۈم تارتمايدۇ.

مارىخان: نىمە بوللا، بىر نەچچە كۈندىن بېرى گاراڭدەكلا بولۇپ قاللىغۇ؟

شەمەر: گەپ تولا ... (قولىنى سىلكىپ يەنە ئۇياق - بۇياققا ماڭىدۇ ۋە بىر ئازدىن كېيىن) قىسقىسى، سەن ئەندى تۇراپ بىلەن قۇدا بولىمىز دېگەننى كاللاڭدىن چىقىرىۋەت! ئوغلىمىزنىڭ ئوقۇشى پۈتۈپ كەلگەندە، شەھەردىن قىزلارنىڭ خوۋەينىسىدىن تېپىپ ئەپ بېرىمىز.

مارىخان: (كۆڭلى بۇزۇلۇپ) ئۆزىمىز لەۋزى قىلغان ئىشنى ئەندى مۇشۇنداقلا بولدى قىلساق، ئۇلارغا ئازار بولمامدۇ؟!

شەمەر: (بىر ئاز چېچىلىپ) مەن ساڭا ئېيتتىمغۇ، لەۋزى قىلغانلىق پەتتە ئېلىپ، نىكا ئوقۇتقانلىق ئەمەس. بۇ ئىشتا بىزنىڭ سەۋەنلىگىمىز يوق، تۇراپ خاتالاشتى، خاتالىق ئۇستىگە تېخى جاھىللىق قىلىۋاتىدۇ! ئەندى ئۇنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىت يوق!

مارىخان: ئۆزلىرى بىلىلا، ئوغلىمىز بىلەن مايسەم بىر - بىرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ، ئۇ ئىش بىلەن بۇ ئىشنى چاتساق باللارغا ئوۋال بولمىسۇن!

شەمەر: بولدى، تولا گىجگىلىق قىلما! ھازىر چۈشەنمىسەڭ، كېيىن چۈشىنىپ قالىسەن! ...
[كاتىپ كىرىدۇ.]

كاتىپ: (ماتىرىيال سومكىسىدىن بىر نەچچە پارچە خەتنى ئېلىپ شەمەرگە بېرىپ) ئۆزلىرىگە
خەت.

مارىخان: نىمانچە ـجىق خەت بۇ، نەدىن كەپتۇ؟

شەمەر: (بىر ـ بىرلەپ قاراپ) غولتوغراق، ھۆلتوغراق، قوش ئېرىق، جەگەتال ... (قاپىغى-
نى تۈرىدۇ) يەنە شۇ خەتلەر! ...

كاتىپ: باشقا ئىش يوقتۇ؟ مەن چىقاي. (خوشلىشىپ چىقىپ كېتىدۇ.)

شەمەر: (كۆزەينىكىنى تاقاپ خەتلەرنى ئالدىراش ئوقۇيدۇ، مارىخان يېنىدا تۇرۇپ
بويۇندايدۇ.)

«غولتوغراقتا قوزغالغان يەككىلىك شاملى دادۇيىمىز تۈمەنتالنى تەۋرەتمەكتە! ..
ئەزالار غ‍ِولتوغراقلىقلارنى ئەگىشىپ مېڭىش غاۋغاسىنى قىلىۋاتىدۇ ... دادۇينى باشقۇ-
رۇشقا ئامالسىز قالدۇق! ... (شەمەر قولىدىكى خەتنى شىرەگە تاشلاپ قويۇپ، ئىك-
كىنچى خەتنى يىرتىپ ئوقۇيدۇ.) «ھۆرمەتلىك شەمەرىسجاڭ! بىر چاغىدلاردا ئۆزلىرى
ياشاپ قان ـ تەرلىرى تۆكۈلگەن بۇ قەدىناس زېمىندا ھازىر سوتسىيالىزىم بىناسى-
نىڭ ھۇلى كولىنىپ، يەككىلىكنىڭ ئېزىتقۇ شاملى گۈكىرەۋاتىدۇ، تۇراپ شۇجى
ئۆتكەندە بىر دادۇيدە ئۆزى باش بولۇپ، كوللىكتىپنىڭ يەرلىرىنى «ھۆددە» دې-
گەن نام بىلەن دىخانلارغا بۆلۈپ بەرگەن ئىدى، مانا، ئۈچ كۈن بۇرۇن يەنە ئىك-
كى دادۇينىڭ يېرىنى بۆلۈپ بەردى. ئەگەر رەھبەرلىك دەرھال تەدبىر قوللانمىسا
ئۇزۇنغا قالماي پۈتۈن گۆكشېنىڭ يېرى تالان ـ تاراج بولۇپ كەتكۈسى! ...»

مارىخان: (بىر ئاز ئەندىكىپ) قانداق ئادەم يازغاندۇ بۇنى! ئاستىغا بىر قاراپ باقسىلا؟

شەمەر: (خەتنىڭ ئاخىرىغا قاراپ) سايىم ئىكەن.

مارىخان: (ئويلىنىپ) سايىم؟

شەمەر: ھە، ئېسىڭگە كەلگەندۇ، ھىلىقى سايىم گۇمبەز دېگەن شەجاڭ.

مارىخان: (توساتتىن) بۇ ئادەمنىڭ تۇراپ شۇجىغا خۇشۇمىتى يوقتۇ؟
[بەختى رۇخسەتسىزلا كىرىپ كېلىدۇ.]



بەختى: (يەككەتىزلىنىپ) يۇرتىمىزنىڭ سەردا-
رى ئاتا، بىز دەك كەمبەغەللەرنىڭ غەم-
گۇزارى ئاتا، بېشىمىزنى يەنە بىر
سىلىسىلا شاپەئەتچى ئاتا! ...

شەمەر: بەختى، نىمە قىلغىنىڭ بۇ؟ تۇرە
ئورنۇڭدىن، ئولتۇرۇپ سۆزلە.

بەختى: ئاياقلىرىغا تاۋاپ قىلىپ،مۇشۇ يەر-
دە ئولتۇرۇۋېرەي. سىجاڭ ئاتا! ...

مارىحان: بەختى، نىمە قىلغىنىڭ بۇ؟ ئورۇن-
دۇقتا ئولتۇرۇپ سۆزلە.

شەمەر: (بەختى ئورونۇدۇققا ئولتارغاندىن كېيىن) ھە، غولتوغراقتا نىمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ؟

بەختى: سىجاك ئاتا، ئۆزلىرى بىلىلا، مەن بىر تۇغما كەمبەغەل ...

شەمەر: بىلىمەن، راستىنلا تۇغما كەمبەغەلسەن ...

بەختى: ئۆزلىرى بىلىلا سىجاك ئاتا، يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا دادام رەھمەتى يېڭى يەر خېتىنى قولىغا ئېلىپلا خوشلىغىدىن يۈرىگى يېرىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن...

مارىخان: ئادەمنىڭ يۈرىگىنى ئەزمەي يېڭى گەپنى قىلغىنا!

بەختى: ماقۇل، مارىخان ئاچا، يېڭى گەپنى قىلاي، ئۆزلىرى بىلىلا، دۇئاگۆي ئانام كوممۇنا ئاشخانىسى قۇرۇلغان چاغدا ئىچى ئارتىپ ئۆلۈپ كەتكەن ...

شەمەر: شۇنداق، ئۇنى بىلىمىز، يېڭىراق گېپىڭ يوقمۇ؟

بەختى: راس، ئۇنى ئۆزلىرى بىلىلا، سىجاك ئاتا، مەن ئۆزلىرىنىڭ ئاتىدارچىلىغى بىلەن چوڭ بولدۇم. سىلىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىغا ئايەت - پايەت بىلگەن بولسام، ئۆمۈرۋايەت پەشلىرىدە ناماز ئوقۇيتتىم ...

شەمەر: (تاماقەتسىزلىنىپ) دەپباقە، تۇراپ شۇجى نىمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟!

بەختى: ئۆزلىرى بىلىلا سىجاك ئاتا، تۇراپ شۇجىيەككە دىخاننىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ يۈرىدۇ، مانا بىزدەك گۆكشىنى قۇرغان تۇغما كەمبەغەللەر دەرت - ئەلەمگە چىدىماي بۇقۇلداپ، يۈرۈيدۇ! ...

شەمەر: بىرەر پاكىتلىق گەپنى قىلغىنا!

بەختى: بىرەر پاكىتلىق گەپنى قىلسام سىجاك ئاتا، «ھۆددىگەرلىك» دىگەن بىر نىمە يولغا قويۇلغاندىن بۇيان ... ھە، پاكىتلىق گەپ ... (تۇرۇپ قېلىپ) توغرا - توغرا، كەپتاۋاز مۇسا شالغۇتنى ئۆزلىرى بىلىلا سىجاك ئاتا؟

مارىخان: ھە، ھىلىقى رەمەتلىك ئەيسا شالغۇتنىڭ ئوغلى.

بەختى: شۇنداق - شۇنداق ... (بىخىرامان ھالدا نان تۇگۇرۇپ چاي ئىچىشكە باشلايدۇ.)

شەمەر: ھە، مۇسا شالغۇت نىمە بولدى؟

بەختى: قارىماملا سىجاك ئاتا، ئاشۇ كەپتەرۋاز مۇسا شالغۇت پۈتۈن كەپتەلىرىنىڭ بىردىنىمۇ قويماي سېتىۋەتتى، ئاسماننىڭ قەھرىگە چىقىۋېلىپ پىر - پىر موللاق ئاتىدىغان ھەر ئويانچىلىرى بار ئىدى دىسىلە، قارا كۆز ئالا قاغا، تۇمشۇقلۇق چېكەن، ياپما سىيا پەلەك ...

شەمەر: بولدى، بولدى، سېتىپ نىمە قىلدى؟

بەختى: بىر كۆك قاشقا ھاڭگا سېتىۋالدى دىسىلە، تېخى ھارۋىمۇ سېتىۋېلىپ نەندى باي بولىمەن، دەپ يۈرۈيدۇ.

شەمەر: يەنىچۇ؟

بەختى: يەنە يەنە، ھە، ھىلىقى توختى ساياق دىگەن چار بازارچى تېخى نىمە دەيدۇ، دىمەيلا، ئاللا، ئاغزىمغا ئېلىشتىن قورقىمەن،

شەمەر: (ئالدىراپ) نىمە دىدى، دەۋەرگىن!

بەختى: (تۆت تەرىپىگە قارىۋېلىپ) نىمە دەيدۇ دىسىلە سىجاڭ ئاتا، تەپ تارتماستىن، قوساق تويغۇزالمىغان 70 - يىللاردىن قوساق تويىدىغان 50 - يىللارغا قايتىمىز، دەيدۇ... يائاللا، بۇلارنىڭ ئاغزى قارا بالا ئىكەن! ... يەنە ھىلىقى، بىر ئېغىز گەپ بىلەن بۇقىنى بوغاز قىلىدىغان ھايسىغان قوشاقنىمۇ بىلىدىغانلا ... ئۇنىڭ ئوقۇۋاتقان ناخشىلىرىنى دىمەيلا! (ئوقۇيدۇ):

«خاڭدەن تاۋار كەي دەيسەن،
تاۋار ئەمەس بۆز نەدە؟ ...»

[دەل شۇ چاغدا تېلېفون جىرىڭلايدۇ.]

شەمەر: (تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىپ) ھە، مەن، نىمە، قانلىق ۋەقە؟

مارىخان: (ئەندىكىپ) ۋىيەي يەنە نىمە ئىشتۇ؟!

شەمەر: ھە، ئاڭلاۋاتىمەن، ماقۇل باراي. (تۇرۇپكىنى قويۇپ) بەختى، غولتۇغراقلىق بىلەن ھۆلتوغراقلىق ئوتتۇرىسىدا قانلىق ۋەقە بوپتىغۇ؟!

بەختى: بولدى سىجاڭ ئاتا، قاتتىق بولدى! ئون - ئونبەش ئادەم يارىدار بولۇپ، ئۆلۈم پىششىغى چىقاي دىدى دىسىلە.

شەمەر: باياتىن بېرى نىمىشقا دىمىدىڭ؟!

بەختى: ئۆزلىرى بىلىلا سىجاڭ ئاتا، گەپ دىگەننى بىر باشتىن دىمىسە بولامدۇ؟ تېخى ئەندىلا ئانامنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن يېرىگە كەلگەن تۇرسام ... ئەندى سۆزلەي ...

شەمەر: بولدى، كېيىن سۆزلە! سەن ئولتۇرۇپ تۇر، مېنى جاڭ شۇجى چاقىرىۋاتىدۇ، يەنە شۇ سىلەرنىڭ گۇڭشېنىڭ گېپى، چىقىپ كىرەي. (ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.)

بەختى: (قەپەزنىڭ يېنىغا كېلىپ سايراۋاتقان قۇشقا ھەۋەسلىنىدۇ) ۋاھ، ئەجەپ سايرايدىكىنە بۇ جانۋار، ماڭىمۇ بىرنى بەرگەن بولسا ... (ئۆيىدىن چاپىنىنى كىيىپ چىققان شەمەرگە قاراپ) سىجاڭ ئاتا، مەنمۇ سىلى بىلەن بىللە كېتىۋالاي ...

شەمەر: كەچلەپ كەتمەمسەن؟

بەختى: خوش، خوش، تۇراپ شۇجى بىلەن ئىمىن كۇلانىڭ سورىغىغا قالماي يەنە.

مارىخان: مەزەگە باقمىدىڭ، مە، نان دىگەن ھەمرا، ئېلىۋال. (ئىككى نان بېرىدۇ)

بەختى: (ناننى قوينىغا تىقىپ) رەخمەت مارىخان ئاچا، رەخمەت، بىزدەك تۇغما كەمبەغەللەرنىڭ بەختىگە سىجاڭ ئاتامنىڭ مەرتىۋىسىنى تېخىمۇ ئىگىز قىلىۋېتەر ...

[شەمەر بىلەن بەختى چىقىپ كېتىدۇ.]

مارىخان: (يالغۇز قېلىپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەيدۇ) تۇراپ شۇجى راستىنلا ئايىنىپ كەتكەنمىدۇ؟! غولتوغراقنىڭ سۇۋادانلىرىدەك كۆڭلى توز ئاشۇ ئادەم ئەمدى تۇيۇقسىزلا ئەگرى بولۇپ قالغانمىدۇ؟! ياق! مەن ئىشەنمەيمەن! ... زادى ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ ... (شىرە ئۈستىدە تۇرغان خەتلەرنى پەرۋاسىزلا ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈيدۇ ۋە

بىردىنلا بىر خەتنى ئۇقۇغۇسى كېلىدۇ) ھەممە خەتلەردە بايقىدەكلا گەپلەر يېزىلـ
غانمىدۇ؟ قېنى، بۇنىمۇ بىر ئوقۇپ باقايچۇ.

[مارىخان كونۋېرتنى ئېچىپ قارايدۇ. مىكرافۇندا خەت يازغۇچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.]:

«شەمەر سىجاڭ ئەسسالام، ئۇشبۇ خەتنى يوللىدۇق،
تۇراملا تېچ، شات - خورام. بارالمىغاچ ئۆزىمىز.
تەنلىرىگە سىگەمدۇ، يېڭى ئىشقا ئاتلىنىپ،
دورا - دەرمان، ئاش - تائام؟ ئۇمىتلىنىپ، شاتلىنىپ.

شولكى يۈرەك سۆزىمىز: گەپلىرىنى قىلىشتۇق،
يوللىرىدا كۆزىمىز، ئۆزلىرىنى ياد ئېتىپ.

مارىخان: (توختاپ) كۆڭۈلگە ئارام بېرىدىغان مۇنداق خەتلەرمۇ بار ئىكەنغۇ!

[مىكرافوندا ئىككىنچى بىر خەت يازغۇچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ]:

تۇراپ شۇجى چىن تۆمۈر، سىجاڭ كېلىپ كەتسىلە،
يالقۇنلىغان تاش كۆمۈر. ھالىمىزغا يەتسىلە.
بەرسەم دەيدۇ خەلققە، بويۇنتۇرۇق - كىشەندىن،
نۇر - ھارارەت بىر ئۆمۈر، بىزنى خالاس ئەتسىلە! ...

مارىخان: (رازىمەنلىك بىلەن) ئەجەبمۇ بەلەن يېزىپتۇ بۇ خەتنى! كىم يازغاندۇ؟ (خەتنىڭ ئاخىرىغا قاراپ) ھايىسخان قوشاق، ھاشىم ئاخۇن، نىساخان، تۇردى ساياق، ئىمىن كۇلا ...

[شەمەر كىرىپ كېلىدۇ.]

شەمەر: (مارىخاننىڭ خىيال بىلەن تۇرۇپ قالغان قىياپىتىگە قاراپ) نېمە بولدى؟ چوڭقۇر خىيالغا كېتىپسىلەرغۇ؟

مارىخان: خىيال قىلغىدەك ئىش چىقتى، (خەتنى سۇنۇپ) مانا ماۋۇ خەتكىمۇ قاراپ باقسىلا، تۇراپ شۇجىنى ماختاپتۇ، سىلىنى غولتوغراقتا چىللاپتۇ ...

شەمەر: (قولىنى سىلكىپ) بولدى، ھاجىتى يوق، تۇراپ ئەمدى تۈگەشتى.

مارىخان: (چۆچۈپ) تۈگەشتى؟! (ئاچچىق تەنە بىلەن) ھە! ... قانداق تۈگەشتى؟! ...

شەمەر: ئۇ پارتىيىنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويدى، مېنىڭمۇ ئۈمىدىمنى ئاقلىيالمىدى!

مارىخان: (ئەلەم بىلەن) ياق، مەن ئىشەنمەيمەن، تۇراپ شۇجى ئۇنداق ئادەم ئەمەس! ... زادى ئۇنداق ئادەم ئەمەس! ...

شەمەر: (تېرىكىپ) خوتۇن، سەن ئۇ كونا گەپلەرنى تەگۈەرمە! ھازىر ئۇنىڭ ئاچچىق ئۈچىـ
يىدىكى ئىشلارنى چۈشۈنەمسەن؟! بىلىپ قوي، تۈنۈگۈنكى تۇراپ بۈگۈن يوق!

مارىخان: (ئازاپلىق ھەسسىيات ئىچىدە) ھە، مۇنداق دېسىلە!؟ مەن سىلىنى بۇنچىلىك باغرى تاش دەپ ئويلىماپتىكەنمەن! تۇراپ شۇجى، زورىخان، مايسەملەر بىز ئۈچۈن قانداق ئادەملەر ئىدى؟! شۇلارنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىلىمۇ؟! ئۇلار ... ئۇلار ھېلىقى چاغدا ...

[ئالدى سەھنە بىردىنلا غۇۋالىشىپ، ئارقا سەھنە يورۇيدۇ، يىپىرىسى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ۋەيرانە مېچىتنىڭ سوغ ھەم سۈرلۈك ھوجرىسى نامايان بولىدۇ، «ئىسيان كۆتىرىش يوللۇق» ناخشىسىنىڭ يېقىمسىز مۇزىكىسى ياڭرايدۇ، يامغۇر ئارىلاش بوران گۈكىرەيدۇ. مېچىتنىڭ كۆۋنەرلىك يېرىگە «ھايۋاننىڭ ئەسكىسى ئىشەكتۇر، ئادەمنىڭ ئەسكىسى شەمەردۇر» دېگەن شوئار چاپلانغان. كىيىملىرى ئۇسال، چاچلىرى چۇۋۇق مارىخان بىر دەم تامچە ئۆتكەن يوتقان - كۆرپىلەرنى ئۇياقتىن - بۇياققا يۆتكەيدۇ، بىر دەم ئىڭراپ ياتقان 11 ياشلىق ئوغلى تۆرەمنى باغرىغا بېسىپ پەپىلەيدۇ، بالا تۇرۇپ جۆيلۈيدۇ، تۇرۇپ: «ئانا نان»، «ئانا مۇزلۇدۇم» دەپ زارلىنىدۇ. شۇ چاغدا قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقىغان ئىككى مىنبىڭ شەمەرنى دۈشكەلىگىنىچە سۆرەپ كېلىپ ئۆي ئىچىگە ئىتتىرىۋېتىدۇ، شەمەر داق يەرگە دۈم چۈشىدۇ.]

بىرىنچى مىنبىڭ: جىنايىتىڭنى ئەتە ئەتىگەندە يېزىپ تاپشۇرىسەن، ئۇقتۇڭمۇ؟!

ئىككىنچى مىنبىڭ: ئەتە يەنە جاھىللىق قىلىدىغان بولساڭ، ئىت كاللاڭغا ھېزى بول!

[مىنبىڭلار چىقىپ كېتىدۇ، مارىخان ئېرىنىڭ بېشىدا پەرۋانە بولۇپ كۆز يېشى قىلىدۇ، شەمەر تەسلىكتە ئۆرە بولۇپ ئولتۇرىدۇ.]

تۆرەم: (ئېچىنىشلىق نالە قىلىدۇ) ئاتا ... قوسۇغۇم ... ئاچتى ... نان ... نان ...

مارىخان: (ئۇنى بەزلەپ) تۆرەم! ... تۆرەم ...

شەمەر: (مىسكىن ئاۋازدا) ھېچ نەرسە يوقمۇ؟

مارىخان: (كۆز يېشى قىلىپ) بايا قۇتقۇزۇش ئاشلىقى ئالغىلى بارسام، ئاۋال قەرزىڭنى تۆلە، دەپ قوغلىۋەتتى! سەۋزە، چامغۇرلارمۇ تۈگەپتۇ! ...

شەمەر: (ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ) مەن بىر نەرسە تېپىپ كېلەي ... (سىرتقا ماڭىدۇ)

مارىخان: (ئالدىنى توسۇپ) توختىسىلا، مەن چىقاي ... (ئەسكى بىر خالتىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ.)

[شەمەر يامغۇر تامچىۋاتقان تورۇسقا قاراپ خىيالغا پاتىدۇ، شۇ چاغدا بالىسىنىڭ زارىنى ئاڭلاپ ئۇنى بەزلەيدۇ، پەپىلەيدۇ، بالا پەسلىگەندىن كېيىن، شەمەر مۈڭلۈق، مىسكىن مۇزىكا ساداسى ئىچىدە سەھنىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ.]

شەمەر: (ئۆز - ئۆزىگە) يىگىرمە نەچچە يىل كۈرەش قىلىپ كۆرگەن كۈنۈم شۇمۇ!؟ قالپاق كەيدىم، پارتىيىدىن قوغلاندىم، شەھەردىن ھەيدىلىپ بۇ يەرگە پالاندىم، ئەندى ھېچ يول قالمىغاندەك قىلىدۇ! قوساقنى باقالمىغان بۇنداق جاننىڭ نېمە قىممىتى؟! ئەندى بۇ جاھاندا ياشاشنىڭ نېمە خۇۋلىقى! (ئۆي ئىچىگە ئالاق - جالاق قارايدۇ، ئۇ يەر - بۇ يەرنى ئاختۇرۇپ، تامغا ئېسىقلىق تۇرغان قارا ئاغامچىنى ئېلىپ، بىر ئالدىغا، بىر ئارقىغا قاراپ، قاتتىق روھى ئازاپ ئىچىدە سىرتقا ماڭىدۇ، مىسكىن مۇزىكا ساداسى كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدۇ) تويدۇم بۇ جاندىن، تويدۇم! بۇنداق ياشىغاندىن ئۆلگىنىم تۈزۈك!

Altunoq

(بوسۇغىدىن ئاتلاپ يىراقتىكى بىر تۈپ كاداڭ دەرخكە كۆز تىكىدۇ، شۇ چاغدا بالا يەنە ئىڭرايدۇ،)

تۆرەم: دادا توڭدۇم! ... دادا نان! ...

[شەمەر ئىتتىك ئارقىغا بۇرۇلۇپ بالىسىنىڭ بېشىغا كېلىدۇ، ئاغامچىنى چىڭ سىقىملىغان هالدا ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭىدۇ، مۇزىكا ئەۋجىگە چىقىدۇ، يامغۇرلۇق بورانمۇ كۈچىيىدۇ، شەمەر ئاغامچىنى نەپرەت بىلەن يەرگە تاشلايدۇ.]

شەمەر: (ئازاپ ئىچىدە) مەنغۇ ئۆلۈپ تىنجارمەن! لېكىن بۇ بىگۇنا سەبى بالا بىلەن ئاجىز ئانىسى قانداق قىلار؟! ... (يەنە ئويلىنىپ) هەي! ... زادى قانداق قىلغۇلۇق؟! ياكى بۇ جاننى سىغدۇرغىدەك يەر بولمىسا! ... (ئاغامچىنى يەنە قولىغا ئالىدۇ.)

[دەل شۇ چاغدا قولتۇغىغا تۈگۈنچەك قىستۇرغان تۇراپ كىرىپ كېلىدۇ.]

تۇراپ: (مۇلايىم ئاۋازدا) ئىسمىم تۇراپ، مۇشۇ دادۈينىڭ سېكرېتارى بولىمەن! سىلەرگە بەك ئۇۋال بولدى، مانا بۇنىڭغا ئېغىز تېگىڭلار... (قولىدىكى تۈگۈنچەكنى ئېچىپ، بىر نەچچە قاتلىما بىلەن 3 — 4 ئانار، نەشپۈتنى يايىدۇ ۋە بۇلۇڭدا ئىنجىقلاپ ياتقان تۆرەمنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ) هوي، بۇ بالا قىزىپ كېتىپتىغۇ!؟ دوختۇرغا ئاپىرايلى ...

[شۇ چاغدا مارىخان قۇرۇق خالتىنى سۆرىگىنىچە، ئۈمىتسىزلىك بىلەن ئىلەڭ - سىلەڭ مېڭىپ كىرىپ كېلىدۇ ۋە تۇراپ بىلەن داستىخاندىكى نەرسىلەرنى كۆرۈپ هەم سۆيۈنىدۇ هەم هەيران بولىدۇ.]

تۇراپ: (ئۆي ئىچىگە بىر قۇر قاراپ) هەي! ... بولماپتۇ، سىلەرگە زادىلا بولماپتۇ! يۈرۈڭلار، بىزنىڭ ئۆيگە كېتەيلى، سىغدىشىپ ئولتۇرارمىز! ...

شەمەر: (تەشۋىشلەنگەن هالدا بىردە تۇراپقا، بىردە مارىخانغا قاراپ) رەخمەت سىزگە، مېنىڭ قالپىغىم بار، سىزگە ئاۋارىچىلىق ...

تۇراپ: بۇ گەپنى قويۇڭ! هەممىنى بىلىمەن، هازىر بۇ بالىنى داۋالاپ ساقايتىش هەممىدىن مۇهىم، يۈرۈڭلار، بىللە ماڭايلى!

[تۇراپ چەبدەسلىك بىلەن نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ، ئۇلارنى باشلاپ چىقىپ كېتىدۇ ... ئارقا سەهنە قاراڭغۇلىشىپ ئالدى سەهنە يورۇيدۇ ...]

مارىخان: (ئۇلۇق كىچىك تىنىپ) ئويلاپ باقسىلا، بىز 8 يىل ئاشۇلار بىلەن بىر هويلىدا ئولتۇرۇپ قەدىناس بولدۇق، تۆرەم بىلەن مايسەممۇ قوش مېغىزدەك بىللە چوڭ بولدى. مۇبادا، ئاشۇ كۈنى تۇراپ شۇجى بىزنىڭ بېشىمىزنى سىلىمىغان بولسا، پەلەكنىڭ گەردىشى بىزنى يەنە نەلەرگە ئاپىرىپ تاشلايتتى؟! تۇراپ شۇجى شۇ ئىش ئۈچۈن نەچچە قېتىم سازايى قىلىنىپ، سېكرېتارلىقتىنمۇ ئايرىلىپ قالدى، ئۇنىڭ بىز ئۈچۈن تارتقان دەرت - ئەلىمى ئازمۇ؟! لېكىن سىلى شۇلارنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىلا! ...

[شەمەر ئۇياق - بۇياق ماڭىدۇ، هەركىتى جىددىيلىشىدۇ، چىرايىدىن بىئارامىلىق سېزىلىدۇ، لېكىن يەنە ئاستا - ئاستا ئۆزىنى ئوڭشايدۇ.]

شەمەر: خوتۇن، سەن بۇ ئىشلارغا كۆپ ئارىلاشما! بۇ بىر جىددىي سىياسىي مەسىلە. ئاداش يولى باشقا، ئاياش يولى باشقا دىگەن گەپ بار.

مارىخان: ھەر قانچە بولسىمۇ ۋاپاغا جاپا قىلغىلى بولامدۇ؟! شۇنچە يىللىق ئىخلاس، ئەقىدە نەگە كەتتى؟! ...

شەمەر: (تېرىكىپ) بولدى - بولدى! سەن نىمىنى بىلىسەن؟! ھازىرقى مەسىلە سەن ئويلىغاندەك قانداقتۇر «ئەقىدە»، «ئىخلاس» مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ھەممىمىزنىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك يول ۋە لۇشەن مەسىلىسى! بىلدىڭمۇ؟!

مارىخان: (جىددىي قىياپەتتە تەنە بىلەن) ھە، بىلدىم، ھەممىنى بىلدىم. سىلىمىچۇ، ئۆز ۋاقتىدا ئاشۇنداق يول مەسىلىسى، لۇشەن مەسىلىسى دىگەن گەپلەر بىلەن ئىت ئازاۋىنى تارتقان، شۇ چاغدا سىلىنىڭ باشلىرىنى سىلىغان ئادەم تۇراپ شۇجى ئىدى، ئەندى پەلەكنىڭ چاقى ئايلىنىپ تۇراپ شۇجىغا كەلگەن بولسا بوپتۇ! ... (ئۆكسۈپ يىغلايدۇ) ...

شەمەر: (ئوڭايسىز ھالدا كېكەچلەپ) ئەستاخپىرۇللا! ماۋۇ خوتۇننى!...

مارىخان: (شەمەرگە تىكىلىپ) ھە، مەن نىمە بوپتىمەن! ...

[ئىككىسى بىر - بىرىگە ھەم جىددىي، ھەم مەنىلىك قارايدۇ. چىراق ئۆچۈپ، پەردە تېز يېپىلىدۇ.]

## بەشىنچى كۆرۈنۈش

ۋاقتى: ئالدىنقى كۆرۈنۈشتىن ئىككى كۈن كېيىن.

ئورنى: شەمەرنىڭ ئىشخانىسى.

[سەھنە تۈزۈلۈشى: ئىشخانىغا ئىش ئۈستىلى، ئىشكاپ، بىر جۈپ سافا ۋە بىر كىيىم ئاسقۇچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. يەرگە گىلەم سېلىنغان. كىيىم ئاسقۇچتا شەمەرنىڭ يېپىلىڭ چاپىنى بىلەن شەپكىسى ئېسىلغان. ئىش ئۈستىلىدە تېلېفون بار. شەمەر ئايلانما ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بىر نەرسە يېزىۋاتقان ھالەتتە پەردە ئېچىلىدۇ.]

شەمەر: (ئايلانما ئورۇندۇقنى يېرىم ئايلاندۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭىدۇ ۋە توساتتىن بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك تېلېفون بېرىدۇ) ۋەي - ۋەي ... ئابلا كاتىپما، ھىلىقى خەۋەر بېسىلغان گېزىت تېپىلدىمۇ؟ ... ھە، ناھايىتى ياخشى، دەرھال ماڭا ئەكىرىپ بېرىڭ! ... (چىرايى بىر ئاز ئېچىلىپ، قوللىرىدىن قاس چىقىرىدۇ.)

[ئىشىك يەڭگىل چېكىلىدۇ.]

شەمەر: (ئىشىك تەرەپكە بىر - ئىككى قەدەم مېڭىپ) كىرىڭ.

[كاتىپ كىرىپ گېزىتنى بېرىدۇ ۋە شەمەرنىڭ ئىشارىتى بىلەن چىقىپ كېتىدۇ.]

شەمەر: (گېزىتنى ئۇياق - بۇياق ئۆرۈپ ئاخىرى بىر يەردە توختايدۇ ۋە گىدەيگەن ھالدا ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ) «دۆلەت ئاساس قىلىنغان ئۈچ دەرىجىلىك مۇلۇكچىلىك مۇقىملاش-

تۇرۇلۇشى كېرەك ...» «يەرنى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈۋېتىش، مەھسۇلاتنى گۇرۇپپىلارغا
كۆتۈرە بېرىشتەك خاتالىقلارنى قەتئىي تۈزىتىش كېرەك!» (خۇددى گۆھەر تېپىۋالغان-
دەك قالتىس خۇشاللىنىپ گېزىتنى ئاۋايلاپ قاتلايدۇ) مانا مۇنداق چوڭ كوزۇر تۇر-
غان يەردە، تۇراپ شۇجى «شاھ» دېگەننى دىسەكلا مات بولمامدۇ؟! ... (چىرايى
بىردىن ئۆزگىرىپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەيدۇ) ھەي تۇراپ! ... سەن قايسى ئېزىت-
قۇنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، بۇ خەتەرلىك تۇيۇق يولغا ماڭدىڭ؟! يەنە كېلىپ شەھەر-
نىڭ ئەتراپىدىكى گۇڭشېدا بۇ ئىش يۈز بەرسە - ھە؟! پارتىيە دېھقانلارنى كوللېك-
تىپ يولىغا بەكمۇ تەستە باشلىغان. ھازىر قانداقلا بولسۇن چېكىنىشكە، يەرلەرنى
بۆلۈۋېلىپ يەككە ئىشلەشكە بولمايدۇ، ئۇنداق قىلىنسا يۈز ئۆرۈلۈش، يول خاتالىقى سا-
دىر بولىدۇ، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسكە مۆلچەرلىگۈسىز زىيان يېتىدۇ. ھەي! ...
تۇراپ، ھالبۇكى، سەن شۇلارنى ئۇنتۇپ قالغانسەنمۇ؟! ...
[تېلېفون جىرىڭلايدۇ.]

شەمەر: (بىر قولىدا بېلىنى تىرەپ تۇرۇپكىنى ئالىدۇ) ھە، نېمە گەپ؟ تۇراپ، سايىم؟ ... بولىدۇ، كىرسۇن! ...

[شەمەر ئۆزىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈپ ئورۇندۇقتا قېتىپ ئولتۇرىدۇ، ئىشىك چېكىلىدۇ، ئىشخانىغا تۇراپ بىلەن سايىم كىرىدۇ. تۇراپ ئادەتتىكىدەك سالاملىشىدۇ، سايىم ئېگىلىپ، تازىم قىلىپ ھىجىيىدۇ.]

سايىم: شەمەر سېجاڭ، ئۆزلىرى چاقىرتىپتىكەنلا، ساقلىتىپ قويمىغاندۇق؟

شەمەر: (ئۇلارغىمۇ قارىماستىن، ساپا تەرەپنى ئىشارەت قىلىدۇ) ئولتۇرۇڭلار!

[تۇراپ بىلەن سايىم ئولتۇرىدۇ، شەمەر بىر دەم ئايلانما ئورۇندۇقنى ئۇياق - بۇياققا ئايلاندۇرۇپ، كېيىن ئورنىدىن تۇرىدۇ ۋە سالاپەت بىلەن غادايغان ھالدا ئىشخانىنى بىر ئايلىنىپ، ئاخىرى تۇراپنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختايدۇ.]

شەمەر: (جىددى تەلەپپۇزدا) سىز يولغا قويغان «ئوزۇقلۇق ئېتىزى»، «ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى» دېگەنلەر ئىنتايىن ئېغىر سىياسى ۋەقە يولداش تۇراپ شۇجى! سىز گۇڭشې پارت-كومىنىڭ شۇجىسى تۇرۇقلۇق، قەد كۆتەرگەن دېھقانلارنى زادى قەيەرگە باشلىماقچى؟!

تۇراپ: (خاتىرجەم ھالدا) مەن ئەزەلدىن دېھقانلارنى سوتسىيالىزىمغا باشلاپ ماڭغان، ھېلى ھەممۇ سوتسىيالىزىمنىڭ داغدام يولىغا باشلاپ كېتىۋاتىمەن!

شەمەر: (ھەم جىددى ھەم تەئەددى بىلەن) سوتسىيالىزىمغا؟! (دىمىغىنى قېقىپ) خىڭ! ... ئەگەر بىز سىز باشلىغان بۇ يولغا ماڭىدىغان بولساق ھەممىمىز تۈۋى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كەتمەمدۇق؟! چۈنكى سىزنىڭ قەدەم قويغىنىڭىز يالغۇز لىملىق لىڭ - لىڭ كۆۋرۈك! (شەمەر دەرھال سايىمغا قاراپ) قانداق دىدىم سايىم شەجاڭ؟

سايىم: (خۇشامەت بىلەن) كىتاپ سۆزىدەك ئۇلۇغ گەپ بولدى شەمەر سېجاڭ. ناھايىتى توغرا ئېيتتىلا، لىڭ - لىڭ كۆۋرۈكتە ئادەم تۈگۈل ئېشەكمۇ ماڭالمايدۇ!

تۇراپ: (ئىككەيلەنگە تەڭ قارىتىپ) سىلەرگە شۇنداق كۆرۈنىۋاتىدۇ، چۈنكى سىلەر قەدەم قويۇش تۈگۈل، ئېغىزغا ئېلىشتىنمۇ قورقىۋاتىسىلەر، لېكىن بۇ يول 3 - ئومۇمى يىـ

غىنى كۆرسىتىپ بەرگەن داغدام يول! ھاڭغا چۈشۈش - چۈشمەسلىكىمىزنى ماڭغاندىن كېيىن كۆرەرمىز! ...

شەمەر: (مەسخىرە بىلەن) ۋاھ! گەپ بەك چوڭغۇ؟! سىزگە دەرىجە ئاتلاپ قىزىل باشلىق ھۆججەتتىن بىرەرسى كەپ قالدىمۇ نىمە؟

تۇراپ: مەن 3 - ئومۇم يىغىننىڭ روھىنى ئەڭ چوڭ قىزىل باشلىق ھۆججەت دەپ قارايمەن!

شەمەر: ئۇنىڭدا غولتۇغراقنىڭ يەرلىرىنى دىخانلارغا بۆلۈپ بەرسۇن دېگەن بەلگىلىمە بارمىكەن؟

تۇراپ: ياق! ...

شەمەر: (كېرىلىپ) ئەمىسە ...

تۇراپ: دادىللىق بىلەن) ئۇنىڭدا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش، ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ جانلىق ئىش كۆرۈش دېگەنگە ئوخشاش بەلگىلىمە، پىرىنسىپلار بار.

شەمەر: (دىمىغىنى قېقىپ) بۇ ئومۇمى نەرسىلەردە! ئەڭ مۇھىمى، تېچ - ئىتتىپاق بولۇپ، قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاپ، دىخانلارنى گۇڭشې قويىندا قاتتىق ئىشلەشكە تەشكىللەشنى بىلىش كېرەك!

[شەمەر ئىش ئۈستىلىگە بارىدۇ، ئايلانما ئورۇندۇقنى ئۇيان - بۇيان پىقىرىتىدۇ، تۇراپمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ شەمەرگە يېقىنلىشىدۇ.]

تۇراپ: سىزنىڭ دېگىنىڭىز ئومۇمى نەرسىلەر! بىز بۇ ئىشلارنى قاچاندىن بېرى قىلىۋاتىمىز؟! يولداش شەمەر، ھېلىمۇ 20 نەچچە يىلدىن بېرى ئىگەك تىرەپ كەلدۇق، ئويلاپ بېقىڭ، سامان بىلەن پاخال يېگەن ئىنەكتىن چىلەكلەپ سۈت كۈتۈش مۇمكىن بولمىغىنىدەك، قوسىقى تويمىغان دىخانلارنى بىر يەرگە توپلاپ قاتتىق ئىشلە دېۋەرسەك، قانداق ئىشلەيدۇ؟! خەلقنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولمىسا، قانداقمۇ تېچ - ئىتتىپاق بولۇپ، قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشىغىلى بولىدۇ؟! بىر نەچچە يىلدىن بېرى دىخانلارنىڭ قانىتى سۇندى، سىجاڭ، قانىتى سۇنغان كەپتەر ئۇچمايدۇ!

[شەمەر ئورۇندۇقنى يېرىم ئايلاندۇرۇپ، غەزەپ بىلەن تۇراپقا بىر نەرسە دېمەكچى بولغاندا، تېلېفون جىرىڭلاپ قالىدۇ.]

شەمەر: (تۇرۇپكىنى زەردە بىلەن قولىغا ئېلىپ) ھە، مەن! نىمە - نىمە؟ بولمايدۇ دېگەندىن كېيىن بولمايدۇ! مۇتلەق بولمايدۇ! (تۇرۇپكىنى جاققىدە قويۇپ، تۇراپقا نەپرەت بىلەن قارايدۇ) ھە، سىز ئىنقىلاۋى ئەجدادلار قان - تەرى بىلەن ياراتقان ئىگىلىكنى بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا تاران - تاراج قىلىۋەتمەكچىمۇ؟!

تۇراپ: (ئېغىر بېسىقلىق بىلەن) مېنىڭچە، ئىنقىلاپ دېگەن سۆزنىڭ چىن مەنىسى باشقىلار مېڭىپ باقمىغان يول بىلەن مېڭىش، ئىلگىرىكىلەر يارىتالمىغان مۆجىزىلەرنى يارىتىش دېگەنلىكتىن ئىبارەت!

شەمەر: (مەسخىرە ئارىلاش) نىمە؟! بۇ گەپچە، سىزنىڭ ماڭغىنىڭىز ھېچكىم ماڭمىغان يېڭى يول، ياراتقىنىڭىز ھېچكىم يارىتالمىغان — مۆجىزە ئىكەندە! ... (ئورنىدىن تۇرۇپ

مەسخىرىلىك كۈلىدۇ) ھا، ھا ... بىلىپ قويۇڭ، بۇنداق قىلىش كومپارتىيىنىڭ تامغىنى يەپ كومپارتىيىنىڭ تاۋغىنى چاققانلىق! ... (بىر ئاز بېسىقىنغا چۈشۈپ نەسىھەتكويلۇق بىلەن) يولداش تۇراپ شۇجى، چۈشىنىشىڭىز لازىمكى، بۇ شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاخىرقى ھېساپتا سىزنى قۇتقۇزۇۋېلىشى! يار لېۋىگە كېلىپ قالغان ئېتىڭىزنىڭ تىزگىنىنى تېزراق تارتقىنىڭىز ياخشى، بولمىسا ئابرويىڭىز دەخلىگە ئۇچرايدۇ!

تۇراپ: (ھاياجانلىق ئىلكىدە) ئابروي؟! ... يولداش سېجاڭ، مېنىڭچە، ئەڭ چوڭ ئابروي خەلقنىڭ ئىشەنچى! ...

شەمەر: (مەڭسىتمىگەن ھالدا) مۇنداق دەڭ!؟ (بىر ئاز توختاپ) يولداش تۇراپ، ئەسلىدە مەن سىز بىلەن مۇشۇنداقلا سۆزلىشىپ مەسىلىنى ھەل قىلماقچى ئىدىم، قارىغاندا، كاللىڭىز قىزىپ قالغان ئوخشايدۇ، شۇڭا ئازراق سەگىتىپ قويۇشقا توغرى كەلدى، (ماتېرىيال سومكىسىدىن ھېلىقى گېزىتنى ئېلىپ) مانا بۇنى كۆرۈپ بېقىڭ، خەنزۇچە خەت تونۇيسىزغۇ دەيمەن! (گېزىتنى تۇراپقا ئۇزىتىدۇ)

تۇراپ: (گېزىتنى ئېلىپ، قىزىل قەلەم بىلەن سىزىلغان يەرنى ئوقۇپ قىلچە ھودۇقماستىن) ھېچگەپ يوقكەنغۇ!؟ ناھايىتى گەنسۇلۇق بىر مۇشتەرىنىڭ شەخسىي كۆز قارىشى ئىكەنغۇ!

شەمەر: (غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتالماي، جوزىنى ياققىدە بىرنى ئۇرۇپ) نېمە!؟ سىز ئەقلىدىن ئازمىغانسىز؟! بۇ قانداق گېزىت بىلەمسىز؟! (سايىمغا) يولداش سايىم شەجاڭ، سىز ئېيتىپ بېقىڭا، «خەلق گېزىتى» قانداق گېزىت؟

سايىم: (ئورنىدىن قوزغىلىپ) «خەلق گېزىتى» ئۇلۇغ، مۇقەددەس گېزىت! مەركەزنىڭ مىڭىسى، قۇلىقى، تىلى. ئۇنىڭ ھەر بىر جۈملىسى تۆگۈل، توچكا، پەشلىرىگىمۇ شەك كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ!

تۇراپ: (مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ) شۇنداق، مەركەزنىڭ گېزىتى. لېكىن ئۇنىمۇ ئادەم باشقۇرىدۇ - دە! بىزدە ئەزەلدىن شەخسلەرنىڭ كۆز قارىشىغا ئەركىنلىك بار، گەنسۇلۇق بىر مۇشتەرى ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى سۆزلىسە نېمە بوپتۇ؟ مەنمۇ بىزنىڭ گۇڭشېغا ئۇيغۇن كەلگەن «ئوزۇقلۇق ئېتىزى»، «ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى» نى سۆزلىسەم بولىۋېرىدىغۇ!؟ ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى گېزىت ئەمەس، ئەمەلىيەت!

[يەنە تېلېفون جىرىڭلايدۇ.]

شەمەر: (ئېرىنچەكلىك بىلەن تۇرۇپكىنى ئېلىپلا چېچىلىدۇ) يەنە نېمە گەپ؟! بولمايدۇ دىدىم، بولمايدۇ! ھە، جاڭ شۇجىمۇ؟ (بىردىنلا بوشاپ چىرايى ئېچىلىپ مۇلايىملىشىدۇ) شۇنداق، شۇنداق ... ھە، سىز دىگەندەك بولدى، ئۇ ئىشمۇ كۆڭلىڭىزدىكىدەك ھەل بولىدۇ، ماقۇل، ماقۇل، خوش ئەمىسە ... (تۇرۇپكىنى قويۇپ يەنە بىردىنلا چىرايىغا جىددى تۈس بېرىدۇ، تۇراپنىڭ ئالدىغا كېلىپ جىددى تەلەپپۇزدا سۆزلەيدۇ) يولداش تۇراپ، سىز بەك تەلۋىلىشىپ كېتىپسىز! ئۆتكەندە شەھەرلىك پارتكوم سىزنى ئىپادىسى ياخشى، غەيرىتى بار، قولىدىن ئىش كېلىدۇ، دەپ قارىغان، لېكىن بۈگۈنكى كۈنگە

AltunOq

كەلگەندە ئۆزگىرىپ مۇشۇ دەرىجىگە كېلىپ قالىدىغانلىقىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلمىغان ئىكەنمىز! (بىر ئاز پەسكويغا چۈشۈپ) نەچچە كۈندىن بېرى پەقەت بىرلا نەرسىنى ئويلاپ سىزنى ئاياپ كەلگەن ئىدىم، بولمىسا ئاللىبۇرۇنلا ئىشنى ھەقدادىغا يەتكۈزگەن بولاتتىم. مەن يەنە بىر قېتىم ئېيتىمەن سىزگە سەپ قويمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ئىككىمىزنىڭ بولغۇسى قۇدا ئىكەنلىكىمىزنى ھەممىسى بىلىدۇ، ئەگەر سىز خاتالىقىڭىزدا بۇنداق چىڭ تۇرىۋېرىدىغان بولسىڭىز، ئۇ چاغدا ...

تۇراپ: ئۇ چاغدا ئارىنى ئۈچۈق قىلمىز دىمەكچىمۇ سىز؟! (بىر پەس قادىلىپ تۇرۇۋېلىپ، كېيىن دادىللىق بىلەن) شۇنداق، سىز بىلەن مەن بولغۇسى قۇدا. بالىلىرىمىزمۇ بىر-بىرىنى لايىق تاپقان، لېكىن مەنمۇ سىزگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، مەن دىخان قېرىنداشلىرىمنىڭ مەنپەئەتىنى ھەرگىزمۇ قۇدا-باجىلىققا ساتمايمەن!

[شەمەر ئۆزىنى قويارغا جاي تاپالماي قالىدۇ. سايىم ھەجەيىپ خوشال بولىدۇ. شەمەر ئاخىر جىددى ھەركەتلەر بىلەن ئىش ئۈستىلىنىڭ تارتمىسىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئالىدۇ.]

شەمەر: (سەھنىنىڭ ئالدىغىراق كېلىپ) يولداش تۇراپ، ئاخىر سىز مېنى جىددى تەدبىر قوللىنىشقا مەجبۇر قىلدىڭىز، مانا بۇ شەھەرلىك پارتكومنىڭ قارارى!: سىز ئۈچ داۋۇيدە باش-باشتاقلىق بىلەن يولغا قويغان «ئوزۇقلۇق ئېتىزى» مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بىلەن «ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى» دىگەن نىملەر بۇگۈندىن ئېتىۋارەن بىكار قىلىنىدۇ، يولداش سايىم شەجاڭ مەسئۇل بولۇپ، تەقسىم قىلىۋېتىلگەن يەرلەرنى تەلتۆكۈس قايتۇرۇۋالىدۇ!

[سايىم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ غەلىتە ھەركەتلەر بىلەن كۆڭلىدىكى خوشاللىقىنى ھەم تەكەببۇرلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.]

شەمەر: سىزگە كۆرۈلىدىغان چارە خاتالىقىڭىزنى ھەقىقى تونۇپ، تۈزىتىش ئىپادىڭىزگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ!

تۇراپ: (غەزەپ ۋە ئەلەم بىلەن) پىكرىم بار، مەن بۇنى قوبۇل قىلالمايمەن!

شەمەر: (مىيىقىدا كۈلۈپ) قوبۇل قىلمىسىڭىزمۇ، قەتئى ئىجرا قىلىنىدۇ! ...

[ئۈچ ئادەمنىڭ ئۈچ خىل كەيپىياتتا ۋە ئۈچ خىل تۇرۇۋندا تۇرۇشى بىلەن سەھنە ئاستا-ئاستا قاراڭغۇلىشىپ پەردە يېپىلىدۇ.]

## ئالتىنچى كۆرۈنۈش

ۋاقتى: ئالدىنقى كۆرۈنۈشتىن ھەپتە كېيىن.

ئورنى: تۇراپ شۇجىنىڭ ھويلىسى.

[سەھنە تۈزۈلۈشى: ھويلىدا ئاددىيغىنا تال-باراڭلىق بېدىش بولۇپ، ئاستىدا سۇپا بار. پەردە ئېچىلىش بىلەن تەڭ بىر خىل مۇڭلۇق مۇزىكا كۆتۈرىلىدۇ.]

تۇراپ شۇجى غۇنچىلاشقا باشلىغان تال بېدىشكە قاراپ چوڭقۇر خىيالغا چۆمىدۇ. سۈكۈتتىن كېيىن ئۇ سالماق قەدەم بىلەن سەھنە ئالدىغا يېقىنلىشىدۇ.]

تۇراپ: (ئۆز - ئۆزىگە) مەن راستىنلا دىخانلارنى يەككىلىككە باشلاپ، سوتسىيالىزمدىن يۈز ئۆرۈدۈممۇ؟! شەمەر ئېيتقاندەك راستىنلا خەتەرلىك ھاڭنىڭ لېۋىگە بېرىپ قالدىممۇ؟! (تېخىمۇ جىددى ئويلىنىدۇ. مۇزىكا ئەۋجىگە چىقىدۇ) ياق - ياق! مەن خاتالاشمىدىم! يەرنى دىخانلارغا بۆلۈپ بەرگەن بولسام، يەرگە بولغان ئىگىدارچىلىق يەنىلا كوللېكتىپنىڭ قولىدىغۇ؟! سوتسىيالىزمنىڭ «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» دېگەن پىرىنسىپى زادى قانداق بولىدۇ؟! ... ھەر قانداق يېڭى يولنى ئەزەلدىن ئادەملەر ئۆزى مېڭىپ ئاچقانغۇ ... لېكىن شەمەر، سەن بۇ ئەقەللى داۋلىنى نېمىشقا چۈشەنمەيدىغانسەن! سەن تېخى ئىككى ياشنىڭ قەلبىنى داغلاپ، ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى ئۆز مۇددىئايىڭغا يېتىشنىڭ دەسمايىسى قىلىۋاتىسەن! ھەي شەمەر! شۇنچە يىل ئەسرار بولۇپمۇ تۇراپنى تېخى چۈشەنمەپسەن - دە! بىلىپ قوي، بىر قىزنىڭ بەختىنى دەپ، مىڭلىغان دىخانلارنىڭ بەختىنى قۇربان قىلىدىغان تۇراپ تېخى تۆرەلگىنى يوق ھەم تۆرەلمەيدۇ! ...

[زورىخان ئىچكىرى ئۆيدىن چىقىدۇ.]

زورىخان: (تەئەججۈپ بىلەن) دادىسى، نېمە بولدى سىلىگە؟ جىن چېپىلغاندەكلا بولۇپ قاللىغۇ؟! ... مەندىنمۇ يوشۇرىدىغان سىرلىرى بارمۇ - يە؟

تۇراپ: (سۆپىگە ئولتۇرۇپ) خوتۇن، سەن بىر ئېيتىپ باقە، دىخانلارغا يەرنى ھۆددىگە بەرگەنلىكىم ياخشى بولدىمۇ - يامانمۇ؟

زورىخان: (ئورنىدىن ئوخچۇپ تۇرۇپ) تازا بەلەن بولدى، يامان بولدى دېگەن ئادەمنىڭ ئاغزىغا ھونناق چىقار خۇدايىم... دىخانلار يەرنى ئېلىپ ئۆزى‌خان، ئۆزى بەگ بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ، بىرچاغلار دېكىدەك دۈيجاڭ ئىشقا تىۋلاپ جاقىرايدىغان، قاپاق تېرەكتىكى چۈيۈن داڭنى ئۇرۇپ يۈرەك ئالدى قىلىدىغان پاراكەندىچىلىك ئەندى يوق!..

تۇراپ: (بىردەملىك جىددى خىيالدىن كېيىن) ئانداق بولسا زورىخان، ئەندى مارىخان بىلەن قۇدا بولۇش نىيىتىڭدىن يانغىن!...

زورىخان: (ھەيرانقۇپ) نېمە؟ مارىخان قۇدا بولۇشتىن يالتىيىپتىما؟

تۇراپ: شەمەر ھازىر سىياسى ئىشلارنى تاۋكا قىلىپ، قۇدا - باجىلىقنى دو چىقىۋاتىدۇ. مەن بۇنىڭغا يول قويمايمەن!

زورىخان: (يىغلىنىپ) سىلە، ئاشۇنداق كاجلىق قىلىپ، قىزلىرىنىڭ بەختىگە ئولتۇرماقچىمۇ؟ خۇدادىن تىلەي، ئۇدۇنيا - بۇدۇنيا بىرتال قىزلىرىنىڭ بەختىنى غازاڭ قىلمىسىلا، شەمەر سىجاڭغا ناماقۇل بولايلى، سىلى سۆزلىمىسىلە مەن سۆزلىشەي...

تۇراپ: (زەردە بىلەن) ئەخمەق بولما! ئۇنىڭ ئالدىدا مېنىڭ ناماقۇل بولىدىغان ھېچقانداق سەۋەنلىكىم يوق.

[ھاشىم بىلەن ئىمىن كىرىپ، تۇراپنىڭ سۆزى ئۈزۈلىدۇ]

زورىخان: (كۆڭلى يېرىم هالدا) كېلىشسىلە، يۇقۇرى ئۆتۈشسىلە. مەن چىقىپ مايسەمگە قاراپ باقاي.. (چىقىدۇ)

ئۈممەن: (خۇددى بىر مەخپى ئىش قىلماقچى بولغاندەك تۆت تەرىپىگە قاراپ، ئۆينىڭ ئىشىكىنى يىم يېپىپ قويۇپ) تۇراپ شۇجى، بىز پارتىيە ئەزالىرى باش قوشۇپ بىر قارارغا كەلدۇق، هۆددىگەرلىك تۈزۈمىدە چىڭ تۇرىمىز، كېيىنكى ئاقىۋەتكە مانا مەن ئۆزەم جاۋابكار!

تۇراپ: (ئىككىلىسىگە بىر تۇردىن قاراپ قويۇپ) قانداق چىڭ تۇرىسىلەر؟

هاشىم: بىز بۇ ئىشنى مەخپى ئېلىپ بارماقچىمىز!...

ئۈممەن: هازىر بەزى ئەزالار تەخسىم قىلىنغان يەرلىرىگە يازغى بۇغداي تېرىپ بولدى، ئۇنى ئېغىز قۇرۇق گەپتىن موما تۆۋىگە چۈشكەن بىرتال دان ئەلا. هەر قانداق ئىش بولسا ئۆمىدا كۆرسەك، يا بىز مات بولارمىز، يا شەمەر سەجاڭنى مات قىلارمىز! ...

تۇراپ: ئۇنداقتا... (جىددى ئويلىنىپ) بولىدۇ، مەن قوشۇلىمەن، لېكىن ...

[دەل شۇ پەيتتە ئىشىك جالاقلىدە ئېچىلىپ سايىم كىرىپ قولىنى ئارقىغا تۇتۇپ، بىردەم تۇراپقا، بىردەم ئۈممەنگە غادىيىپ قارايدۇ.]

سايىم: ئۈممەن شۇجى، مەن سىزنى بۇنچە شاپاشلاپ نەگە باردىكىن دېسەم، مۇشۇ يەرگە كىرىپ مەخپى يىغىنغا قاتنىشىدىكەنسىز - دە!؟ (تۇراپقا تەنە بىلەن) رىياسەتچىلىكىڭىزگە هالاقەت بېرىپ قويدۇمغۇ دەيمەن؟!

تۇراپ: يولداش سايىم، سىزمۇ دەل ۋاقتىدا كەلدىڭىز؟ مەخپى يىغىنغا بىللە رىياسەتچىلىك قىلساق قانداق؟

سايىم: (بىردىنلا تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ) يولداش تۇراپ، سىز هازىر نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈيسىز؟! شەھەرلىك پارتكوم سىزنى ئىشتىن توختىتىپ، مەسىلە تاپشۇرۇشقا بېكىتكەن، لېكىن سىز يەنە گۇڭشېنىڭ ئىشىغا غالجىرلارچە ئارىلىشىپ، ئاستىرتتىن هەركەت قىلىۋاتىسىز!...

تۇراپ: (ئۆزىنى تۇتالماي) ئاغزىڭىزنى يىغىڭ! غالجىرلىق غالجىر ئادەملەرگە مەنسۇپ! بىلىپ قويۇڭ، مەن گۇڭشېنىڭ ئىشىغا بىركۈن هايات بولسام بىركۈن ئارىلىشىمەن!

سايىم: (تېخىمۇ چىچاڭشىپ) سىزمۇ بىلىپ قويۇڭ، گۇڭشېنىڭ هازىرقى باشلىقى مەن! هەر قانداق ئادەمنىڭ مېنىڭ خىزمىتىمگە چاڭ سېلىپ پۈتلىكاشاڭ بولۇشىغا يول قويمايمەن!...

ئۈممەن: سايىم شەجاڭ، خىزمىتىڭىزگە كىم چاڭ ساپتۇ؟!

سايىم: كىم بولاتتى، (قولىنى شىلتىپ ئۈچەيلەننى بىرمۇ - بىر كۆرسىتىدۇ) سىز! سىز! سىز! سىلەر ئۈچ كىشىلىك گورۇھ بولۇۋېلىپ، يۇقۇرىنىڭ قارارىغا قارشى چىقىۋاتىسىلەر!...

ئۈممەن: (خىيىپسەنلىك بىلەن) يۇقۇرىنىڭ قايسى قارارى ئۇ؟!

سايىم: (تېخىمۇ تېرىكىپ) قايسى قارار دەيسىزغۇ!؟ شەمەر سىجاڭ ئېلان قىلغان شەھەرلىك پارتكومنىڭ ئىككى ماددىلىق قارارى يەتكۈزۈلگىنىگە قانچە ۋاقىت بولدى؟! سىلەر ئۇ قارارنى ئۆزگەرتەلەمسىلەر؟!...

ئىمىن: (بىپەرۋالىق بىلەن) دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى ئالتە قېتىم ئۆزگەرگەن يەردە، شەھەرلىك هۆكۈمەتنىڭ بىر قارارىنى ئۆزگەرتىش بولمامدىكەن؟!

سايىم: جۆيلىمەڭ! (گەپتە تۇتۇلۇپ بىر ئاز پەسكويغا چۈشىدۇ) مەن سىزگە ئاتىدارچىلىق بىلەن ئېيتىپ قويايكى! خاتا يولدىن قايتىپ يۇقۇرىنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلىڭ! مۇنداق خۇپىيانە ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ياخشى ئاقىۋەت چىقمايدۇ!

تۇراپ: (بىر ئاز جىددىيلىشىپ) يولداش سايىم، بىلىسىزغۇ، بىز ئەزەلدىن خۇپىيانە ئىش قىلغان ئادەم ئەمەس! هېلىمۇ غولتوغراقتىكى سىناقنى ئاخىرىغىچە ئاشكارا ئېلىپ بارماقچىمىز!...

سايىم: (ئەلەم بىلەن) نىمە؟! سىز... سىز... شەھەرلىك پارتكومنىڭ قارارىغا ئاشكارا قارشى چىقماقچىمۇ؟! قېنى سىزدىكى پارتىيىۋىلىك مەيدان!؟

تۇراپ: مەن دەل پارتىيىۋىلىك مەيداننى ئويلىغانلىقىم ئۈچۈن شۇنداق قىلماقچىمەن! سىز ئانچە هولۇقماڭ، بۇنىڭ ئاقىۋىتىگە پۈتۈنلەي ئۆزەم جاۋاپكار!

هاشىم: بارىكاللا، هىممىتىڭگە رەخمەت شۇجى! (ئىمىنغا مەنىلىك قاراپ) بۇ يولدا ماڭغىنىمىز ماڭغان! يېنىڭدا نار نۆگەڭ تۇرسا، يۈك كۆتۈرۈشتىن نىمە غەم!

سايىم: (دۇغۇنۇقۇپ) هە!... سىلەر!... سىلەر!... زادى نىمە قىلماقچى!؟ قارارنى ئىجرا قىلماي، يۇقۇرىغا قارشى چىقماقچىمۇ؟!... توختاپ تۇرۇڭلار!... جاهاننىڭ ئىگىسى بار تېخى!... (چالۋاقاپ چىقىپ كېتىدۇ.)

[تۇراپ، ئىمىن، هاشىملار بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈشىدۇ ۋە بايىقى مۇزاكىرىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولۇپ يەنە باش قوشىدۇ. پەردە ئاستا ـ ئاستا يېپىلىدۇ.]

## يەتتىنچى كۆرۈنۈش

ۋاقتى: ئوما مەزگىلى.

ئورنى: غولتوغراق دادۇيىنىڭ ئېتىزلىغى.

[سەھنە تۈزۈلۈشى: نۇرغۇن ئېتىزلىقلارغا بۆلۈنگەن كەڭ ئېكىنزارلىقتىكى ئوخشىغان بۇغدايلار يىراقتىن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. سەھنىنىڭ ئارقا تەرىپىدە غول ئېرىق بولۇپ ئۇنىڭ ئالدى تەرىپى غول ئېرىقنىڭ قېشىنى بويلاپ توغرىسىغا كەتكەن يېزا يولى. سەھنىنىڭ سول ئارقا تەرىپىدىن ئەترەت خامىنىنىڭ بىر قىسمى ۋە كەپە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئېيتىلغان لەرزان ئوما ناخشىسى بىلەن پەردە ئاستا ـ ئاستا ئېچىلىدۇ. ناخشا رىتىمى بويىچە ئەر ـ ئايال دىخانلار شات ـ خۇراملىق بىلەن چەبدەس

ھەركەت قىلىپ، بوغداي ئەنجىسىنى يۈدۈپ، ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشىدۇ.]
(ئوما ناخشىسى):

مالايلاقەي - كالايلاق، تۇياقلىرىڭ پايخان بولسۇن،
قولاقلىرىڭ گۈرجەك بولسۇن، قۇيرۇقلىرىڭ سۈپۈرگە بولسۇن،
مۈڭگۈزلىرىڭ ئارا بولسۇن، دەسسەڭلارەي - يەنچىڭلار...

[ئاۋال بەختى، ئارقىدىن ئەنبەرنىسا كىرىپ ئەنجى تۇشۇۋاتقان دېھقانلارنىڭ ئالدىنى توسايدۇ.]

بەختى: (كاناي بىلەن) ئىنقىلاۋى گۈڭشې ئەزالىرى، ئىنقىلاۋى ئەر - ئايال يولداشلار!... (دېھقانلار جايىدا توختايدۇ) سايىم شەجاڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە مەن سىلەرگە جاكا قىلىمەنكى، بىرتال دان، بىرتال باشاقنى شەخسى خامانغا توشۇشقا بولمايدۇ! دۆمبەڭلەردىكى ئەنجىنى دەرھال دۈينىڭ خامىنىغا تاشلاڭلار!...

[ھايىسخان ۋە دېھقان A، B لار بەختى بىلەن ئەنبەرنىسانىڭ ئالدىغا دەۋەيلەپ كېلىدۇ.]

دېھقان A: (كانايىنى كۆرسىتىپ) بەختى، قولۇڭدىكى ئاۋۇ ئەزرائىلنىڭ بۇرغىسىنى تاشلا!

دېھقان B: (ئاچچىق بىلەن) مەككىنىڭ رودىپىيىدەك چاپلاشماي نېرى تۇر!

ئەنبەرنىسا: نەگە نېرى تۇرىدۇ!؟ (ھۆرپىيىپ، ئالدىغا بىر قەدەم چىقىپ پۇتىنى يەرگە قاتتىق ئۇرىدۇ) سايىم شەجاڭچۇ، مىختەك تەرۇڭلار دېگەن! (بېلىنى تىرەپ) شۇنداق تۇرىمىز!...

ھايىسخان: (ئالدىغا بىر قەدەم چىقىپ تەنە بىلەن) ھارمىغايلا دۈيجاڭ خېنىم، بۇ يەردە مىختەك تۇرۇپ كەپسەن ئالماقچىمۇ؟! بىر نەچچە كۈن تەخىر قىلارلا، ئەندى خامان تويى قىلىۋاتىمىز، چەش تويى بولغاندا كەلسىلە ئېتەكلىرى توشقىدەك كەپسەن بېرىمىز!...

بەختى: (سەل ئوڭايسىزلىنىپ) سايىم شەجاڭ ھېلى كېلىدۇ، شۇ چاغدا...

ئەنبەرنىسا: تېخى شەمەر سەجاڭمۇ كەلمەكچى، شۇ چاغدا كۆرىمىز!...

دېھقان A: كەلسە كەلمەمدۇ؟!

دېھقان B: ئۇلار كەلمىگەن جاي نەمەسقۇ بۇ!...

ھايىسخان: ۋاي خۇدايىمەي!... ئۇلارنى تولا كۆرۈپ ھۆ قىلغىدەك بولغانمەن!...

بەختى: (سايىمنىڭ سىياقىدا) جۆيلىمەڭ! (خۇدۇكسىراپ ئەتراپقا قارايدۇ، باشقىلار پىخىلداپ كۈلۈشىدۇ)

دېھقان A: يورۇقلار، كەتتۇق، ھەر كىمنىڭ ئەنجىسى ئۆز خامىنىغا!

[ئەنجىلەرنى قايتىدىن يۈدۈپ مېڭىشقا ھازىرلىنىدۇ، شۇ چاغدا سىرتتىن كىچىك ماشىنىنىڭ گۇرۇلدىگەن، سىگنال بەرگەن ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.]

بەختى: (خۇشاللىنىپ) كەلدى!

ئەنبەرنىسا: دېمىدىممۇ، ئۇلارمۇ كەلدى مانا!

بەختى: (كاناي بىلەن) ئىنقىلاۋى گىزىتچى ئەزالىرى! يۈرت كاتتىلىرى كەلدى! سىجاڭلىرىم، شەجاڭلىرىم، ئۇلۇغلىرىم كەلدى! ...

[شەمەر سىجاڭ يولغار تاشلىق سومكىسىنىڭ ھالقىسىنى چىمەلتىگىگە ئۆتكۈزۈپ پۇلاڭلاتقان ھالدا ح ى كىرىپ كېلىدۇ، سايىم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كىرىدۇ.]

بەختى: (شەمەرنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى ئېتىپ قوشاق قوشۇپ ھالداتلايدۇ):

ئىش چاتاق سىجاڭ ئاتا، بۇغداينى ئۇرۇپ قاچتى،
باستى خەق يولنى خاتا. بىزلەرنى قويۇپ داغدا.

شەمەر: زادى نىمە چاتاق؟

بەختى: ئىسيان كۆتەردى! ئۆزلىرى بىلىلا ئاتا ... خەق دىگەن «پۇۋ» دىسە بوران چىقىدىكەن ئەمەسمۇ!؟

شەمەر: ھەي، ئوچۇقراق سۆزلىگىنە، زادى نىمە گەپ؟!

بەختى: ئوچۇقراق سۆزلەيدىغان بولسام سىجاڭ ئاتا، ئۆزلىرى بىلىلا ...

شەمەر: (تېرىكىپ) ھەي! ... ئەزمىلىك قىلما دەيمەن!

[ھاشىم بىر يۈدە ئەنجىنى كۆتۈرۈپ يىراقتىن يېقىنلاپ كېلىدۇ.]

بەختى: ماقۇل سىجاڭ ئاتا، ئەزمىلىك قىلماي سۆزلىسەم، بۇ خەقلەر تۈراپ شوجىنىڭ باشچىلىقىدا، ئۆزلىرىنىڭ يولىيورۇقلىرىنى چۈشىنىشمۇ ئالماي، مەن بىلەن دۇيجاڭ خېنىمنىمۇ پىسەن قىلماي، ئېتىزدىكى بۇغدايلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇپ ئۆز خامانلىرىغا ئېلىپ قاچتى! ...

سايىم: (تاقەتسىزلىنىپ) سىجاڭ، مەن ئۆزلىرىگە دىدىمغۇ، بۇ خەق ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، شەھەرلىك پارتكومنىڭ قارارىغا قارشى ئىسيان كۆتەردى!

ھاشىم: (سايىمغا يۈزلىنىپ) سايىم شەجاڭ، يالغان سۆزلىمەيلى، دىخان خەق ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ بېشىنى سىلىغان ھاكىمىيەتكە قارشى ئىسيان كۆتەرگەن ئەمەس! بۇنداق ئىش ئۆزلىرىگە ئوخشاش ھۈرراچىلارنىڭ قولىدىن كېلىدۇ!

سايىم: سىز تولا قالايمىقان جۆيلىمەڭ! (ئالىيىدۇ)

شەمەر: (مىيىقىدا كۈلۈپ) ھاشىمباي، يېقىندىن بۇيان خېلى ئۇششاق تىللىرىڭىز چىقىپ قاپتىغۇ!؟ سىز ئاساسىي قاتلامدىكى بىر كوممۇنىست، ئالدىڭىزدا تۇرغانلار سىزنىڭ نەۋرىڭىز ئەمەس، بىرسى شەھەرنىڭ، بىرسى گۇڭشېنىڭ باشلىقى، گېپىڭىز بولسا يولىدا قىلىڭ!

ھاشىم: (سالماقلىق بىلەن) يولداش سىجاڭ، يولىدا قىلغان گەپ ئاقمىسا، ئەندى زادى قانداق قىلىمىز!؟ سىلەرنىڭ جېنىڭلار جان، بىزنىڭ جېنىمىز جان ئەمەسمۇ؟ بۇ دۇنيادا دىخانلار كاچ تەلەي كېلەمدۇ؟! ئىشلىمىسەك تېخى بولمىسا، ئىشلىسەك تاپقانغا تېخى ئىگە بولالمىساق، سۆزلىمەي قانداق قىلىمىز؟! كالىنىڭ بېشىنى كۆن چۈشىسىمۇ، بۇقىراپ كېتىدۇ، سىجاڭ!

دىخان A: ئىشلىگەن چىشلەيدۇ، دىگەن پىرىنسىپلار قېنى؟!

دىخان B: ھۆددىگە ئالغان ئېتىزلارنى بىز كۆز يېشىمىزنى سۈ، قان ـ تەرىمىزنى ئوغۇت قىلىپ كۆكەرتكەن! ئەندى ئاغزىمىز ئاشقا تېگەي دېگەندە، سىلەر كېلىپ بۇرنىمىزنى تاشقا ئۇرماقچىمۇ؟!

دىخان C: ئاشلىقنى بەرمەيمىز! بىز ئۇنى ئوغۇرلىمىدۇق، ئىشلەپ تاپتۇق!

بەختى: يائاللا، جاندىن تويدىمۇ نىمە بۇ خەق!

ئەنبەرنىسا: ئاغزى كۆيمىسە دوزاقنىمۇ يىمەكچى!؟

ھايىسخان: (ناخشا)

سۆڭەككە پىچاق يەتتى، ئەجەپ تالاي قىسمەتلەر،
دىخان ھالىدىن كەتتى. بۇ ئازاپقا يار ئەتتى!

سايىم: ھەي خوتۇن، جۆيلىمەڭ! «پىچاق سۆڭەككە يەتتى» دېگەن قانداق گەپ؟! سوتسىيالىزىمدا قايسى دىخان ھالىدىن كېتىپتۇ؟!

بەختى: شۇ ئەمەسمۇ شەجاڭ ئاتا، دىخان دېگەن گىزگىشى قويىندا چىنارەك كۆكلەپ، بېلىقتەك يايراۋاتىدۇ، دىسىلە ... مەنمۇ ھازىر شۇنىڭ شاراپىتىدىن شاققىدە قوساقنى توقلىۋېلىپ كىرەي! ... چىقىپ كېتىدۇ.

[تۇراپ كىرىپ كېلىدۇ.]

شەمەر: (تۇراپنى كۆرۈپ) يولداش تۇراپ، بۇ نىمە گەپ؟!

تۇراپ: نىمە گەپلىگىنى ئۆزىڭىز ئاڭلاۋاتىسىزغۇ! سىزنىڭ ئۇلۇشكۇن چىقارغان يېڭى قارارىڭىزغا ئاممىنىڭ پىكرى بار ئىكەن!

شەمەر: بىز سىزنى خىزمەتتىن توختىتىپ، مەسىلە تاپشۇرۇشقا بۇيرۇغان، لېكىن سىز يەنە جاھىللىق قىلىپ شەخسىلەرنى كوللىكتىپنىڭ بۇغدىيىنى ئوردىۋېلىشقا قۇترىتىپ، يۇقۇرى رەھبەرلىككە قارشى تۇرىۋاتىسىز! يولداش تۇراپ، سىز ھازىر قايسى مەيداندا تۇرىۋاتقانلىغىڭىزنى ئويلاپ بېقىڭ!

تۇراپ: مەن بۇنى ئۆزۈمدىن بىرى ئويلىغان، (ئامما ئارىسىغا ئۆتۈپ) مۇشۇ مەيداندا تۇرىۋاتىمەن! بۇندىن كېيىنمۇ مۇشۇ مەيداندا تۇرىمەن! ...

شەمەر: (كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ) سىز! ...

دىخان B: يولداش سىجاڭ، سىز ھە دېسىلا تۇراپ شۇجىغا ئېسىلىۋالماڭ، ئۇ بىزنى يېڭى يولغا باشلىدى، خالىغانلار ئەگەشتۇق، بۇنىڭ ھېچقانداق زىيىنىنى كۆرگىنىمىز يوق! سىز ئويلاپ بېقىڭا، غولتوغراقتىكى بۇغداينىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى قاچان 430 جىڭغا چىقىپ باققان؟! مانا بۇ يىل مەن بىرىنچى قېتىم سىناق ئېتىزىدىن 430 جىڭ بۇغداي ئالدىم! بۇ ھەممىمىز ئۈچۈن خوشاللىنارلىق ئىش ئەمەسمۇ؟!

شەمەر: بۇنىڭغا پەقەت كوللېكتىپنىڭ ھۆلىنى كولايدىغان ئايرىم كىشىلەرلا خوشال بولۇشى مۇمكىن، يەككە ئىشلەپ دان ئالغاندىن، كوللېكتىپ ئىشلەپ سامان ئالغان ئەۋزەل! ...

[دېخانلار بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىدۇ، بەزىلىرى ئاغزىنى ئۇتۇپ كۈلۈشىدۇ، بەزىلىرى غەزەپ بىلەن ھومىيىدۇ ...]

شەمەر: (نەسىھەتكويلۇق بىلەن) يولداشلار، ھەممىمىز يېڭى زاماننىڭ خوۋلىغىنى كۆرۈۋاتىمىز، تۇرمۇشىمىز باياشات، بازارلار ئاۋات، مال باھاسى مۇقىم ...

ھاشىم: (سۆزىنى بۆلۈپ) سىجاك، بىز ئۆمۈر بويى ئەشۇنداق ئاغزىمىزدىكى گەپ بىلەنلا كۆڭلىمىزنى خوش قىلىپ ئۆتەمدۇق؟! ئۆتمۈش زاماندىمۇ بىز يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتىپ كەلگەن بىتەلەيلەر ئىدۇق، بۈگۈنمۇ شۇ يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتىۋېرەمدۇق؟!

شەمەر: سىز تېخى يېڭى زاماننىڭ خوۋلىغىنى كۆرەلمىدىڭىزما؟ ھېلىمۇ ئەزگۈچى، تىرىكتاپلار-نىڭ زۇلمىغا ئۇچراۋاتامسىز؟!

ھاشىم: ئۇنىڭغىمۇ ئۇچرىغىنىمىز يوق سىجاك، لېكىن «داشقازان» ئاتلىق بىر تىرىكتاپ بار، بۇنىڭ زۇلمى ھەممىدىن قاتتىق بولۇۋاتامدۇ؟!

سايىم: جۆيلىمەڭ! داشقازان — كېلىكتىپنىڭ قازىنى! سوتسىيالىزىمنىڭ قازىنى! ئۇنىڭدىن ئايرىلساق تۈگەشكىنىمىز شۇ!

ھايىسخان: (تەنە قىلىپ) شۇنداق شەجاڭ، خۇددى «ئېچىلىڭ داستىقىنىم» دەك بەكمۇ خاسىيەتلىك قازان بۇ! (قىزىشىپ قوشاق توقۇيدۇ):

داشقازىنى - داشقازان،
باشقا چۈشكەن تاشقازان.
داشقازاننىڭ دەستىدىن،
كاردىن چىقتى ئاشقازان!

[كۈپچىلىك قاقاھلاپ كۈلۈشىدۇ.]

سايىم: (تېپىرلاپ) نېمە، نېمە دېدىڭىز؟!

ھايىسخان: ئاڭلاپ تۇرسىلا شەجاڭ، مۇنداق دېدىم:

داشتىن ئالدىم ئاشنى مەن،
ئارپا - تېرىق، ماشنى مەن.
ئاچا قويۇپ يۆلەيمۇ،
گىلدىڭلىغان باشنى مەن!

[دېخانلار يەنە كۈلۈشىدۇ، دورايدۇ، پىچىرلىشىدۇ.]

سايىم: جۆيلىمەڭ!

ھايىسخان: سىزمۇ تولا جۆيلىمەڭ،
ياۋا كالىدەك مۆرىمەڭ.
كۆزلەپ ماڭساق بېھىشنى،
جەھەننەمگە سۆرىمەڭ!

[دېخانلار ھايىسخانغا بارىكاللا ئېيتىشىدۇ.]

دېخان A: ھايىسخان، يىگىتتەك گەپ قىلدىڭ!

دېخان B: بەئەينى كەكە سايىلىغاندەكلا چۈشتى - دە، بۇ گەپ!

[سايىم تېرىكىدۇ، گۆلىيىدۇ ۋە شەمەردىن مەدەت كۈتىدۇ.]

شەمەر: (باشلىقلىق تەلەپپۇزىدا) بولدى ـ بولدى، نىماندلاق زۇۋاندار خوتۇنسىز! (ئىممىن كىرىدۇ) ئىممىن شۇجى، سىز بۇ ئادەملىرىڭىزنى نىمە قىلىۋەتكەن ـ ھە؟! ئۇلار مۇشۇنداق كېتىۋەرسە قانداق ئاقىۋەتلەرنىڭ چىقىشىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ مەن شۇنى ئوچۇق ئېيتايكى، غولتوغراقتىكى ئىككى قوتۇپقا بۆلۈنۈشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە سىز جاۋابكار!

تۇراپ: (بىر قەدەم ئالدىغا چىقىپ) بۇنىڭغا پۈتۈنلەي مەن جاۋابكار!

شەمەر: (ئاچچىق مەسخىرە بىلەن) ھە، شۇنداقمۇ؟! توغرا، جاۋابكارلىقنىڭ سىزدە ئىكەنلىكىنى مەن ئوبدان بىلىمەن! لېكىن سىزنىڭ جاۋابكارلىقىڭىز تېخىمۇ ئېغىر! ئاقىۋەتنىڭىز تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق!

تۇراپ: لېكىن مەن ئەپسۇسلانمايمەن! مۇشۇ كۈنلەردە جاھىللىقىم ئۈچۈن بەكمۇ خوشال بولىۋاتىمەن، قارىڭا، بۇ دېھقانلار ھازىر نىمە دېگەن خوشال، چۈنكى ئۇلارنىڭ قورسىقى تويۇپ، دۈمبىسى ئىللىدى، بىز بۇ خوشاللىقنى پەقەت ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىدىنلا تاپتۇق!

شەمەر: (چىچاڭشىپ) بەس، تۇراپ! ئەگەر سىز، يەنىلا مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسىڭىز، ئاخىرقى قېتىم ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، گېزىشى شۇجىلىقىڭىزدىنمۇ ئۈمىت قالمايدۇ!

تۇراپ: (خاتىرجەم ھالدا) يولداش شەمەر، شۇجىلىق ماڭا بەخشەندە بولغان ئەمەس، لېكىن دېھقانلار بىلەن تەقدىرداش بولۇش ماڭا ئەزەلدىن بەخشەندە بولغان! بىر پارتىيە ئەزاسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھوقۇقتىن ئايرىلىپ قېلىش چوڭ گەپ ئەمەس، ئەمما پارتىيە كۆرسەتكەن يولدىن ئايرىلىپ قېلىش — مانا بۇ چوڭ گەپ! بۇنى سىزمۇ، مەنمۇ پارتىيىۋىلىك ۋىجدانىمىز بىلەن ئويلاپ باقساق بولىدۇ!

شەمەر: (ئەپسۇسلانغان قىياپەتتە بېشىنى سىلكىپ) بوپتۇ، «دوزاققا ئۆگەنگەن ئادەم بېھىشقا كۆنمەپتۇ» دېگەن گەپ راس ئىكەن! سىزنى يەنىلا قۇتقۇزۇپ قېلىشنى ئويلىغان ئىدىم، ئامال قانچە، ئۆزىڭىزنىڭ شورى! بولدى، سىزنىڭ ئىشىڭىز توغرىسىدا كېيىن سۆزلىشەيلى، (كۆپچىلىككە) ھازىرقى گەپ، مەسئۇلىيەت ئېتىزلىرىدىن چىققان ئاشلىقنى بىر باشاق قالدۇرماي دۆلەتكە ئۆتكۈزۈۋېلىش! بۇ ئىشقا ھەم گۇڭشېنىڭ بۇندىن كېيىنكى پۈتكۈل ئىشلىرىغا سايىم شەجاڭ مەسئۇل بولىدۇ!

[سايىم گىدىيىپ، ئىككى قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا تىققان ھالدا تەكەببۇرلۇق بىلەن ئۇيان ـ بۇيان ماڭىدۇ، تۇراپ قاتتىق غەزەپكە كېلىدۇ، ئەزالار نارازىلىق بىلدۈرىدۇ.]

دېھقان A: يولداش باشلىق ...

دېھقان B: پىكىر! ... سېجاڭ ...

ھايىسخان: شەمەر سېجاڭ، بىز ...

شەمەر: (قولىنى كەسكىن سىلكىپ) مەن يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتىپ قوياي، بۇ، شەھەرلىك پارتكومنىڭ قارارى، ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ ھۆتۈت ـ پۆتۈت دېيىشكە ھەققى يوق! ئەگەر يەنە قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر بولسا ...

[دەل شۇ چاغدا يىراقتىن موتوتسىكلىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، ئارقىدىنلا شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ موتوتسىكلىت مىنگەن خەۋەرچىسى ئالدىراش كىرىپ كېلىدۇ.]

كاتىپ: (جىددىي ھالدا) شەمەر سىجاڭ ... ئۆزلىرىگە جىددىي ئالاقە ...

شەمەر: (كاتىپقا ئالىيىپ) نەدىن؟

كاتىپ: (قولىدىكى ئىككى پارچە كونۋېرتلىق ئالاقىنى ئۇزىتىپ) بىرسى شەھەرلىك پارتكومدىن، بىرسى ۋىلايەتلىك پارتكومدىن!

[ھەممەيلەن تىمتاس بولۇپ قالىدۇ، شەمەر بىرىنچى كونۋېرتنى يىرتىپ ئالاقىنى ئوقۇيدۇ.]
(سىرتتىن بېرىلگەن جاراڭلىق ئاۋاز): يولداش شەمەر! مۇشۇ ئالاقىنى ئالغان ھامان تېزدىن قايتىپ كېلىڭ! سىز غولتوغراقتا قانچە ئۇزۇن تۇرسىڭىز، زىيىنىمۇ شۇنچە ئېغىر بولىدۇ!

[شەمەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ دەسلەپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ھەيران بولىدۇ، كېيىن لەسسىدە بېشى چۈشىدۇ، دېھقانلار ئارىسىدا غۇلغۇلا، جانلىنىش بولىدۇ، شەمەر يەنە ئاستا ئېسىگە كېلىپ ئىككىنچى كونۋېرتنى يىرتىپ ئوقۇيدۇ.]
(سىرتتىن بېرىلگەن جاراڭلىق ئاۋاز): ۋىلايەت بويىچە «يەرلەرنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى» نى سىناق قىلىش نەق مەيدان يىغىنى غولتوغراقتا ئېچىلىدۇ، گوڭشې پارتكوم شۇجىسى يولداش تۇراپ يىغىندا تەجرىبە تونۇشتۇرۇشقا تەييارلىق قىلسۇن!
[دېھقانلار بىردىنلا جانلىنىپ خۇشاللىق كەيپىياتقا چۆمىدۇ.]

دېھقان A: تۇراپ شۇجى، سىزگە بارىكاللا!

دېھقان B: شۇجىمىزغا ئاپىرىن!

ھايىسخان: ۋاھ! ... بىزنىڭ تۇغرا چىقتى!

ھاشىم: (ھاياجان بىلەن) تۇراپ شۇجى، ئىمىن شۇجى (ئىككىسىنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ) ئەندى بىزگە كۈن تۇغدى!

كۆيچىلىك: دېھقانلارغا كۈن تۇغدى، بىزگە كۈن تۇغدى! قىزغىن تەنتەنە قىلىشىدۇ.

[شەمەر ئالاقىنى تۇتقان پېتى بىر چەتتە چوڭقۇر خىيال بىلەن تۇرۇپ قالىدۇ. سايىم چالۋاقاپ بېرىپ بىر بۇلۇڭدىكى كۆتەكتە ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرىۋالىدۇ.]

ھاشىم: ئۇلۇغ پارتىيىمىز بىز دېھقانلارنىڭ قەلبىنى ھەقىقى چۈشەنگەچكە ئاخىرى دادىمىزغا يېتىپتۇ! (ھايىسخانغا قاراپ) قىزىم، سەن بىزنىڭ بۇ شاتلىققا تولغان يۈرەك سۆزلىرىمىزنى بىر قوشاق قىلىپ ئېيتىمامسەن!

نەزالار: (مەدەت بېرىپ) ھە، ھە! ...

[دەل بۇ چاغدا بەختنى پەيدا بولۇپ، بىردەمدىلا ئاستىن - ئۈستۈن بولغان بۇ ئىككى خىل كەيپىياتنى كۆرۈپ، ھاڭ - تاڭ بولۇپ تەئەججۇپ بىلەن كۈزىتىدۇ.]

ھايىسخان: (چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن نەزمە ئوقۇيدۇ):

ئېغىر كۈنلەر چۈشۈپ باشقا،
ئېتەكلەر تولدى تاش ياشقا.
نە ئىمكان قالدى يارانلار —
سەۋر - تاقەتكە، بەر داشقا.

ئۇزۇن يىل تەلمۈرۈپ ئۆتتۇق،
مېھرى قىزىپ - قۇرۇق داشقا.
ئىشلىسەكمۇ شۇنچە قاتتىق،
بولدۇق تەشنا سىقىم ئاشقا.

AltunOq

بۇگۈن دىخانغا كۈن تۇغدى، يارالدى كەڭ - تاشا ئىمكان،
كەلدى نۆۋەت يايراشقا. بەخت باغىدا سايراشقا.

[كۆپچىلىك چاۋاك چېلىشىپ قىزغىن تەنتەنە قىلىدۇ.]

بەختى: (ھاشىم قاتارلىقلارنىڭ جۇشقۇنلۇق كەيپىياتىنى ۋە بىر چەتتە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان سايىم بىلەن روھى چۈشكۈن تۇرغان شەمەرنى كۆرۈپ ئالاقزادە بولۇپ سايىمنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بارىدۇ) شەجاڭ ئاتا، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان بىردەملىك ئارىلىقتا بۇ جاھان نېمە بولۇپ كەتتى؟! ...

سايىم: (دوق قىلىپ) نېمە بولغانلىقىنى سىجاڭ ئاتاڭدىن سورا!

بەختى: (سايىمدىن دەككىسىنى يەپ چۆچۈپ كېتىدۇ - يۇ، لېكىن يەنە بىزەڭلىك بىلەن شەمەرنىڭ ئالدىغا بارىدۇ) سىجاڭ ئاتا، زادى بۇ نېمە كارامەت؟

شەمەر: بەختىنىڭ گېپىنى ئىلىك ئالماستىن، قاتتىق خىجالەتلىك ئىچىدە كۆپچىلىككە كۆز يۈگۈرتۈپ، زەئىپ ئاۋاز بىلەن) يولداشلار، خوش ئەمەسسە. مەن قايتاي ... بۇ يەرنىڭ ئىشلىرى يەنىلا تۇراپ شۇجىغا قالدى ... (تۇراپقا) كۆڭلىڭىزنى چىگىپ قويدۇم ...

تۇراپ: (ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن) ھېچقىسى يوق، چىگىشلەر ئەمدى يېشىلىپ بولدىغۇ سىجاڭ.

شەمەر: خوش ئەمەسە ... (مېڭىشقا تەمشىلىدۇ)

سايىم: (بېشى چۈشكەن ھالدا شەمەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ) سىجاڭ، ئەندى مەن قانداق قىلىمەن؟

شەمەر: تۇراپ شۇجى قانداق قىلسا، سىزمۇ شۇنداق قىلىڭ!

[شەمەر مەيۈس ھالدا ئالدىراپ چىقىپ كېتىدۇ، كاتىپمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭىدۇ. سايىم ئۇياق - بۇياققا ئالا - تاغىل دەسسەپ بىردەم تەمتىرەيدۇ، ئۆزىچە جىلە بولىدۇ. شۇ چاغدا بىر ئايال ئەزا ھايىسخاننى سايىمغا قاراپ تەنە قىلىدۇ]

ئايال ئەزا: قارىسىلا ھايىسخان، سايىم بېگىمگە نېمە بولغاندۇ؟ ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىماۋازدەك تېپىرلاپ قالدىغۇ؟!



[ھايىسخان سايىمغا يېقىنلىشىپ، بېشىدىن - ئايىغىچە تازا زەڭ سېلىپ قارايدۇ، سايىم بولسا ئۇنىڭ تەنلىك، مەسخىرىلىك قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي سەھنىدىن چىقىشقا تەمشىلىدۇ، بەختى بىلەن ئەمبەرنىساخانىمۇ ئۇنىڭ ئارقىدىن پايپاسلاپ ماڭىدۇ. شۇ چاغدا، ھايىسخان قىزدىق ھەركەت بىلەن نەزەرە ئوقۇپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويىدۇ.]

ھايىسخان:

كۈنى تۇغدى دېخاننىڭ، چۈشتى تاۋۇز قولتۇغىدىن،
ئىشچان دېخاننىڭ. «جۆيلىمە» شەجاڭنىڭ!

[ئومۇمى كۈلكە كۆتىرىلىدۇ.]

ھاشىم: (ھاياجانلىق ئىلكىدە) بالىلىرىم، ھايىسخان بابا بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكىنى تېپىپ ناھايىتى جايىدا قوشاق توقىدى. بۈگۈن بىزنىڭ ھەقىقەتەنمۇ كۈنىمىز تۇغدى، ھوسۇل بىزنىڭ، ياغ چاينايمىز! بالىلىرىم تېپ تارتىدىغان شەمەر سېھىجاڭمۇ كېتىپ قالدى، قېنى ئەندى راسا سايراڭلار! ئويناڭلار! ...

[بىردىنلا پۈتۈن سەھنە شات - خوراملىققا چۆمۈپ، شوخ چېلىنغان مۇزىكىنىڭ تەڭكەشلىگىدە ئەر - ئايال ياشلار ناخشا ئېيتىپ، ئۇسۇل ئوينايدۇ. ئەتراپتىكىلەر ئۇلارغا ماسلىشىپ قىزغىن تەنتەنە قىلىدۇ.]

(ناخشا):

نۆۋەت بىزنىڭ، يەر بىزنىڭ، تەرىمىزدىن يارالغان،
يەرگە سىڭگەن تەر بىزنىڭ. گۆھەر بىزنىڭ، زەر بىزنىڭ.

(قايتارما): بەختى كۈلگەن دېخانلار، ئوينا!
يايراپ كۆتسۇن بۇ جانلار، ئوينا!

(ئۆزگىرىش):

يېڭى يولدا مېڭىۋەر، كۈنى تۇغدى دېخاننىڭ،
خامىنىڭنى ئېلىۋەر. ئەمگەك بىلەن يېيىۋەر.

(قايتارما): بەختى كۈلگەن دېخانلار، ئوينا!
يايراپ كەتسۇن بۇ جانلار، ئوينا!

[قىزغىن تەنتەنە ئىچىدە پەردە ئاستا - ئاستا يېپىلىدۇ.]

1984 - يىلى ئۆكتەبىر، قەشقەر — ئۈرۈمچى.

# مۇزىكىدىكى سۈرەت

نەسىر

— «لەيلىگۇل» سىمفونىيىسىنى ئاڭلىغاندا —

**ئەخمەت ئىمىن**

## مۇقەددىمە

ئىھ، مۇزىكا. سەن ھېسسىياتلىق ئىنساننىڭ يۈرەك تىلى. سەن سۆزمەنلىكى بىلەن تاشنى ئېرىتەلەيدىغان ناتىقلار، قەلىمىنىڭ ئۇچىدىن گۈل ئۈندۈرەلەيدىغان شائىرلارمۇ ئىزھار قىلالمايدىغان ئەڭ نەپىس، ئەڭ نازۇك، ئەڭ گۈزەل ھېس - تۇيغۇلارنى ئايان قىلىشقا قادىر.

قايسى بىر زامانلاردا، بوۋام ساتارنى قولغا ئېلىپ، زاۋال قاراڭغۇلىقىدا دۈمچىيىپ ياتقان مىسكىن قەۋرىلەرگە يۈزلەنگەن ھالدا مۇڭلۇق مۇقاملارنى چالاتتى. مەن شۇ چاغدا سېنىڭ سېھرىي كۈچۈڭنى چۈشەنگەن. ياماق چەكمەنلىك تاغامنىڭ ساپايىسىنى ئەلەم بىلەن مۇرىگە ئۇرۇپ شاراقلىتىشلىرى، پەلەك زۇلمىدىن ۋاقىتسىز قېرىغان مەزلۇمنىڭ راۋابىنى پىغان بىلەن چېكىشلىرى، ھايۋان كەبى ئۆتۈۋاتقان ئۆمۈرنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالغان يېتىم پادىچىنىڭ سىرداش نېيىنى ئىڭرىتىشلىرى، جاھالەتلىك زامانغا قارىغۇدەك رەۋىشتە قالماي، ئىككى كۆزىنى چىڭ يۇمغىنىچە ئەلەم دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كېتىۋاتقان ئىمران يىگىتىنىڭ تەمبۇرىنى مەرغۇللىتىشلىرى... ھېلىمۇ ئېسىمدە.

ئەللەي كۈيىدە ئاستا تەۋرىنىپ، ئانىسىنىڭ مۇنچاق - مۇنچاق كۆز ياشلىرىدىن ئالمىدەك مەڭزىگە خال قوندۇرۇۋالغان سەبىي بوۋاقلارنىڭ ئەتراپقا مۆل - مۆل تەلمۈرۈپ قاراشلىرى؛ ساماۋەرلەردە قاق - جىگدە بىلەن سىنچاي ئىچىپ، يەلكىسىدىن تاغ مىسالى قايغۇ بېسىپ ئولتۇرغان غېرىپ - مۇساپىرلارنىڭ ئەلنەغمىگە مەس بولۇپ، مۇڭلۇق كۈيدە كەچكۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلىدا تىترەپ تۇرغان ياپراقتەك لىڭشىپ ئولتۇرۇشلىرى؛ كۆرەك جۇۋىسىغا يۆگىنىپ، ئۇستىبېشى قار - قىراۋغا چۆمكىلىپ، مۇز - داۋانلاردىن ئۆتۈۋاتقان جاپاكەش ھارۋىكەشلەرنىڭ ئاھ - زار يىغىپ تۇرغان ناخشىلارنى مايسىراپ كەتكەن چاقلارنىڭ غىچىرلاشلىرىغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىشلىرى؛ ئايدىڭ كېچىلەردە شەمشاد قەددىنى يادەك پۈكۈپ، ماڭلىيىدىن تەر، كۆزىدىن قان - ياش تۆكۈپ ئېتىزلىقتا ئىشلەۋاتقان دېخانلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلار ئۇرغۇپ تۇرغان ئۇما ناخشىسىنى ئوغاقنىڭ شىتىرلىشىغا جۆر قىلىپ تەۋلاشلىرى؛ تىنجىق، قاراڭغۇ كۆ-

مۇر كانلىرىدا قارا ـ قۇرۇمغا مىلىنىپ، ياسكىنا سۇلارغا چىلىنىپ ئىشلەۋاتقان خاكچىلارنىڭ قوللىرىدىكى جوتۇلارنى گۈپىلدەتلىشلىرىگە، ئۆزلىرىنىڭ ھۆپىلدەشلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ خاكچىلار ناخشىسىنى غىڭشىپ ئېيتىشلىرى... ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

ئېھ، مۇزىكا، سەن شۇ زامانلاردا ئەجدادىمنىڭ دەردىگە، داۋا، رەنجىگە شىپا ئىدىڭ، دەرتمەن بوۋام سېنىڭ ياڭراشلىرىڭدىن ئۆزىنىڭ نەۋقىران دەۋرىگە قايتا يانغاندەك بولاتتى. غەزەلخان ئاچام سېنىڭ ئەۋجىڭدىن ئارمىنىغا يەتمەي تۇزۇپ كەتكەن ئاشىقىنىڭ ۋىسالىغا غايىۋانە يەتكەندەك بولاتتى. پۇت ـ قوللىرىدىكى كويزا ـ كىشەنلەرنىڭ سىقىمىدا ھالسىزلانغان ئاكام سېنىڭ جاراڭلاشلىرىڭدىن يېڭىلىكىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە قايتا تولاتتى. چۈشكۈنلۈك شارابىدا بېشىنى سىلىپ ئولتۇرغان ئىنسان سېنىڭ شوخ، جەڭگىۋار تېمپىلىرىڭدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، مۇشتۇملىرىنى تۈككىنىچە ئورنىدىن دەس تۇراتتى؛ سەن ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە ئىنتىقام يالقۇنىنى، كۆزلىرىدە قىساس گۈلخانىنى ياندۇراتتىڭ. سەن ئۇلارغا جەڭ سەپىرىدە ئىلھامچى يولداش، مۇشكۈلات داۋانلىرىدا مەدەتكار قولداش ئىدىڭ.

مېنىڭ كۆيخۇمار خەلقىم، مېنىڭ مۇڭخۇمار خەلقىم، مېنىڭ قىساسكار خەلقىم، مېنىڭ ئىسيانكار خەلقىم — مېنىڭ ۋۇجۇدى قان بىلەن گۆشتىنلا ئەمەس، ھەر بىر ھۈجەيرىسى سېزىم ـ تۇيغۇ بىلەن يارالغان سەنئەتكار خەلقىم سېنى چۈشىنەتتى، سېنى قەدىرلەيتتى، سېنى ئۇلۇغلايتتى.

مەنمۇ شۇ ئەجداتنىڭ پۇشتى، مەنمۇ سېنى چۈشىنىمەن، سېنى ئۇلۇغلايمەن.

سەن ئىلھام مەنبەسى، ئىلھام ئۇرۇقى.

سېنىڭ بۇلىقىڭ گىگانتلىقىڭنىڭ چوققىسىدا ئەمەس، بەلكى نەپىسلىكىڭنىڭ يۈرىكىدە.

سەن ھاياتنىڭ ئۇلۇغ تىنىقى.

سەن تىلسىز سېزىمنىڭ شاۋقۇنلۇق ساداسى.

سەن شەكىلسىز تۇيغۇنىڭ مۇپەسسەل سۈرىتى.

ئېھ، مۇزىكا، مەن ساڭا ئېنىقلىما بېرىشكە تولىمۇ ئاجىز، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا گويا بىر كېپەك، مەن: «كۆي... كۆي... قەلب كۆيى» دېگەندىن باشقا ھېچنېمە دېيەلمەيمەن.

ئېھ، مۇزىكا، ياڭرا! مەن سېنىڭ بۈيۈك سېزىم ئاسمىنىڭدىن يۇلتۇز ئۈزەي، بەلكىم بۇ يۇلتۇز ئۇماق ئۇسۇلچى سىڭلىمنىڭ تاجىسىغا يارىشىملىق زىننەت بولار.

ياڭرىغىن، كۆيۈم، ياڭرا! مەن سېنىڭ چوڭقۇر تۇيغۇ دېڭىزىڭدىن ئۈنچە ـ مەرۋايىت سۈزەي. بۇ مەرۋايىتنى جانانىم بويىنىغا زوقلىنىپ ئاسقىنىمدا، مەن بەلكىم ئۆز ئەجرىمنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرگەندەك بولارمەن.

ئېھ، مۇزىكا، ياڭرا! مەن سېنىڭ كارامەتلىك قوللىرىڭدىن قەلەم ئېلىپ، يۈرىكىمنىڭ سىياسى بىلەن سۈرەت سىزاي. ياق، بۇ سۈرەت مېنىڭ ئىجادىيىتىم ئەمەس؟ سېنىڭ ھەربىر ئۇرغۇشۇڭ بىر جانلىق سۈرەت. مەن سېنىڭ — دۇنيادىكى تەڭداشسىز رەسسامنىڭ گۈزەل سەنئىتىنى تەقلىد قىلاي، كۆچۈرەي. بەلكىم ھەۋەسكار ئۈچۈن ئىشنىڭ دەسلەۋانىسىنى تەقلىتچىلىكتىن باشلاش ئانچە گۇنا بولماس.

× × ×

مەن رادىيودىن ئۇسۇللۇق ئوپېرا «لەيلىگۈل»نىڭ مۇزىكىسىنى ئاڭلىماقتىمەن. ھەيۋەتلىك مىزگان، مۇڭلۇق مىللىي چالغۇلارنىڭ كۈي - ساداسى ئۆزىنىڭ لەرزان ھېسسىياتى بىلەن قانلىرىمنى ئۇرغۇتماقتا. مېنىڭ ھاياجان قاناتلىرى بىلەن قاناتلانغان خىيال كەپتىرىم مۇزىكىنىڭ ئۇرغۇتۇشى بىلەن بۈيۈك سېزىم ئاسمىنىغا قاراپ كۆتىرىلمەكتە...

## ١. مۇھەببەت ۋە سۇيقەست

مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچىدىن پەيدا بولغان ھېسسىيات بورانلىرى خىيال يەلكىنىمنى تۈيغۇ دەرياسىدا ئاققۇزماقتا...

مانا، كۆز ئالدىمدا دولقۇنلىرى بىر - بىرىگە مىنگىشىپ ئېقىۋاتقان ئەزىم دەريا؛ ساھىلىدا لالە - رەيھان، لەيلى قازاقلار بەرق ئۇرغان، جىگدە چېچەكلىرى كىشىنى مەس قىلارلىق خۇشپۇرىقىنى چېچىپ تۇرغان، مەجنۇن تاللار سۈزۈك سۇغا چىلىشىپ ياتقان دەريا بويى؛ يېشىل مەخمەلدەك چىمەنزارلىققا چۆمكەلگەن يالغۇز ئاياق يوللار...

پەدىسى نازغىنىپ بېسىلغان راۋاپنىڭ تىترىگەن ساداسىدىن لەرزىگە چۆمگەن قەلبىم مۇزىكا تەسەۋۋۇرىدىن بىنا بولغان بايىقى يولدا، جاھان گۈزەللىكىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان بىر جانان قىزنىڭ لەرزان دەسسىگىنىچە دەريا تامان كېلىۋاتقانلىقىنى تۇيغاندەك بولدى.

مەن بۇلبۇلنىڭ چاڭقىلداشلىرىنى ئاڭلاۋاتىمەن، مەن بۇلاق سۇلىرىنىڭ شىرىلداشلىرىنى تىڭشاۋاتىمەن، بەلكىم بۇ بۇلبۇل ھىلىقى جانانىنىڭ — لەيلىگۈلنىڭ يۈرەك كۈيىنى ئىزھار قىلىۋاتقاندۇ؛ ئۇنىڭ ئويناق كۆزلىرىدەك چىرايلىق كەلگەن بۇلاقلاردىن قايناپ چىقىۋاتقان كۈمۈش سۇلار كىچىك - كىچىك ئېقىنلىرىدا بايامقىدەك شىرقىراشلىرى بىلەن ئۇنىڭ قەلب سىرىنى — ئۇنىڭ ئەركىن مۇھەببەتكە بولغان ئىنتىلىشىنى ئايان قىلىۋاتقاندۇ.

راست، خۇددى تىيانشاننىڭ ئېگىز چوققىلىرىدىن تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ ئويناقشىپ ئېقىپ چۈشكەن كۈمۈش سۇلارنىڭ كىچىك - كىچىك ئېقىنلاردا ئىگراپ ئاققىنىغا ئوخشاش، بەختسىز قىسمەتنىڭ سىقىقىدا تولغىنىپ ياشاۋاتقان لەيلىگۈل ۋە ئۇنىڭ زامانداشلىرى ئەركىنلىككە، ئەركىن مۇھەببەتكە نەقەدەر ئىنتىزار بولغىيتتى - ھە!؟

ئىھ، مۇھەببەت، سەن ئىنسان ھاياتىغا ھەقىقىي جان، چىن مەنا بەرگەن ئەڭ گۈزەل تۇيغۇ، پەقەت سەن بولغاچقىلا ناتىۋان قىز - يىگىتلەر دەشت - چۆللىنىمۇ چىمەنزار بىلىدۇ، پەقەت سەن بولغاچقىلا تاقىر تاغلار ئۇلارغا ئەڭ گۈزەل سەيلىگاھقا ئايلىنىدۇ. جاھاننىڭ جىمى گۈزەللىكى پەقەت سەن بولغاچقىلا گۈزەل؛ سېنىڭسىز ئۇ گۈزەللىك جانسىز ھەيكەل، سېزىمسىز سۈرەتكە ئايلىنىدۇ.

مەن مۇھەببەت ھەققىدىكى تەپەككۇرنىڭ كۈچلۈك جەزبىسىگە مەپتۇن بولغان ھالدا، مۇزىكا تىلىنىڭ تەسىرلىك بايانىدىن يېڭىدىن - يېڭى سۈرەتلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈۋاتىمەن؛

مانا، لەيلىگۈل سوغىسىغا سۇ ئېلىش ئۈچۈن سەرۋى قەددىنى نۇغا ئېگىشتۈردى، ئۆشتۈمتۇت، بىر تال تاش چۆلتۈككىدە سۇغا چۈشۈپ، چاچرىغان سۇ تامچىلىرى ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى،

AltunOq

كېپىنەم - كېپىنەكلەرگە ئۈنچە - مارجاندەك چېچىلدى. ئۇ كەينىگە قايرىلىپ شوخ قىز دوستلىرىنى كۆردى - دە، كۆزلىرىدىن نۇر، لەۋلىرىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ گۈلدەك ئېچىلدى.

قىزلار سۆزچېچىشىپ ئويناشماقتا، گۈلزاردىكى كېپىنەكلەردەك بىر - بىرىنى قوغلاشماقتا ئۇلارنىڭ كۈلكىسىدە بۇلبۇل ناۋاسى، قىقاسىدا ئەزىم دەريا شاۋقۇن - ساداسى ياڭرىماقتا. ئۇلار كەڭرى چىمەنلىككە كېلىپ توختىدى، دەريا ئۆركەشلىرىدەك داۋالغۇپ تۇرغان تىنىقىنى رۇسلىدى.

رېتىملىق ئۇرۇلغان داپ ئاۋازى بىلەن، قىزلاردىن بىرى قىرغاقنى سۆيۈپ كېتىش ئۈچۈن تۇرۇلۇپ كەلگەن دېڭىز دولقۇنىدەك، سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىتتىك كىردى - دە، ئىككى قولىنى كېپىنەكتەك كېرىپ، قۇيۇندەك بىر ئايلىنىۋەتتى، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، بوستان چاچلىق بېشىنى مەجنۇنتالدەك ئېگىشتۇرۇپ لەيلىگۈلگە تازىم قىلدى. لەيلىگۈلمۇ جاۋاپ تازىمىدىن كېيىن كەكلىكتەك يورغىلاپ سورۇنغا چۈشتى.

گۈلەمخاننىڭ قوش پۆپۈكى    كىمنىڭ - كىمنى يار تۇتىشىن
يەرگە تېگەمدۇ؟    ھەركىم بىلەمەدۇ؟
ئونبەش ياشقا كىرمەي تۇرۇپ    يۈزى سۆيمەي، مەيلى بولماي
ئەرگە تېگەمدۇ؟

«گۈلەمخان» ئاھاڭىدا چېلىنىۋاتقان مۇڭلۇق مۇزىكا ساداسىنىڭ ۋۇجۇدۇمنى يەڭگىل تىترىتىشى بىلەن خىيالىم سەھنىسىدە ئۇسۇل باشلاندى.

ئېھ، مېنىڭ ئۇسۇل خۇمار خەلقىم، سەن خۇشاللىق چاغلىرىڭدىمۇ، قايغۇلۇق مەزگىللىرىڭدىمۇ، ئۇسۇلنى ئۆزەڭگە دوست تۇتۇپ كەلدىڭ. مەن بوۋاقلىرىڭنىڭ پۇت - قوللىرىنى تەمپەكلىتىشلىرىدىمۇ، قىزلىرىڭنىڭ خۇلۇقلۇق دەسسەپ مېڭىشلىرىدىمۇ، يىگىتلىرىڭنىڭ شوخلۇق بىلەن يەلكە قېقىشلىرىدىمۇ، بوۋاي - مومايلىرىڭنىڭ تىزۇت - تەۋەززۇلىرىدىمۇ ئۇسۇل رېتىمىنى بايقايمەن. ئاسمىنىڭدىكى ئۇچار - قاناتلار ئۆزلىرىنىڭ رېتىملىق قانات قېقىشلىرىدا، زېمىنىڭدىكى گۈل - چېچەك، تالى مەجنۇنلار ئۆزلىرىنىڭ مەيىن چايقىلىشلىرىدا، يايلىقىڭدىكى قوي - قوزا، كىيىك - ماراللار ئۆزلىرىنىڭ قىيغىتىپ دەسسەشلىرىدە بەلكىم سېنىڭ ئۇسۇلۇڭنى دورايدىغاندۇ؛ يا بەلكىم سەن تەبىئەتتىكى جىمى ھەركەت گۈزەللىكلىرىنى نەپىس ئۇسۇلۇڭ بىلەن ئايان قىلىدىغاندۇرسەن.

سەن ئۆزەڭنىڭ كېلىشىملىك، ھېسسىياتلىق ئۇسۇلۇڭ بىلەن ھەسرەت - شاتلىقىڭنى، ئىشەنچ - تەشۋىشىڭنى، نومۇس - ئىپتىخارىڭنى، مۇھەببەت - نەپرىتىڭنى، غەيرەت - شىجائىتىڭنى، ئارزۇ - ئارمىنىڭنى بايان قىلىپ كەلدىڭ. سېنىڭ گۈزەل ئۇسۇللۇرۇڭ ئىنسانغا ئاجايىپ لېرىكىلىق داستانلار بەخش ئېتەلىگەن ئېستېتىك زوق ۋە بەدىئىي لەززەت بېغىشلىيالايدۇ.

مەن ساماغا چۈشكەن پەرزەنتلىرىڭنى كۆرگىنىمدە، مەنمۇ سېنىڭ ھالال پەرزەنتىڭ بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇلارغا سۆيۈنىمەن، مېنىڭمۇ بىئىختىيار سورۇنغا چۈشۈپ كەتكۈم كېلىدۇ.

شۇ تاپتا، مەن خىيالىم سورۇنىدا ئۇسۇلغا چۈشكەن لەيلىگۈلگە زوقلىنىپ ئۇنى تويغىنۇ كۆزلىرىمدە تاماشا قىلماقتىمەن.

بارماقلارنىڭ قاسىلداشلىرى، تەڭكەشلەنگەن چاۋاك ئاۋازلىرى بىلەن كۆز ئالدىمدا گۈزەل تۇزنىڭ رەڭدار قاناتلىرىنى ئاستا يېيىۋاتقىنىدەك كۆرۈنۈش پەيدا بولدى. لەيلىگۈل چەرخ زۇلمىدىن سىلىنغان بېشىنى سەنئەت قۇدرىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس قوللىرى بىلەن رۇسلىماقچى بولغاندەك، ئوڭ قولىنى سەل سىلىنغان ئىڭىكىنىڭ ئاستىغا ئەكىلىپ، سول قولىنى زىلۋا بېلىگە يايىسىمان ئەككىنىچە، كۆزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ، قۇلۇندەك يورغىلاپ دەسسەشكە باشلىدى:

ئەتە بىلەن كۈن قىزىرىپ
بۇلۇت تالاشۇر.
ياخشى بىلەن ئۆتكەن ئۆمۈر
خويمۇ ياراشۇر.

يار تۈۋىدە ئويلەر بولسا
ئوينىسا، كۈلسە.
قەدىر بىلگەن يار يېنىدا
ئولتۇرسا، ئۆلسە...

لەيلىگۈلنىڭ تاشلاپ ـ تاشلاپ مېڭىشلىرىدىن ھەمراسىنى ئىزلەپ چۆلدە كېتىۋاتقان بوتىلاقنىڭ ئىنتىزارلىقىدەك بىر خىل ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ بىر ئالقىنىنى بېشىدىن، بىر ئالقىنىنى كۆكسىدىن ھالقىتىپ، مۈرىسىنى رىتىملىق سالغىنىچە كۆككە تەلمۈرەتتى. ئۇنىڭ ئويناق كۆزلىرىدە قەلبىدىكى ئارزۇ ـ ئارمانىنىڭ ئۇچقۇنلىرى پارلايتتى. تۇيۇقسىز، ئۇنىڭ نازۇك تېنى كەچكۈز شامىلىدىكى بەرگى ـ ياپراقتەك تىترەپ توختىدى...

مىزگىل كۈيىدىن گويا قۇلاق تۈۋىدە ۋەھشى قاۋاننىڭ خاقىراشلىرى ئاڭلانغاندەك ۋۇجۇدۇم ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتى.

مانا، كەپتەرلەر پەرۋاز قىلىۋاتقان سۈزۈك ئاسماندا ئۇشتۇمتۇت قارا قۇزغۇن پەيدا بولدى. قىزلار لاچىندىن ئۈركىگەن باچكىلاردەك پىتىراپ كەتتى.

گويا تەسەۋۋۇرۇمدا بىر زەھەرلىك ئىلان ۋىشىلداپ چىقماقتا. بۇ ئىلان ئۇچۇرۇم بولمىغان بالاپانلار① ئۇۋۇلىغان دەرەخكە ياماشماقتا، قۇش باللىرى ۋەھشى ئىلاندىن قورقۇپ چۇرۇلدىماقتا...

ئەنسىز مۇزىكا سادالىرىنىڭ ئىچىدە، كۆز ئالدىمغا زېمىندارنىڭ شەھۋانىيەت يېغىپ تۇرغان رەزىل كۆزلىرى بارغانسېرى يوغىناپ ـ يوغىناپ گەۋدىلەنمەكتە. گويا كۆز ئالدىمدا تىلى ساڭگىلىغان، شۆلگەيلىرى ئېقىپ تۇرغان يىرتقۇچ بۆرە، ئۇنىڭ ئالدىدا نىجاتلىق ئىزلەپ ھەريان تەلمۈرۈۋاتقان، تىترىگىنىچە كەينىگە ئاستا ـ ئاستا داجىۋاتقان بىچارە قوزا.

ئىككى ـ ئۈچ دەسسەپ ئالدىغا بىر سەكرەپ قويىدىغان قەدەم رىتىمىنى ئەسلىتىۋاتقان مۇزىكا ئۇدارىدىن كۆز ئالدىمغا ھىلىگەر تۈلكىنىڭ قىياپىتى گەۋدىلىنىشكە باشلىدى.

مانا، زېمىندار تۈلكە قىياپىتى بىلەن لەيلىگۈلنى ئالدىماقتا.

لەيلىگۈل كۆكۈيۈن قورۇۋاتقان تايدەك بويىنىنى تەھرلى بىلەن چايقىماقتا.

زېمىندار ئۇنىڭغا يېلىنىپ كۈچۈكلەنمەكتە.

لەيلىگۈل سىڭا قانىتىنى ئۇرغان تۇمۇچۇقتەك ئۇنى سىلكىمەكتە...

تۇيۇقسىز، دۈپۈرلەپ كېلىۋاتقان ئاتلارنىڭ ئاياق تېۋىشىنى ئەسلىتىدىغان مۇزىكا سادىسى ئاڭلاندى.

① بالاپان — قۇش بالىسى.

گويا كۆز ئالدىمدا مۆڭگۈزلىرىنى بىر يەرگە قىلىپ بۆرىگە مۇقابىل تۇرۇۋاتقان ئارقارلار توپى.

مانا! قىزلار پەرۋانىدەك چۆرگىلىگەن پىتى لەيلىگۈلنى ھىمايە ھالقىسىغا ئالماقتا. زېمىندار بىرلىك قۇدرىتىدىن ئەيمەنگەن ھالدا كەينىگە داجىپ - داجىپ يانماقتا...

ئەشتۇمتۇت، نەي ئاۋازى ياڭرىدى.

گويا كۆز ئالدىمدا زۇلمەت پەردىسى كۆتىرىلىۋاتقاندەك، تاڭ بالقىپ - بالقىپ ئېچىلىۋاتقاندەك، ئاپپاق ماموق بۇلۇتلار سۇرۇلۇپ - سۇرۇلۇپ كېلىۋاتقاندەك بىر كۆرۈنۈش پەيدا بولدى.

يىراقتىن پادىچى يىگىت قويلارنى ئۈتلىتىپ كەلمەكتە؛ لەيلىگۈل ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ قەلبىگە يىراقتىنلا غايىۋانە بىر كۈچ ۋە ئىشەنچ بەرمەكتە.

مەن بىرلىكنى ئۇلۇغلايمەن؛ ئۇ، جاھاننى تىترىتىدىغان قۇدرەت ئىگىلىرىنى يەرگە روكۇ قىلدۇرۇۋېتەلەيدىغان، ئاجىزلارنى يەر - زېمىننى زىلزىلىگە سالىدىغان ھالغا كەلتۈرەلەيدىغان قۇدرەت. مەن مۇھەببەتنى ئۇلۇغلايمەن؛ ئۇ، ئاجىزغا قۇۋۋەت، روھسىزغا مەدەت بېغىشلىيالايدىغان مەنىۋى كۈچ. ساداقەت ۋە ئىشەنچ ئۇنىڭ جېنى؛ نومۇس ۋە ئىپتىخار ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغىتىدىغان قان.

مەن قۇلىقىمغا ئاڭلىنىۋاتقان شوخ تېمپىلاردىن سېھىرلىك دەرياسىدا ئۈزۈۋاتقان مۇھەببەت قوشماقلىرىنىڭ ۋىسال سەينىمىگە دەسسەۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇم، مەنمۇ لەيلىگۈل ۋە ئۇنىڭ يىگىتىنىڭ ئۇچرىشىش خۇشاللىقىغا زوقلىنىۋاتقان ئەشۇ سىررۇندىكى ئاقكۆڭۈل دوستلارغا ئوخشاش شاتلاندىم، مېنىڭ يەلكىلىرىممۇ ئۇسۇل سەينىمىگە چۈشۈپ قىمىرلاشقا باشلىدى، قەلەممۇ سەكرەپ - سەكرەپ قۇرلارنى ئاق قالدۇرۇپ، يېڭى بىر بەتكە قەدەم تاشلىدى.

## 2. قايغۇ ۋە كۈرەش

ئىگىردىغان كۈي ساداسى ئىچىدە خىيالىم سەھنىسى ئاستا - ئاستا قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى. بۇ زۇلۇم زۇلمىتى، قايغۇ قاراڭغۇلۇقىدىن پەيدا بولغان كۆرۈنۈش ئىدى. قارا نىيەت قاغا - قۇزغۇنلار مۇھەببەت گۈلىستانىنى قورشاشقا باشلىدى. ئەمدى بەرق ئۇرۇپ ئېچىلاي دەپ تۇرغان قىزىلگۈلگە ۋەھشىنىڭ قارا قولى سوزۇلدى.

مەن گۈزەللىك خۇسۇسىدا ئويغا چۆمۈۋاتىمەن. گۈزەللىك دۇنياغا كۆشەندىسى بىلەن قوشماق بولۇپ تۇغۇلغان بولغىيمىتى؟ خۇشاللىققا ھەمىشە قايغۇ - ھەسرەت شېرىك بولغىنىدەك، بەخت - سائادەتكىمۇ بالايى - ئاپەت ھامان قارا كۆلەڭگىسىنى سېلىپ تۇرىدىكەن. نازۇكلۇق گۈللىرى دېۋەڭلىك تاپىنىدا يەنچىلىدىغان، ناتىۋانلىق يۈرىكى زوراۋانلىق خەنجىرىدە قوچىلىدىغان بۇ تەتۈر قىسمەت بىچارە مىسكىنلەرنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلۈپ كەتكەنمىدۇ؟...

ئەنسىز مىزگان كۈيىدىن كۆز ئالدىمدا گويا قاراڭغۇ كېچىدە بىر توپ ئوغرى مۈشۈكلەرنىڭ تىمىسقاپ كېتىۋاتقىنىدەك ۋە ياكى بىرمۇنچە قارىغۇ ياپىلاقلارنىڭ يوپۇرۇلۇپ ئۇچۇۋاتقىنىدەك بىر كۆرۈنۈش پەيدا بولدى.

مانا، زەمىندار ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرى لەيلىگۈلنى بۇلاپ كېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قىستاپ كەلمەكتە.

لەيلىگۈل قولىدىكى ئارقىسىغا داجىپ — داجىپ چېكىنمەكتە.
زەمىندار بويىنىنى سېخىزخانىدەك لىكىلدىتىپ ئۇنى ئالدىماقتا.
لەيلىگۈل چوققىدىكى بۈركۈتتەك قىيا بېقىپ مەغرۇرانە تۇرماقتا.

مانا، زەمىندارنىڭ پوپوزىسى باشلاندى. لەيلىگۈلنىڭ كۆزلىرى ئەلەم — نومۇستىن ياشلاندى. زەمىندار ئۇنىڭغا چىلبۆرىدەك تاشلاندى، ئۇ ئۆزىنى چەبدەسلىك بىلەن يانغا ئالدى، زەمىندار شۇ تېزلىكتە ئۆزىنى توختىتالماي ئۇدۇل ئۆستەڭگە باش سالدى.

مانا، غالچىلارنىڭ ياردىمىدە سۇدىن سۇزۇۋېلىنغان ئىت شۈمشەيگەن تۈكلىرىنى سىلكىمەكتە؛ ئۇ ئەتراپقا سۇ ئەمەس، بۇندا چاچراتماقتا؛ ئۇ ئاغزىدىن قۇسۇق ئەمەس ئوغا — زەھەر يانىدۇرماقتا؛ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ۋەھشىلىك تامماقتا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئەلەم ئۇچقۇنلىرى چاچرىماقتا...

جىددى چېلىنغان مۇزىكىدىن قارا بۇلۇتلارنى تۇيۇقسىز يېرىپ چىققان چاقماقتەك بىر نۇر يالىلدە كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى. بۇ لەيلىگۈلنىڭ يىگىتى قادىرنىڭ نۇرلۇق سىماسى ئىدى. ئۇ ئىلان — چايانلار بىلەن ئېلىشماقتا، توڭگۇز — قاۋانلار بىلەن چېلىشماقتا؛ ئۇ ئىتلارنى پەشۋا بىلەن ئۇرۇپ يىقىتماقتا، دېمىنى روسلاپ يەنە بەلىنى چىڭىتماقتا.

بايامقى قىزىلگۈل قاراڭغۇلۇق ئىچىدە گويا يىلمىنجىغان چوغدەك بارغانسېرى تىزلىنىپ جۇلالانماقتا. بۇ ۋاپادار لەيلىگۈلنىڭ گۈل سىماسى ئىدى. ئۇ تەستەك بىلەن زەمىندارنىڭ كاچىتىغا سالماقتا، غالچىلارنىڭ پۇتلىرىدىن چالماقتا؛ ئۇ ئىپلاس قوللاردىن ئۆزىنى ھەر يانغا ئالماقتا، ئۇنىڭ سۇمبۇل چېچىغا ئىپلاسلار رەزىل چاڭگىلىنى سالماقتا...

قاراڭغۇ كۆلەڭگىلەر بارغانسېرى كۆپىيىدى، ئەتراپ زۇلمەت قاراڭغۇلۇققا تولۇق چۆمەكەلدى.

مۇزىكىدىن چولتۇكتىندە قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم،

— بۇ، قادىر ئىلىك ياردىن ئۆزىنى ئىتتىك ئېقىۋاتقان دەرياغا تاشلىغان ئاۋازمىدۇ؟
قولىقىمغا دەريا شاۋقۇنى ئاڭلانماقتا.

راست، دەريادا قادىر ئاقماقتا، يالغۇز ئۇلا ئەمەس، دەريادا سۇ ئورنىدا قان، ياش ئاقماقتا، دولقۇنلار ياقىسىنى چاك ئېتىپ يىغلاۋاتقان لەيلىگۈلدەك تولغانماقتا، شاۋقۇنلار دەرتمەن سەلقتەك ئاھ ئۇرۇپ پەريات سالماقتا.

ئۇلار نېمە گۇناسىغا شۇنچىلىك كۈلپەتلەرنى تارتىدىغاندۇ؟ ئۇلار ئەركىن مۇھەببەتكە تەلپۈنگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۇشۇنداق جازالارغا مەھكۇممۇ؟ ئۇلار ئەقەللىي ئۇچار قاناتلارچىلىك ئەركىن يايراپ يۈرۈش ھوقۇقىغىمۇ مالىك ئەمەسمۇ؟

— مەن كىشىلىك ھوقۇقى ھېچقانداق كاپالەتكە ئىگە بولمىغان ئۆتمۈش كارتىنىلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈۋاتىمەن. پۇت- قوللىرى چەمبەرچاس باغلانغان لەيلىگۈل ۋە شۇ تىمسالى

جاھالەت ئارقىنىغا چۈشەلگەن ئەل - يۇرتىنىڭ ھەسرىتىدىن كۆزلىرىم ياشقا تولدى. مېنىڭ زېمىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشكەن كۆز ياشلار بۇ ھەسرەتلىك سەھىپەمنىڭ ئاخىرقى قۇرىغا كۆپ چېكىت قالدۇردى....

## 3. بۆرە ئۇۋىسىدا

يەللىك مۇزىكىلارنىڭ شاۋقۇن ساداسى ئىچىدە ئىڭراپ چىقىۋاتقان راۋاپ ئاۋازى بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى.

مانا، كۆز ئالدىمدا زىلچە گىلەم، تاۋار - تورقىلار تارتىلغان ياسىداق ئۆي. مەھكۇملۇق بويۇنتۇرۇقىدا نالە قىلىۋاتقان لەيلىگۈل.

ئاھ، ئەركىنلىك، سېنىڭسىز ئالتۇن قەپەز بۇلبۇل ئۈچۈن تۆمۈر زىندانغا ئايلىنىدۇ؛ سېنىڭسىز ئاتالمىش جەننەت ئىنسان ئۈچۈن ۋەيلۇن دوزاقنىڭ ئۆزى.

لەيلىگۈل نىجاتلىق ئىزلەپ ئەتراپقا تەلمۈرمەكتە، ياسىداق ئۆي ئۇنىڭغا شۇتاپ ئاغزىنى ھاڭدەك ئېچىپ تۇرغان ئەژدىھاردەك بىلىنمەكتە. كىمخاپ - تەتىللالارغا تارتىلغان زەرلەر ئۇنى چاياندەك چاقماقتا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەمەس قان، يۈرىكى ئاقماقتا.

ئاھ، رەھىمسىز ئالەم، ئاجىز لەيلىگۈلگە زۇلۇم نەشتىرىنى نىمانداق سانچىيدىغانسەن؟! ئۇنىڭسىز مۇ سېنىڭ قۇينۇڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن مىسلى زىندان ئەمەسمىدى؟! شۇ زىنداندا تۇغۇلۇپ تۇرغىنىنىڭ يەتمىگەندەك، ئەمدى ئۇنى ئۇستىلەپ تەپەزگە بەنت قىلدىڭمۇ؟ زىندان، زىندانىنىڭ ئىچىدە ھەم قەپەز، بۇ جاننى ئەمدى نەگە قويغۇلۇق؟! خەير، كېندىك قان تۆككۈلگەن تۇپراق، خەير دوست - ياران!

ئەلۋىدا...

ئۇ سىرتماققا بوغۇلۇپ ئۆلۈۋالماقچى بولسا كېرەك، ياق، ياق، ئۇ ئۆلمەسلىگى كېرەك!

نەي ئاۋازى ياڭرىماقتا، مېنىڭ كۆز ئالدىمدىمۇ ئۈمىت شولىسى كۆرۈنمەكتە.

لەيلىگۈلنىڭ چۈشكۈنلۈك بۇلۇتلىرى قاپلىۋالغان خىيال ئاسمىنىدا يىگىتنىڭ ئۈمىت يۇلتۇزى يالىلدە چاقناپ چىقتىمىكىنە؟!

ئېھ، ئۈمىت، سەن تۈندە ئازغان يولۇچىنىڭ كۆز ئالدىدا چاقنىغان قۇتۇپ يۇلتۇزى. سەن چۆللەر ئارا چاڭقىغان كارۋانغا ئۇچرىغان زەم - زەم سۈيى، سەن زۇلمەت ئۆڭكۈرىنىڭ يوچۇقلىرىدىن غۇۋا كۆرۈنگەن يورۇقلۇق، سەن كېسەللىك ئازاۋىدا ئىڭراپ ياتقان بىمارغا قۇۋۋەت بېغىشلايدىغان شىپالىق دورا. سەنسىز ھاياتلىق بەجەيىكى سۇسىز ئېقىن، ياپراقسىز دەرەخ. سەن تېتىقسىز ھاياتقا ئەڭ تاتلىق لەززەت بەرگۈچى. سەن چۆلسىرەۋاتقان ئۆمۈر ئېكىنزارىغا ھاياتبەخش ئۇرۇق تەرگۈچى.

سەن شۇ تاپتا ھەسرەت سىرتمىقىغا بوغۇلۇپ تالغان لەيلىگۈلگە سەۋر نىجاتلىقى ئاتا قىلدىڭ.

AltunOq

لەيلىگۈل غايىۋانە ئىشتىلىۋاتقان لەرزان نەي ساداسى ئىچىدە يەگىنتى بىلەن ئۇچراشقاندەك بولدى. تاتلىق ئەسلىمىدىن ئۇنىڭ تومۇرلىرىغا يېڭىۋاشتىن قان ئۇرغان، ۋۇجۇدىغا ئاجايىپ بىر كۈچ تولدى. ئۇنىڭ تولا يىغلاپ ھالسىزلىنىپ يۇمۇلغان كۆزلىرى ئاستا ئېچىلدى، ياق، بۇ، كۆز ئەمەس، گويا شۇ تاپتا بۇلۇت ئارىسىدىن سۇزۇلۇپ چىققان قۇياشتىن يالىمدە نۇرلار چېچىلدى.

مىزگان كۆيى ياڭرىماقتا، بايىقى قۇياش رۇخسارىنى يەنە قارا بۇلۇتلار قاپلىماقتا. زىمىندار لەيلىگۈلنىڭ خىيالىدىلا ئەمەس، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا دەسسەپ كەلمەكتە، گويا بىر قاۋان گۈل - چېچەكلەرنى پېتىنداپ چەيلەپ كەلمەكتە.

ئۇ لەيلىگۈلنىڭ ئالدىدا چاشقان بۇرۇتلىرىنى تولغاشتۇرماقتا، باش - بويىنىنى تۈلكە كەبى ئويناقشىتماقتا، ھەمىيانىدىكى تىللالارنى شاراقشىتماقتا.

لېكىن مۇھەببەتنى پۇل - دۇنياغا سېتىۋېلىش مۇمكىنمۇ؟

مۇھەببەت ئۇ تاۋار ئەمەس، چار بازارچىلار بىلىگىگە يۆگىۋېلىپ، كوچا - كويلاردا ۋاقىراپ ساتىدىغان؛ مۇھەببەت ئۇ كۆرپە ئەمەس، خالىغان يەردە خالىغان كىشى ئاستىغا سېلىپ ياتىدىغان، ئۇ پەقەت پۈتۈن ئىجتىھاتى بىلەن ئەجىر قىلغان ئىنسان ئۇچۇنلا كۆكلەيدىغان ئورۇق؛ ئۇ پەقەت قەدرىگە يېتىدىغان ئىنسانلار بەھرىمەن بولالايدىغان مېۋە. مەيلى - ئىختىيارلىقسىز مۇھەببەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئۇ ئىختىيارلىق ئىلكىدە ھەسەل، زورلۇق ئالدىدا نەشتەر.
ئۇ ئەركىنلىك ھالىتىدە گۈل، قۇللۇق ئاسارىتىدە تىكەن.
ئۇ ئازادلىك قوينىدا كەۋسەر، مەھكۇملۇق ئىلكىدە زەھەر.

شەھۋانىيەت تەنتەنىسى مۇھەببەت غالىپلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. نەپسانىيەتچىنىڭ ئېرىشكىنى پەقەت بىر جانسىز ھەيكەل. ھالبۇكى، سېزىمسىز تەن، سۆيۈمىخان مۇردىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

راۋاپنى ياڭراق جاراڭلىتىۋاتقان زەخمەكنىڭ كۈچلۈك تارانىسىدىن مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدا زوز گۈلخان يانماقتا.

ئەنە، بۇ غەزەپ گۈلخانىنىڭ شولىسى لەيلىگۈلنىڭ كۆزلىرىدە ئەكس ئەتمەكتە.

ئۇ قىلىچنى قىنىدىن شىددەت بىلەن سۇغارغاندەك، قولىنى زەرپ بىلەن سىلكىدى.

زىمىندار پالاقتىن قاچقان چىۋىندەك گىڭىلدىدى، غىڭشىدى.

لەيلىگۈل نەپرەت نەيزىسىنى ياۋ يۈرىكىگە سانجىغاندەك، بىگىز قولىنى ئۇنىڭ ئىت كۆزىگە شىلتىدى.

زىمىندار كۆككۆيۈن چاققان ئىشەكتەك سەت چىچاڭشىپ سەكرىدى.

زىمىندار تىلى ساڭگىلىغان، شولگىيى ئېقىپ تۇرغان غالجىر ئىتتەك ئۇنى قىستاپ كېلىشكە باشلىدى.

لەيلىگۈل قانىتى باغلانغان، يۈرىكى داغلانغان مىسكىن قۇشتەك ئاستا - ئاستا كەينىگە قاراپ داجىدى.

ئىت ئېتىلدى، قۇش چېكىندى...

ئىت خىقىرايتتى، قۇش پىتىرايتتى...

ناھايەت، ئىت ھاردى، كاڭشىپ - كاڭشىپ، قۇيرۇغىنى قىسقىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. . .

لەيلىگۈل بايامقى جايىدا خۇددى «لەنەت!» دىگەن سۆزنىڭ كەينىگە قويۇلغان ئۈندەشتەك قېتىپ تۇراتتى.

بۇ ھەقىقى سۆيگۈ ئەھلىنىڭ مۇھەببەت كۈشەندىلىرىگە، ئەركىنلىكنىڭ جاللاتلىرىغا ياغدۇرۇۋاتقان دەھشەتلىك غەزەپ - نەپرىتى ئىدى.

لېكىن غالجىر ئىتنىڭ ھارغىنى ئۇنىڭ شۇم نىيىتىدىن يانغىنى ئەمەس، قاباھەت قاينىمىدا يەنە قانداق سۇيىقەستلەر قايناۋاتقانكىن؟!

يۈرىگىم تۈلكىنىڭ يوغلاپ مېڭىشىنى ئەسلىتىدىغان مۇزىكا رېتىملىرىنىڭ ئىچىدىن ئاللىقانداق بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك بولدى. ئېغىر خىياللار ئىچىدە كۆزلىرىم ئاستا - ئاستا يۇمۇلۇپ، كىرپىكلىرىم پەردىسى بىلەن توسالدى.

## ٤. توي ۋە ئىنتىقام

راۋاپ قاتتىق نالە قىلماقتا، غىجەك ئىڭرىماقتا.

مەن لەيلىگۈلنىڭ ئاھۇ - پەريادىنى ئاڭلاۋاتىمەن.

مانا، كۆز ئالدىمدا توي لىباسلىرى بىلەن كىيىندۈرۈلۈۋاتقان لەيلىگۈل، ئۇنىڭ بوينىغا سېلىنىۋاتقان لەئلى - مارجانلار ئۇنىڭغا خۇددى يوغا - قوبۇقتەك بىلىنمەكتە؛ قوللىرىغا سېلىنىۋاتقان ئالتۇن بىلەيزۈكلەر ئۇنىڭغا قىسقۇچ چېتىلغاندەك سېزىلمەكتە؛ ئۇنىڭ قۇلاق ھەم قوللىرىدىكى ھالقا - ئۈزۈكلەر ئۇنى سېرىق چايانىدەك چاقماقتا؛ ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى ئەتلەس كۆينەكلەر خۇددى ۋۇجۇدىغا يۆمىشىۋالغان ئىلاندەك ئۇنى بوغماقتا؛ ئۇنىڭ بېشىغا قوندۇرۇلغان قۇندۇز تۇماق ئۇنىڭغا تۇماق ئەمەس بەئەينى زور تاغدەك، ئۇنىڭ يۈزىگە تارتىلغان پەرەنجە ئۇنىڭغا پەرەنجە ئەمەس، بەلكى قارا بۇلۇتتەك تۇيۇلماقتا.

مەن توي نەغمىسىنى ئاڭلاۋاتىمەن، ياق، توي نەغمىسىنى ئەمەس، مۇسىبەت كۈيىنى تىڭشاۋاتىمەن.

ئەنە، سورۇنغا چۈشكەن مەھكۇم ئۇسۇلچىنىڭ بىر قولى بىلەن كۆز ئالدىنى توسۇپ، بىر قولىنى ھەسرەتلىك يېيىپ، بېشىنى يەردىن كۆتەرمەي دەسسەشلىرى؛ ئەنە، ئەلەملىك سازەندىنىڭ بېشىنى سىلىپ، تەمبۇرىنى زەردى بىلەن چېكىشلىرى؛ ئەنە، مىسكىن داپچىنىڭ كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمغىنىچە، شىددەت بىلەن داراڭشىتىۋاتقان دېپىنىڭ كەينىگە باش يۇشۇرۇشلىرى؛ ئەنە، بىچارە غىجەكچىنىڭ چىقىراۋاتقان تارىلار بىلەن تەڭ تولغىنىشلىرى... مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى توي نەغمىسىنى مۇسىبەت كۈيىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى.

مانا، ئاياق - ئاياقلاردا كەلتۈرۈلگەن توي شارابى.

مانا، تاۋاق - تاۋاقلاردا كەلتۈرۈلگەن توي تائامى.

بۇ شاراپ بىچارىلەرنىڭ ياش، قانلىرى، بۇ تائام خورلانغانلارنىڭ گۆشى، جانلىرى ئىدى.

مەن ئىككى خۇسۇسىدا ئويغا چۆكمەكتىمەن: ئىككى مەيل — ئىختىيارلىقنىڭ غۇنچىلىرىدىن، ساداقەت — ۋاپادارلىقنىڭ چېچەكلىرىدىن توقۇلغان گۈلچەمبىرەك ئەمەسمىدى!؟ بۇ گۈلچەمبىرەك پەقەت سۆيگۈ قوشاقلىرىغىلا خاس ئىدىغۇ!؟ ئەركىنلىك پەرىشتىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلغان گۈلچەمبىرەككە زورلۇق مەلئۇنىنىڭ بېشى قىستۇرۇلۇپ كىرىۋالغاندا، بۇ گۈلچەمبىرەك قوشقۇنغا ۋە ياكى بويۇنتۇرۇققا ئايلانماي مۇمكىنمۇ؟!

ئۆزگىنىڭ ئىشقىدا مەيىن يەلپۈنۈۋاتقان سۇمبۇل چاچلارنى ئۆز بېلىگە پوتا قىلىپ باغلاشنى، ئۆزگىنىڭ بېغىغا ھۆسۈن بېغىشلىغان لالە — رەيھانلارنى ئۈزۈۋېلىپ ئاياق ئاستى قىلىپ تاشلاشنى ئۆزلىرىگە كەسىپ ۋە شەرەپ قىلىۋالغان مەلئۇنلار مۇھەببەتنى شەھۋانىيەتكە، سادىقلىقنى نەپسانىيەتكە، قىزنى پۇلغا، نىكاھنى سودىغا ئايلاندۇرۇۋالغان.

لېكىن ئىنسانىيەت رەزىللىك بىلەن ياخشىلىق، قارانىيەتلىك بىلەن سەمىمىيلىك، ئىپلاسلىق بىلەن پاكلىق، ۋىجدانسىزلىق بىلەن ھالاللىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تايىناملىرى بىلەن تولغان ئىجتىمائىيەت دېڭىزىغا ئەخلاق — پەزىلەتنىڭ ئۈچمەس ماياكىنى ئورناتقان. ئۇلار — ھېلىقى مەلئۇنلار زۇلمەتلىك ھايات دېڭىزىدا بۇ ماياكقا ئېتىۋارسىز قارىدى. ئۇلارنى بۇ دېڭىزدا ئەجەل خادا تاشلىرىدىن باشقا نېمە كۈتۈشى مۇمكىن؟!

دېڭىز شاۋقۇنىدەك شىددەتلىك ئاۋاز چىقىرىۋاتقان مۇزىكىلارنىڭ جىددىي رىتىمى بىلەن خىيالىم قوچقۇغىدىن چۆچۈپ ئويغاندىم.

نەپرەت ئوتى ئۇچقۇندىماقتا، قىساس يالقۇنى لاۋۇلدىماقتا، خىيالىم سەھنىسى چوغ رەڭگە كىردى.

مانا، قادىر تويدىكى كىشىلەر ئارىسىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ زېمىندارنىڭ كانىيىدىن بوغماقتا، غالچىلار ئەل — يۇرتنىڭ غەزەپ — نەپرىتى، كۈچ — قۇدرىتىدىن قورقۇپ، يۈرىكى يېرىلىپ جانسىزلانغان يىلاندەك سۇنايلىنىپ ياتماقتا.

غەزەپ تاشقىنى شاۋقۇنلىماقتا، ئىنتىقام ئوتى يالقۇنلىماقتا.

مەن «ئەل قىساسى مىنەلھەق» دېگەن ھۆكۈمنىڭ كۈچلۈك ئىسپاتىنى كۆرمەكتىمەن، مەن قانخورلارنىڭ يىغا — زارىنىنى مەسخىرە قىلىپ راسا قاقاقلاپ كۈلمەكتىمەن.

مۇزىكىنىڭ ئاستا ئۆزگىرىشى بىلەن خىيالىم ئاشىق — مەشۇقلارنىڭ سېپىرىگە ھەمرا بولۇپ، لەيلىگۈللەرنىڭ يېزىسىغا قەدەم قويدى.

يەنە مۆكۈلۈك كۆي، يەنە ئاھۇ — زار. ئېرىقلاردىكى سۇ يەنىلا ھەسرەتلىك تولغىنىپ ئاقماقتا، باغ — ۋارانلار يەنىلا خازان، سارغىيىپ ياتماقتا.

بىرەر شۇمبۇينىڭ قومۇرۇلۇپ تاشلىنىشى ئېكىنزارلارنىڭ ياۋا ئوت — چۆپلەردىن تازىلانغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، بىرەر زېمىندارنىڭ يوقىتىلىشى ئەركىنلىكنىڭ تىكلەنگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىشى مۇمكىنمۇ!؟

كامانچىلىق ۋە تارلىق چالغۇلار ئانىسىدىن ئايرىلغان بوتىلاقنىڭ ئالىشىدەك ئىڭراپ چىقماقتا.

... ئەنە، لەيلىگۈل ئانىسىنىڭ زۇلۇم — كۈلپەتنىڭ مۇدھىش ئىسكەنجىسىدە بۇ ئالەمدىن كۆزى ئوچۇق كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، يۈرىكى كۆكرەك قەپىزىدىن سىغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتكەندەك بىھوش بولۇپ يىقىلدى.

دەرىلىمەك كۈيىنىڭ ئەۋجىگە كۆتىرىلىشى بىلەن مەن گويا قاتتىق بوراننىڭ ئىچىدە قالغاندەك بولۇپ قالدىم. مانا، قارا بۇلۇتلار قۇياشنى قاپلاپ سۈرۈلمەكتە؛ ئورمانلار شاۋقۇن سېلىپ چايقالماقتا؛ دولقۇنلار خادا تاشلارغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلماقتا؛ گۈل — چېچەكلەر نازۇك بەستىنى ئوڭشاپ تۇرالماي، ئىگىلگىنىچە يەر بېغىرلاپ ياتماقتا. ياغلىق — پەرەنجىلەر، چاچ — ساقاللار تۇزغۇپ يەلپۈنمەكتە؛ قاشلار ھىمىرىلىپ، كىرپىكلەر ھىملەشمەكتە؛ لەۋلەر يۇمۇلۇپ، چىشلار كىرىشمەكتە؛ بىلەكلەر قېتىپ، مۇشلار تۈگۈلمەكتە...

ئۇرغۇلۇق چالغۇلارنىڭ گۈمبۈرلەشلىرى، يەللىك چالغۇلارنىڭ شاۋقۇنلۇق سادالىرى، تارلىق سازلارنىڭ شىددەتلىك تارانىسىغا قەلبىم تارىسىنىڭ قاتتىق تىترەشلىرى قوشۇلۇپ ۋۇجۇدۇم ئالەمشۇمۇل لەرزىگە چۈمدى. لەيلىگۈل ۋە ئۇنىڭ يۇرتداشلىرىنىڭ ئىنتىقام يۈسۈلىغا جۆر بولۇپ، قولاق تۈۋىمدە كۈرەش مارشى ياڭراشقا باشلىدى.

مەن زەنجىر — كىشەنلەرنىڭ تاشلارغا غەزەپلىك ئۇرۇلۇۋاتقان جاراڭشىلىرىنى ئاڭلاۋاتىمەن، مەن جەڭ ئاتلىرىنىڭ نەرە سېلىپ يەرنى تىلغاپ چاپچىشلىرىنى تىڭشاۋاتىمەن.

مۇزىكا ئىنتىلىك يورغىلاق كېتىۋاتقان تۇلپارنىڭ تۇياق رىتىمىدەك ئۇرغۇپ — ئۇرغۇپ ئالغا تاشلىنىپ، بىردىنلا تىزگىنى تارتىلغان ئاتنىڭ بويىنىنى ئەلەملىك چايقاپ سىلكىنىپ كەينى پۇتلىرى بىلەن يەرنى قاتتىق تىرەجەپ ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتىرىپ تۇرغىنىغا ئوخشاش شىددەت بىلەن ئەۋجىگە كۆتىرىلدى.

مۇزىكا دېڭىزنىڭ ئىنتىلىك دولقۇنلىرىغا ئوخشاش تۇرۇلۇپ — تۇرۇلۇپ بېرىپ، خۇددى قىيا تاشقا ئۇرۇلغان دولقۇندىن بىراقلا كۆتىرىلىپ، چاچراپ چىققان سان — ساناقسىز يۈزغۇنلارغا ئوخشاش ئاجايىپ ھەيۋەتلىك كۈي سېزىمىنى ھاسىل قىلدى.

سەل جىمجىتلىقتىن كېيىن، مەن توي نەغمىسىنى تىڭشاشقا باشلىدىم. بۇ سۆيگۈ غالىپلىرىنىڭ غالىبىيەت تەنتەنىسى ئىدى.

ساقلىنى يەلپۈتۈپ، چەكمەننىڭ پېشىنى پىقىراتقىنىچە ئوتتۇرىغا چۈشكەن بوۋاينىڭ ئىككى مۈشتىنى يەلكىسىدىن ئاشۇرۇپ — ئاشۇرۇپ سىلكىتىشلىرى بىلەن باشلانغان ئۇسسۇل مېنىڭ تۇيغۇ كۆزلىرىمدە جىلۋە قىلىشقا باشلىدى.

مانا، غەيرەت كەمىرىنى چىڭىتقانلىقىنىڭ مەناسىنى ئايان قىلىپ، بېلىنى ئىككى قوللاپ مەھكەم تۇتقىنىچە، مۈرىسىنى ئاققۇنىڭ بويىنىدەك لىكىلدىتىپ، قەدىمىنى قۇشتەك رىتىملىك سەكرىتىپ ئويناۋاتقان يىگىت.

مانا، يەڭ تىزلىنىپ، سول قولىدا بېلىنى تۇتقىنىچە، ئوڭ قولىدىكى ساپايىسىنى مۈرىسىگە ئۇرۇپ، دىلدارىنىڭ جامالىغا باققىنىچە شوخشۇۋاتقان قادىر.

ئەنە، بىر قولىدا يۈزىدىكى ئەجىم رومالنى تۇتۇپ، ئەركىن يېيىشۋاتقان يەنە بىر قولىدا داس چىقارغىنىچە، ئاشىقىغا خۇمارلىق بېقىپ، ئۇسسۇلغا ئىنتىزار پەرۋانىدەك ئايلىنىۋاتقان لەيلىگۈل...

سۇرلۇك مىزگان كۈيىشاتلىق ئىلكىدە ئويناۋاتقان سەزگۈر تۇيغۇلىرىمغا جۇت ئەسىرىنى ئېلىپ كەلدى.

راست، تەشنەكتىكى بىر جۈپ غۇنچىنىڭ پۆرەكلەپ ئېچىلىشى باھارنىڭ كەلگەنلىكىدىن دېرەكبەرمەيدۇ. جۇت - شۇۋرغان دەھشەتلىك قۇتراۋاتقان مۇھىتتا «ھەممىشە باھار» نىڭ ئېچىلىپ تۇرۇۋېرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمۇ!؟ پۈتكۈل ئەلنىڭ ئەرك، ئازاتلىقىسىز يەككىمىنىڭ ئەركى، سۆيگۈ ئازاتلىقى خۇسۇسىدا پىكىر يۈرگۈزۈش مۇمكىنمۇ!؟ سۆيگۈ ۋىسالىغا يەتكەن بۇ ئاشىق - مەشۇقلار تۇشمۇ - تۇشتىن دەھشەت يېغىپ تۇرغان بۇ ماكاندا جاننى نەگىمۇ سىغدۇرار؟ قوينى شۇنچە كەڭ جاھانىمىشقا بۇلار ئۈچۈن شۇنچە تار، قىستاق؟

قۇلاق تۈۋىمدە قاتتىق بىر ئاۋاز ياڭرىماقتا.

ئۇ يۆل ئازاۋىدىن چارچاپ ھالىدىن كەتكەن يولوچىغا يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان ئاتنىڭ كىشنىشىمىدۇ؟ ياكى قاتتىق ئۇسسۇزلۇقتا قىينىلىۋاتقان كارۋانغا يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان سۇنىڭ شاۋقۇنىمىدۇ؟ ۋە ياكى ئېكىنزارى سۇسىز قېلىپ قاغجىراپ كەتكەن بىچارە دېھقانغا يامغۇر ئۈمىدى بېغىشلاۋاتقان يىراقتىكى گۈلدۈرماما ساداسىمىدۇ؟...

شۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە تەلمۈرۈپ قەدىمىنى ئېغىر يۆتكەپ كېتىۋاتقان لەيلىگۈلمەردەك، مەنمۇ ئەلەم سالمىقىدىن ئېغىرلاشقان قەدىمىمنى ئاستا يېڭى بىر سەھىپىگە يۆتكىدىم.

## 5. بەخت ئىزلەپ

تارلىق ساز، يەرلىك چالغۇلارنىڭ نالىسى يۈرىكىمنى تىترەتمەكتە، ئۇرغۇلۇق چالغۇلارنىڭ ئەكس ساداسى ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالماقتا، «جىز... ز...» قىلىپ تىترەۋاتقان كۈي دولقۇنلىرىنىڭ يەڭگىل تەۋرىنىشى بىلەن كىرپىكلىرىم پەردىسى ئاستا - ئاستا ئېچىلىپ، كۆز ئالدىمدا غېرىبانە قەۋرىستانلىق پەيدا بولدى.

ئەنە، لەيلىگۈل مەرھۇم ئانىسىنىڭ قەۋرىسىنى قۇچاقلاپ پەريات سالماقتا. ئۇ كۆز ياشلىرى بىلەن تۇپراق بېشىغا سۇلار سەپمەكتە، ئۇ سۇمبۇل چاچلىرى بىلەن مۇقەددەس يەرلىكنى ئاۋايلاپ سۈپۈرمەكتە.

ئاھ، ئۆلۈم، سەن بىچارە ئانىنى بەخت بوسۇغىسىغا يېقىن يولاتتۇرمايلا لەھەت قۇچىقىغا بەنت قىلدىڭ. ئۇ ئۆز لەيلىگۈلىنى تۇققاندا، ئۇنىڭغا مۇمكىن بولسا، بەختنىمۇ قوشۇپ تۇغۇپ بېرىشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلغان - ھە!؟ لېكىن ئۇنىڭ تالاي ئارزۇ - ئارمانلىرى زۇلۇم دەھشىتىدىن مۇجۇلۇپ تۈگەشتۈرۈلگەن دەرتلىك يۈرىكىگە دەپنە قىلىندى. سەن شۇ ئارزۇ - ئارمانلارنىمۇ، شۇ مۇجۇلغان قەلبىنىمۇ، ھەتتا پەلەك قەھرىدىن سوۋۇغان تەنىنىمۇ قوشۇپ بىراقلا ھەممىنى يۇتۇۋەتتىڭ. بىچارە ئانا بۇ جاھاندا نېمە خۇشلۇق كۆردى؟ شۇ ئانىدىن تۇغۇلغان لەيلىگۈلچۇ؟ قادىرچۇ؟ ئۇلارنىڭ دوستلىرىچۇ؟ ئۇلارنىڭ مىسكىن زامانداشلىرىچۇ؟

ئەي، بەخت! سەن قەيەردە؟ قەيەردە؟ قەيەردە؟! ...

مۇزىكا شاۋقۇنىنىڭ شىددەتلىك ئەكس ساداسى ياڭرىماقتا.

AltunOq

ئۇرغۇلۇق چالغۇچىلارنىڭ گۈمبۈرلەشلىرىدىن مەن كۈچلۈك گۈلدۈرماما ساداسىنى ئاڭلاۋاتىمەن.
بۇغەزەپ گۈلدۈرماماسى، بۇ ئىسيان گۈلدۈرماماسى.
ئەنە، چاقماق چېقىلماقتا، ئەنە! ياغىن يانماقتا.
بۇ قىساس ياغىنى! بۇ ئىنتىقام ياغىنى!
ئەنە! يامغۇر شاقىراپ ياغماقتا! ئەنە! بوران ئەۋجىگە چىقماقتا! ئەنە! تاشقىن تاشماقتا!
بۇ ئەلنىڭ تاشقىنى! بۇ كۈرەش تاشقىنى! بۇ ئىنقىلاپ تاشقىنى!
بەخت دەل ئاشۇ يەردە! بەخت گۈلدۈرماما، چاقماق، ياغىنلارنىڭ گىرەلەشكەن جايىدا!
بەخت يامغۇر، بوران، تاشقىنلارنىڭ قوشۇلغان قايىنىمىدا!
كۈرەش مارشىنىڭ ياڭراق ساداسى قانلىرىمنى ئۇرغۇتماقتا. مەن بەخت ئىزلەپ چىققان لەيلىگۈللەرنى مۇشۇ سادا ئىچىدە كۈرەش سەپىرىگە ئۈزىتىپ قويدۇم.

مۇزىكا خۇددى بۈركۈتنىڭ ئاسمان قەھرىگە ئىتتىك كۆتىرىلىپ قانىتىنى تولۇق كەرگىنىچە يەر يۈزىگە تۆۋەنلەپ قونۇۋاتقىنىغا ئوخشاش، جىددى ئەۋجىگە كۆتىرىلىشتىن ئاستا - ئاستا پەسلەپ تىندى. مەنمۇ ھېسسىياتىم لەگلىكىنى يىراقلارغا قويۇۋەتكەن خىيال يىپلىرىمنى بىر- بىرلەپ يىغىۋالدىم ...

## خاتىمە

ئىھ، مۇزىكا، سەن كۆي سېزىمىڭدىن پەيدا بولغان ئاجايىپ سۈرەتخاناڭدا ماڭا سەنئەت قۇدرىتىنى كۆرسەتتىڭ.
مەن شۇتاپ ئۆتمۈش كارتىنىلىرىنى كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزۈپ بولۇپ، گۈلۈستان سۈرەتلىرىنى تاماشا قىلماقتىمەن.
سېنىڭ كۆيۈڭ ئەمدى بۇرۇنقىدەك مىسكىن ئەمەس. سېنىڭ سالغان سۈرەتلىرىڭمۇ ئەمدى پاجىئەنىڭ ئىزناسى ئەمەس.
مەن سېنىڭ كۆيلىرىڭدىن شاتلىق ئىلكىدە خەندان ئۇرۇۋاتقان بۇلبۇل ساداسىنى تىڭشىۋاتىمەن.
مەن سېنىڭ سۈرەتلىرىڭدىن ۋىسال زوقىدا بەرق ئۇرۇپ ئېچىلغان قىزىل گۈللەرنى كۆرۈۋاتىمەن.
مەن سېنىڭ كۆيلىرىڭدىن مېھنەت قايىنىمىنىڭ شىجائەت شاۋقۇنلىرىنى ئاڭلاۋاتىمەن.
مەن سېنىڭ سۈرەتلىرىڭدىن بەخت دىيارىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆرۈۋاتىمەن.
ئىھ، مۇزىكا، ئىھ، مېنىڭ تەڭداشسىز سۈرەتچىم.
مەن سېنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان كۆيلىرىڭدىكى ئاجايىپ ھاياتىي كۈچكە ئىگە سۈرەتلەرنى قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلىۋاتىمەن. بەلكىم مۇزىكا، سۈرەت ۋە تىل سەنئىتىنىڭ ھەمجەھەتلىكىنى زاھىر قىلىش ماڭا نېسىپ قىلىنمىغاندۇ.
لېكىن سېنىڭ شوخ تېپچىلىرىڭدىن مېنىڭ سەزگۈلىرىم قانداقمۇ غىدىقلانماي تۇرالىسۇن!؟
مەن توختىمايمەن، مەن سېزىشنى توختاتمايمەن. چۈنكى سەن، سەن سالغان سۈرەتلەر مەۋجۇت ئىكەن، مېنىڭ غەيرىتىم، مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم يوقىلىشى مۇمكىنمۇ؟!

# سەھنىدىن ئېكرانغىچە

— ئامىنە ۋە دۇرنىسانىڭ ئوبرازىنى يارىتىش جەريانىدىكى تەسىراتلىرىم

**رەيھانگۈل ئابلىز**

مەن كىچىكىمدىن تارتىپ ئۇسۇل كەسپىگە شەيدا ئىدىم. پارتىيە ۋە خەلقنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن مەن ئاخىرى شىنجاڭ سەنئەت مەكتىۋىنىڭ ئۇسۇل سىنىپىدا ئوقۇدۇم ۋە مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ ناخشا - ئۇسۇل ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىندىم. تەشكىلنىڭ تەربىيىسى، ئۇستازلارنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆگەنگەن يالغۇز كىشىلىك ئۇسۇل نومۇرلىرىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى چوڭ شەھەرلەرنىڭ سەھنىلىرىدە، پايتەخت سەھنىلىرىدە ئويناپ بىر قانچە قېتىم مۇكاپاتلاندىم، ھەتتا ئىككى نۆۋەت چەتئەلگە چىقىپ ئويۇن قويۇش پۈرسىتىگە ئىگە بولدۇم. شۇڭا مەن ئۆزەمنى بەكمۇ بەختلىك ھېس قىلىمەن. لېكىن ئۇسۇل كەسپى جەھەتتىكى تالانتىمنى كىنو ئېكرانىدىمۇ كۆرسەتسەم دەيدىغان ئارزۇ-ئىستەك ھەر دائىم قەلبىمنى ھاياجانلاندۇراتتى. بىراق ئەڭ نەۋقىران ئالتۇن دەۋرىمنىڭ ئون يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىقنىڭ كاساپىتىدىن زايا بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلىسام چەكسىز ئېچىناتتىم.

«نىمىنى ئارزۇ قىلساڭ، شۇنىڭغا ئېرىشىسەن» دېگەندەك 1983 - يىلى ئەتىيازدا داۋالىنىۋاتقان چېغىمدا نىيانشان كىنو ئىستودىيىسىنىڭ رېژىسسورى يولداش گۇاڭ چۈنلەن مېنى ئىزدەپ كېلىپ، ئۆزى ئىشلىمەكچى بولغان «ئارتىست بولمايدىغان قىز» ناملىق رەڭلىك ھېكايە فىلىمدە مېنى ئاتاغلىق ئۇيغۇر ئۇسۇل مۇتەخەسسىسى ئامىنەنىڭ رولىغا تاللىغانلىقىدىن ئىبارەت خۇشخەۋەرنى يەتكۈزدى. مەن چەكسىز ھاياجانلىق ئىلكىدە بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم.

بۇ فىلىمدە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاغلىق ئۇسۇلچىسى ئامىنەنىڭ قىزى ماھىرە بىلەن ھەسرەتلىك ئايرىلغانلىقى ۋە ئون سەككىز يىلدىن كېيىن يېڭى ھەۋەسكارلارنى تاللاش ئۈچۈن تۆۋەنگە چۈشۈش ئارقىلىق قايتىدىن تېپىشقانلىقىدەك تەسىرلىك ۋەقەلىك ئارقىلىق سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزنىڭ ئۆزگىچىلىكى، پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ ھەم مىللەت، خەلقى بىلەن بولغان قان - گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋىتى، يېڭى دەۋردىكى يېڭى ئەخلاق، يېڭى پەزىلىتى

كۆيلەنگەن. شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ تاغ-دەريالىرىنىڭ نەقەدەر گۈزەللىكى، ناخشا ئۇسسۇللىرىنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئادەملەر قەلبىنىڭ تېخىمۇ گۈزەللىكى نامايەن قىلىنغان. مەن ئالدى بىلەن كىنو سىنارىيەسىنى قايتا-قايتا ئوقۇدۇم ۋە رېژىسسېر گېڭ ژاڭ جۈنلەنىڭ پۈتۈن ئەسەر ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشىنى، روللارنىڭ مۇناسىۋىتىنى، مەن ئوينايدىغان ئامىنە رولىنىڭ ئەسەردە تۇتقان ئورنى، ۋەزىپىسى، خاراكتېرى ھەققىدىكى ئانالىزىنى تەپسىلىي ئاڭلاپ ئۆزەمنى رولغا يېقىنلاشتۇرۇشقا تىرىشتىم.

بىراق ئامىنەدەك پىشقەدەم ئۇسسۇلچى بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا خېلى زور پەرقلەر بار ئىدى. ئامىنە — 40 ياشلاردىكى، بېشىدىن نۇرغۇنلىغان ئىسسىق - سوغاقلار ئۆتكەن، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ ئېغىر زەربىسىگە ئۇچرىغان، يولدىشىدىن ۋە جان-جىگەر قىزىدىن ئايرىلىپ قەلبى قاتتىق جاراھەتلەنگەن سەنئەتكار ئىدى. مەن ئامىنەنىڭ ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە، تەمكىن، ئېغىر بېسىق، ئويچان، قەيسەر روھىي ھالىتىنى ۋە خاراكتېرىنى، كونكرېتراق ئېيتقاندا ئۇنىڭ «گېزەندە» لەر قاتارىدا تۇتقۇن قىلىنىپ، ۋەيرانە ئۆيىدە ھېچنىمىدىن خەۋەرسىز تاتلىق ئۇخلاۋاتقان سەبى قىزىنى يالغۇز تاشلاپ مېڭىشقا مەجبۇر بولغان چاغدىكى مۇرەككەپ ئىدىيەۋى - ھېسسىياتىنى قانداقمۇ ئىپادىلەپ بېرەلەيمەن؟ ئۇ ئۆزى تونۇماستىن ئارتىسلىككە تاللانغان ۋە ئۆزىنىڭ تەربىيىلىشى ئارقىسىدا ئۆسۈپ - يېتىلىپ، ئاخىرى سەھنىدە بىر قىزنىڭ زولمىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىغان ئەشۇ سومباتلىق ئارتىستكا 18 يىلدىن كېيىن ئىز - دېرىكىنى قىلىپ تاپالماي كېلىۋاتقان ئۆز قىزى ئىكەنلىكىنى بىلگەن چاغدىكى ھاياجانلانغان روھىي - ھالىتىنى قانداقمۇ جايىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيمەن؟... بۇ سوئاللارنى ئويلىغانسېرى كۆزۈمگە ئۇيقا كەلمەيتتى. كۆڭلۈمنى ئەنسىزلىك ۋە بىئارامالىق قاپلايتتى. بىراق رېژىسسورنىڭ قايتا - قايتا ئىلھام بېرىشى ۋە قىزغىن ياردەم قىلىشى بىلەن مەندە بۇ رولغا نىسبەتەن دەسلەپكى ئىشەنچ ۋە قىزىقىش ھېسسىياتى بارلىققا كەلدى.

شۇندىن كېيىن بىكار بولسىلا كىنو ئەسىرىنى تەپسىلىي ئوقۇدۇم. تېكىستلىرىمنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلدىم ۋە يادلىدىم. ئامىنەنىڭ ئەگرى - توقاي سەنئەت ھاياتى ۋە تېنىمسىز تۇرمۇشىنى تەھلىل قىلىپ ئۇنىڭ ئەشۇ دەۋر مۇھىتىدىكى ئۆزگىرىشچان ئىچكى ھېسسىياتىنى مۇكەممەل ئىپادىلەش يولىدا ئىزدەندىم. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆمىكىمىزدىكى پىشقەدەم ئۇسسۇلچىلار بىلەن سىردىشىپ ئۇلارنىڭ ئەشۇ كۆڭۈلسىز يىللاردىكى روھىي - ھالىتى، پىكرى - خىيالىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئۆگەندىم ھەمدە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتتىم. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئامىنەنىڭ خاراكتېرىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان خۇسۇسىيەتلىرىنى بىر - بىرلەپ توپلىدىم. ئۆزەمنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن خۇشخۇيلۇق، تېتىكلىك ۋە ياشلارغا خاس ئادەت - ھەرىكەتلىرىمنى ئەھمىيەتلىك ئۆزگەرتىپ ماڭدىم. بارا - بارا ئامىنەگە ئوخشاش سۆزلەش، ئويلاش ۋە ھەرىكەت قىلىشقا ئادەتلەندىم. مەن كىنودا رولغا چىقىۋاتىمەن، باشقا بىرسىنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنى دوراۋاتىمەن دەيدىغان پىكىر - خىيالنى تۈگەتتىم ھەمدە مەن ھازىر رەيھان ئەمەس بەلكى دەل ئامىنەنىڭ ئۆزى، مېنىڭ بېشىمغا مۇشۇ كۆلپەت - ئەلەملەر چۈشتى، مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ دېگەنلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ھەر بىر جۈملە تېكىستنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى تەھلىل قىلىپ، ھەر بىر ھەرىكەتنىڭ ئىچكى ئاساسىنى تېپىپ، ئالدى بىلەن ئىچكى ھېسسىياتنى چىقىشنى

كۆزلىدىم. كىنو ئاپپاراتىنىڭ ئەتراپىدىكى ماڭا قاراپ تۇرغانلار ئالدىدا ھودۇقماسلىققا، ۋەقەلىكلەرگە، پېرسوناژلارغا ئىشىنىپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشقا؛ راست كۆرۈش، راست ئاڭلاش، راست ئويلاشتىن ئىبارەت ئورۇنلاش سەنئىتىنىڭ ئۈچ ئاساسىي پرىنسىپىغا قەتئىي ئەمەل قىلىشقا، رولنى تەبىئىي، تەسىرلىك، تۇرمۇشلۇق ئويناپ چىقىشقا تىرىشتىم.

«ئارتىست بولمايدىغان قىز» فىلىمى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان 1983 - يىللىق مۇنەۋۋەر فىلىملەرنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا «مۇنەۋۋەر فىلىم» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مەن تەكلىپ بويىچە بېيجىڭدا ئېچىلغان مۇنەۋۋەر فىلىملارنى مۇكاپاتلاش يىغىنىغا قاتناشتىم ۋە كەڭ كىنو خادىملىرى ۋە رەھبەرلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشى ۋە ئىلھام بېرىشىگە مۇۋەپپەق بولدۇم. كىنو ئارتىستلىرى بىلەن كۆرۈشۈش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق كىنو سەنئىتىگە دائىر نۇرغۇن قىممەتلىك بىلىملەرنى ئۆگىنىۋالدىم.

ئامىنە رولى قانداقلا بولسۇن مېنىڭ كەسپىي ئالاھىدىلىكىم ۋە ئارتىستلىق ھاياتىمغا يېقىن، ماڭا تونۇشلۇق رول بولغانلىقىدىن، ئۇنى ئورۇنلاش ماڭا ئانچە قىيىنغا چۈشمىدى دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن بۇ يىل مەن تىيانشان كىنو ئىستۇدىيىسىنىڭ يەنە بىر ھېكايە فىلىمى «نۇرنىسا» (بۇرۇنقى ئىسمى «ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم») غا تاللاندىم. بۇ فىلىمدىمۇ مەن يەنىلا بىر ئانىنىڭ رولىغا تەيىنلەنگەن بولساممۇ، ئەمما «نۇرنىسا» دىن ئىبارەت بۇ ئانا، ئامىنەگە ئوخشىمايتتى. ئۇلار ئوخشىمايدىغان ئىجتىمائىي ئورۇن ۋە تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسىگە ئىگە ئىدى. ئامىنە — سوتسىيالىستىك دەۋرىمىزدە، پارتىيە تەربىيىسىدە ئالىي مەكتەپنى ئوقۇپ چىققان بىر ئاتاغلىق ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسى، شۇنداقلا بىر بىلىملىك زىيالىينىڭ رولى بولسا، نۇرنىسا — ئاز - تولا ساۋادىنى چىقارغان، ئەينى شارائىتتا 17 — 18 ياشلىرىدىلا ياتلىق بولۇشقا مەجبۇر بولغان، تەككەن ئېرى گەرچە كۆكچى كادىرى بولسىمۇ، لېكىن ئەخلاقسىز، شاللاق ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ خارلىشىغا ئۇچرىغان، ھامىلدار ھالەتتە ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلغان بەختسىز، دىلى سۇنۇق بىر يېزا ئايالىنىڭ ئوبرازى ئىدى. لېكىن مېنىڭ ياشاۋاتقىنىم بەختلىك سەنئەتچىلەر ئائىلىسى بولغانلىقىدىن ۋە ئۆزەم تۇرمۇشنىڭ ئوڭۇشسىزلىقىغا ئۇچراپ باقمىغانلىقىمدىن، نۇرنىسادەك ئۆمۈرۋايەت دەرت - ئەلەم، قايغۇ نادامەتتە سەرسان بولۇپ ئۆتكەن، كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە بالا باققۇچى بولۇپ ئىشلىگەن بىر ئايالنىڭ رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىش مەن ئۈچۈن ھەقىقەتەن قىيىنغا توختىشى تۇرغان گەپ ئىدى. شۇڭا بەزى ياخشى نىيەتلىك كەسپداشلىرىم ۋە دوستلۇرىم «رەيھان، سەن تۇنجى فىلىمدە ئۇسسۇلچى ئامىنەنىڭ رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ خېلى چوڭ نەتىجە ياراتتىڭ، ھەتتا مۇكاپاتلاندىڭ، ئەندى ئۆزەڭگە چۈشمەيدىغان رولنى ئوينايمەن دەپ قولۇڭغا كېلىپ بولغان شۆھرەتنى يوقىتىپ قويما، چۈنكى بۇ رول ساڭا تازا چۈشمەيدۇ، ياخشى ئوينىيالماسلىقىڭ مۇمكىن. شۇڭا ئۇنى ئوينىغىنىڭدىن ئوينىمىغىنىڭ تۈزۈك، ئەگەر سەن بۇ فىلىمگە زادى قاتنىشىمەن دېسەڭ، ئۆزەڭگە بىر ئاز يېقىن كېلىدىغان باقى جۇيجاڭنىڭ ئايالى رابىيەنىڭ رولىنى ئوينا ...» دەپ مەسلىھەت بەردى. ماڭا كۆيۈنۈش ئاساسىدىكى بۇ نەسىھەتلەر مېنى چوڭقۇر ئويغا سالغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېساپتا

مېنى قايىل قىلالمىدى. مەن مۇنداق ئويلىدۇم: «نېمىشقا ئوينىيالمايدىكەنمەن؟ ئۆزىگە تونۇشلۇق، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا يېقىن كېلىدىغان رولنىلا ئويناپ، باشقىسىنى ئوينىيالمايدىغان ئارتىستنى ئارتىست دېگىلى بولامدۇ؟ قېيىن رولدىن قاچقاندا ئارتىست ئۆزىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى قانداقمۇ ئۆستۈرەلەيدۇ؟ ئۇنداقتا بىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەسلىدىنلا ئاجىز بولغان كىنوچىلىق ئىشلىرىمىز قانداقمۇ تەرەققىي قىلالايدۇ؟ ئەمىسە، جاڭ يۇدەك بىر ياش كىنو ئارتىستى «سىرداشلار» دىكى تارىخىي پېرسوناژنىڭ ئوبرازىنى قانداق ياراتتى؟ ئۇنىڭ ئەشۇ دەۋردىكى كىشىلەر بىلەن قىلچە تونۇشلۇقى يوققۇ؟ يولداش لىيۇشاۋچىڭ سىشى تەيخۇنى ئوينىيالىدىغۇ؟ ئۇنىڭ سىشى تەيخۇنى كۆرۈشى مۇمكىنمۇ؟ ئەجەبا مەن يېڭى جەمئىيىتىمىزدىكى ئاقكۆڭۈل، تۇرمۇشنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان بىر ئاددىي يېزا ئايالىنىڭ ئوبرازىنى يارىتالمامدىكەنمەن؟! ھالبۇكى، مەن زىيالىي بولغانلىقىم ئۈچۈن پەقەت زىيالىينىڭلا رولىنى ئېلىشىم كېرەكمىكەن؟ مەن بۇ ھەقتىكى ئوي - پىكىرنى مەزكۇر فىلىمدە باقى جۇيجاڭنىڭ رولىغا تەيىنلەنگەن ئۆز يولدىشىم ھېيتەم ھۇسەيىنگە ئېيتتىم. ئۇ مېنى قوللىدى ۋە پۈتكۈل سۈرەتكە ئېلىش جەريانىدا ماڭا رول ئېلىش جەھەتتە يېقىندىن يار - يۆلەكتە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مەن فىلىمنىڭ رېژىسسور مەسلىھەتچىسى يولداش يۇدېشۈي (جۇجىياڭ كىنو ئىستۇدىيىسىنىڭ رېژىسسورى)، ئاپاراتور مەسلىھەتچىسى يولداش لىيوچىڭتاڭ (جۇجىياڭ كىنو ئىستۇدىيىسىنىڭ ئوپېراتورى)، فىلىم رېژىسسورى ئابدۇللا ۋە مۇئاۋىن رېژىسسورى ئابلىمىت ئىلياسلارنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قىلغان سەمىمىي ياردىمى ئارقىسىدا ئالدى بىلەن كۆرۈنۈشكە بۆلۈنگەن سىنارىيىنى قايتا - قايتا ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقتىم. ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى، ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى، دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى، نۇرنىسانىڭ ئەسەردە تۇتقان ئورنى، خاراكتېرىگە بولغان تونۇشۇمنى ئايدىڭلاشتۇردۇم. سوتسىيالىستىك دەۋردىكى ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى كوممۇنىستىك ئىستىل ۋە ئالىيجاناپ ئەخلاقىي پەزىلەت مەدھىيىلەنگەن، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغداش كۈيلەنگەن، رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ تەسىرلىك ئەسەرگە بولغان مۇھەببىتىم ئاشتى، ھەقىقىي ۋاپادار، مېھرىبان ۋە جاپاكەش ئانا — نۇرنىسانىڭ ئوبرازىغا بولغان مۇھەببىتىم ۋە ھېسداشلىقىم كۈنسېرى ئۇلغىيىپ باردى ۋە ئۆزەمدە بۇ رولنى ئامىنەنىڭكىدىنمۇ ياخشى ئويناش ئىرادىسى تىكلەندى.

قەشقەر رايونىدا فىلىم ئېلىش جەريانىدا مەن يېزا ئاياللىرىنىڭ تەققى تۇرقى، مېڭىش - تۇرۇشى، كىيىنىشى قاتارلىق تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ۋە خاراكتېر - خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىنچىكىلەپ كۆزەتتىم ۋە ئۆگەندىم. ئائىلىۋى تۇرمۇش جەھەتتە بەختسىزلىككە ۋە زەربىگە ئۇچرىغان، ئېرى تەرىپىدىن خارلانغان ۋە بىر نەچچە بالا بىلەن تاشلىۋېتىلگەن ئاياللارنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇلار بىلەن سىرداشتىم. ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى، ئىدىيىۋى - ھېسسىياتلىرىنى مۇلاھىزە قىلدىم. بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كاللامدا سەمىمىي، ئاقكۆڭۈل، ئەمگەكچان، شەرمى ھايالىق، ئاددىي - ساددا يېزا ئايالى نۇرنىسانىڭ ئوبرازىنىڭ «كۆلەڭگۈسى» ئايدىڭلا - ئاستا-ئاستا شەكىللىنىشكە باشلىدى ۋە ئۆز - ئۆزەمگە ئىشەنچ قىلىپ رول ئالالايدىغان، پېرسوناژنىڭ توغرا ھېسسىيات دۇنياسىنى تاپالايدىغان بولدۇم، رەسمىي سۈرەتكە ئېلىش باشلانغان چاغدا: «مەن نۇرنىسانىڭ

رولنى ئېلىۋاتىمەن، كىنو لېنتىسىغا چۈشۈۋاتىمەن. ئەنە ئاپارات ھەركەتكە كېلىپ شىرىلداۋاتىدۇ.» دېگەن ئويلارنى ئۇنتۇشقا تىرىشتىم ۋە پۈتۈن زېھنىمنى مەركەزلەشتۈرۈپ رول تەمىن ئەتكەن «بەلگىلەنگەن شارائىت»قا ۋە رولنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىغا چۆكۈپ تەبىئىي ئوينىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىۋاپا ئەردىن ئاجرىشىش، تاياق، تىل - ھاقارەت ھەتتا قاتتىق ئاھانەتلەرگە دۇچ كېلىش، توققۇز ئاي قوساق كۆتىرىپ ئېرىشكەن - بۆشۈكتە تاتلىق ئۇخلاۋاتقان كىچىككىنە ئوغلۇم بىلەن خوشلىشىش، 18 يىلدىن كېيىن ستودېنت بولۇپ، چوپ - چوڭ يىگىتكە ئايلانغان ئوغلۇم بىلەن بەختلىك ئۇچرىشىش قاتارلىق ھېسسىيات ئۆزگىرىشى ۋە ئىپادىلىمەك قىيىن بولغان كۆرۈنۈشلەرنىمۇ بىر قەدەر ئوڭۇشلۇق ئورۇنلىيالىدىم. ئوڭاي ياش چىقمايدىغان كۆز چاناقلىرىمدىن ياش ئۇنچىلىرى خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئايرىم تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەرنى ئورۇنلىغان چېغىمدا، ھەتتا ئۆزەمنى باسالماي ئىسەدەپ يىغلاپ تاشلىدىم. بۇنىڭ بىلەن رېژىسسور ۋە يولداشلارنىڭ ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدۇم.

يۇقۇرقى ئىككى نەپەر ئوخشىمىغان تىپتىكى ئايال قەھرىماننىڭ ئوبرازىنى يارىتىش جەريانىدا مەن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى: كىنو - فىلىملاردا رول ئېلىپ ئوبراز يارىتىش قانداقتۇر بىر تىلسىمات ياكى چۈشىنىكسىز بولمايدىغان ئىش چوقۇم ئەمەس ئىكەن، ئەگەر ئارتىست ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان رولنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، شۇ رولنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى پۇختا ئۆگىنىپ، چىن ھېسسىيات بىلەن تەبىئىي، ئوينىغاندا دىققەت قىلىسىلا ھەممىدە ئېكرانىدا رولنىڭ تەلىۋى بويىچە، راست كۆرۈش، راست ئاڭلاش، راست ئويلاشتىن ئىبارەت ئورۇنلاش سەنئىتىنىڭ ئۈچ ئاساسى ئېلېمېنتىغا ئەمەل قىلىدىغانلا بولسا، ھەر قانداق ئوبرازنى ياخشى يارىتالىغىلى بولىدىكەن. مېنىڭ كىنوچىلىق ساھەسىدە ئېرىشكەن بۇ كىچىككىنە نەتىجەم ئالدى بىلەن رېژىسسور ۋە ئوپېراتورلارنىڭ يېقىندىن يار بەرگەن ياردىمىگە، فىلىم كوللېكتىۋىدىكى نۇرغۇنلىغان نامسىز قەھرىمانلارنىڭ قول - قوۋەتلىشى ۋە جاپالىق ئەمگىكىگە مەنسۇپ. شان - شەرەپكە ئېرىشىش قىيىن، لېكىن ئۇنى ساقلاش ۋە داۋاملىق مۇستەھكەملەش ئۇنىڭدىنمۇ قىيىن. مەن مۇندىن كېيىن ئۆزەمگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇپ، قابىلىيەتلىك ئارتىست بولۇش بىلەن تەڭ پەزىلەتلىك ئادەم بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، شىنجاڭنىڭ كىنوچىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە يارىتىشقا، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ زور ھەسسىلەرنى قوشۇشقا بەل باغلايمەن.

# لى ئەنىڭنىڭ فارفۇر تاختا سىزمىلىرى















# شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىگى
# سىناق قىلىپ ئورۇنلىغان

# «كۆسەن بەزمىسى» دىن كۆرۈنۈشلەر



دىكى قۇراشتۇرغۇچىلار: ئىبراھىمجان،
ۋ شۇنچيۇ (خۇ شۇنچيۇ ئىشلىگەن)،
ـۇجيىپ، ۋاڭ شـاۋيـۇن.

دىنـىـى مـەسلىھەتچـىـى:
ردۇشۇكۇر مۇھەممەت ئىمىن

**ۇسـۇل ئىجادىيەتچىلىرى:**
اڭ شاۋيۇن، ئىبراھىمجان،
بلىقىز، ۋۇ چىگمېي،

بژىسور: ۋاڭ شاۋيۇن.
ۇزىكا **ئىجادىيەتچىسى:** جۇ جى
ەھنە لايىھىلىگۈچى: جۇڭ تۇڭ.





«كۆسەن بەزمىسى» دىكى ئوبرازلارنى سىزغۇچى جوڭ تۇڭ.



توي ئۇسۇلى. (جۇڭگوچە رەسىم)

فۇلنا.



AltunOq

فۇلنا.

# جاھالەتتىن كامالەتكىچە

(ئوچېرك)

ئابدۇرېھىم ئابدۇللا، ئۇمەر ئىمىن



1932 - يىلى، قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى.

ئۇپۇقتىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن تاڭ قۇياشى تۇمانلىق قەشقەر شەھىرىگە بېخىللىق بىلەن خىرە نۇر چېچىپ، ھېيتگاھ قۇببىلىرىنى سوغاق چاقنىتىپ تۇراتتى. سەھەر ۋاقتى بەك سوغاق بولغاچقا، رەستىلەر شالاڭ ئىدى. شۇنداقتىمۇ سېمىز سودىگەرلەر، نامرات سېتىقچىلار ۋە قارىغان كىشىنىڭ يۈرىكى ئېچىشقىدەك دەرىجىدىكى ئاچ - يالىڭاچ دىۋانىلەر كۆزگە چېلىقاتتى.

ياشاشقا ئامالسىز قالغان بىر يېتىم بالىغا بۈگۈنكى بۇ كۆڭۈلسىز سەھەر خەيرلىك بولدى ...

نېمىلەرگىدۇ ئاغزىنى پىچىرلىتىپ كېلىۋاتقان قىرىق ياشلاردىكى ئېگىز بويلۇق، جۇدەڭگۈ بىر دېھقاننىڭ كۆزى ھاممامنىڭ ئالدىدا دۈگدىيىپ تۇرغان سەككىز ياشلاردىكى بىر بالىغا چۈشتى.

«ئاھ، ھازىر يېتىملار ئازمۇ؟ سېنى قۇتۇلدۇرالمايمەن بالام، خۇدايىمنىڭ ئۆزىگە ئامانەت. ئۆزەم ھايات بولغان بىلەن مېنىڭ بالىلىرىمنىڭ سېنىڭدەك يېتىملەردىن نېمە پەرقى بار؟ ...»

ئۇ كىشى يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتكەن شۇ خىياللار بىلەن بۇ بالىغا بىر پەس قاراپ ئۇلۇق - كىچىك تىنىغاندىن كېيىن، بىر نەچچە قەدەم ماڭدى، نېمىشقىدۇ قەدەملىرى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى - دە، ئارقىسىغا قىيالماسلىق نەزىرى بىلەن بىر قايرىلىپ قاراپ بالىنىڭ ئالدىغا كەلدى. بالىمۇ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان كىشىگە تىلەمچىلەرگە يات بىر نەزەر بىلەن تامەسىز قاراپ تۇراتتى.

— بالام، قەيەرلىكسەن؟

— يېڭىسارلىق.
— ئاتا - ئاناڭ يوقمىدى؟
— ئۆز دادام كىچىكىمدە ئۆلۈپ كېتىپتىكەن. ئۆگەي دادام بار.
— ئۆگەي بولسىمۇ داداڭ بولغاندىكىن مۇشۇنداق قارا قىشتا نېمىشقا بۇ ياققا چىقتىڭ؟
— دادام ئۆگەيلەيدىغان تۇرسا.
— كېچىدىن نەدە ياتتىڭ؟

بالا ئارقىسىغا قاراپ بېشى بىلەن ھامامنى ئىشارەت قىلدى گۆلەختە① ياتتىم.

— گۆلەختە؟!

ئۇ كىشى بالىغا باشقىدىن بىر قاراپ چىقتى، بالا تىترەيتتى، چىشلىرى كاسىلدايتتى. ئۆسۈپ، چاڭلىشىپ كەتكەن چاچلىرىدىن كۈل توزۇپ تۇراتتى. قۇلاقلىرىنىڭ تۆشۈكلىرىگىمۇ كۈل توشۇپ كېتىپتۇ. يۈزى ۋە بويۇنلىرى كۈل دەستىدىن قارىداپ كېتىپتۇ. كۆلرەڭگە ئۆزگىرىپ كەتكەن يالاڭ، ئاق ماتا تامبىلى ئۇشىغىنىمۇ ياپالماپتۇ، پۇتىنىڭ ئۇششاق بارماقلىرى ئايىغىنىڭ تۆشۈكىدىن قاتار تىزىلىپ چىقىپ تۇرۇپتۇ. دېمەك، بۇ بالا شۇ دەمدە قارىماققا ھازىرلا كۈل دۆۋىسىدىن ئېچىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. لېكىن، چاقناپ تۇرغان كۆزلەر ئۆز ئىگىسىنىڭ زېرەكلىكىگە گۇۋالىق بەرسە، كۈل توزۇپ قارايغان يۈزىنىڭ ئەسلى ئاقلىقى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى.

ئەندى ئۇ كىشىنىڭ قىسمەت قەپىزىدە قىسىلغان بۇ بالىنىڭ يېنىدىن ئاسان كەتكىسى كەلمىدى. ئۇ، بالىنىڭ خېلىلا چوڭ كېلىپ قالغان ئەسكى قولاقچىسىنى قېقىپ كەيدۈرۈپ، يۈزلىرىدىكى كۈل - كۈيۈندىلەرنى چاپىنىنىڭ پېشىدە سىپپۇەتكەندىن كېيىن سورىدى:

— ئىسمىڭ نېمە؟
— مەھەممەت.
— داداڭنىڭچۇ؟

بالا بىردەم نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى - دە، كۆزلىرىنى چىمىلدىتىۋېلىپ چاقماقتەك سۆزلەپ كەتتى:

— ئۆز دادامنىڭ ئىسمى قۇتلۇق غازىكەن. يەكەنگە پول تاپقىلى كېتىپ شۇ تەرەپتە يوق بولۇپ كېتىپتىكەن. ئۆگەي دادامنىڭ ئىسمى ئىسمايىل تاقىچى. ئۇ دادامنىڭ ئۆكىسىكەن ...
— ئوقۇيالمىغان بولغىيتتىڭ؟
— ئوقىمىغان بىلەن ناخشا ئېيتالايمەن.

ناخشا؟! — قەشقەر بالىسىسەندە، — دەپ ئويلىدى ئۇ كىشى، — ئېيتىپ باقە قېنى؟
قەشقەردە يېتىملەر، ھەمام ئالدىدا كۆلدە ياتۇرلەر.
... ... ... ...

①گۆلەخ — مونچىنىڭ كۈلخانىسى

بالا ئۆتكۈنچىلەردىن تاتىنىپ ناخشىنى يېنىدىكى كىشى ئاڭلىغىدەك قىلىپ ئېيتتى. لېكىن ئۇ ناخشىنى پەس ئاۋازدا ئېيتسىمۇ شۇنچىلىك تەسىرلىك ئېيتتىكى، ئۇرغۇپ تۇرغان سۈزۈك بۇلاق سۈيىدەك بالىلارچە ساپ ئاۋازى ۋە يېتىملىك قىسمىتىنى نامايىش قىلغۇچى ئېزگۈ مۇڭى، ناخشا ئەۋجىگە ئەگىشىپ گاھ يۇمۇلۇپ، گاھ ئېچىلىۋاتقان ئۇزۇن كىرپىكلىك قارا كۆزلىرى، ناخشا ئاڭلاۋاتقان كىشىگە ئالدىدىكى يېتىمنىڭ قىسمەتلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى تېخىچە ئۆزىمۇ ھېس قىلمىغان 40 يىللىق قىسمىتىنىڭ ئەلەملىك سىرلىرىنى سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ، قاخشال تېرەكتەك ئاجىز گەۋدىسىنى لەرزىگە كەلتۈردى.

ئۇ كىشى ئادەمدەك ياشاشقا ئىنتىلىۋاتقان مەھەممەتنى قەھەتچىلىك بىلەن ۋەھىمە قوغلاپ يۈرگەن بۇ كوچىلارغا تاشلاپ كېتەلمەي قولىدىن يېتەكلىدى ـ دە، «قەشقەر مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان «دارىلئىتام مەكتىۋى» گە ئېلىپ بېرىپ، مەكتەپ خادىملىرىگە يالۋۇرۇپ ئىلتىماس قىلدى:

— بۇ بالا كوچىدا قاپتۇ، زېرەك بالىكەن. ئۆيۈمگە ئېلىپ كېتەي دېسەم مېنىڭمۇ چۆچۈرىدەك بالىلىرىم بار. ئۇلارنىڭ ھالى بۇ بالىنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. خۇدا يولىدا بولسىمۇ مۇشۇ بالىغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويساڭلار ...

شۇنداق قىلىپ كاج قىسمەت مەھەممەتجاننىمۇ ئالدىنى قىلدى. ئۇ ھېلىقى خەيرىخاھ كىشىنى مەكتەپ دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ، ئۆزى بەختسىزلارچە شۇ مەكتەپتە قېپقالدى. مەكتەپ ياۋاغ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى دۇمبخانا «كونا ئەسكەرخانا»دا ئىدى. مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇشىغا مەسئۇل خادىمنىڭ تاپشۇرۇغى بىلەن مەھەممەتجاننى چۈشتىن بۇرۇن بىر چابېشى① بالا ئەنجان كوچىسى ئارقىلىق ھېلىقى ھاممامغا يۇيۇندۇرۇشقا ئېلىپ باردى. ئۇلار گۈلەخنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، مەھەممەتجان ئۆزىگە يانا بولغان كۈل دۈۋىلىرىگە ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى لىپىلدىتىپ قاراپ قالدى. ئۇنى باشلاپ كەلگەن چابېشىمۇ ئەلۋەتتە مەھەممەتجانغا قىسمەتداش ئىدى. ئۇمۇ كۈل دۈۋىسىدىكى ئادەم ياتقان ئازگاللارغا قاراپ قويۇپ مەھەممەتجاندىن سورىدى:

— سەنمۇ گۈلەختە ياتقانمىدىڭ؟

— ھەئە، تېخى تۈنۈگۈن كېچىلا ئاشۇ ئازگالدا ياتقانتىم.

— مەنمۇ بۇلتۇر قىش مۇشۇ گۈلەختە ياتقانتىم، — دېدى ھېلىقى چابېشى بالا.

ئاق پۇسىلاق بىر بالا ھاممامدىن كۈلۈمسىرەپ چىققاندا بۇنىڭ ھېلىلا ئۆزى باشلاپ كەلگەن قارا بالا ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمىگەن چابېشى بولغۇسى ساۋاقدىشىنىڭ ئۇماقلىقىدىن سۆيۈنۈپ كۈلدى.

مەھەممەتجان تۈركىيە فورمىسىدىكى چېكىلىكسىز شەپكە، قارا كۆك بويالغان ماتا شىم — پەشمەت ۋە سەندەل② قاتارلىق مەكتەپ كىيىمىنى كىيىپ دارىلئىتام ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدى. چېنىمغا جان قوشقان مەكتەپ ھاياتىدىكى بۇ كۈتۈلمىگەن شاتلىق يېتىملىك ھاقارىتىدە خورلانغان

① چابېشى — ئون ئوقۇغۇچىنىڭ باشلىقى

② سەندەل — دارىلئىتامدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تارتمىلىق ئاياق كىيىمى.

مەھەممەتجانغا پۈتمەس - تۈگىمەس ئىلىم ئىشقى ۋە ئاجايىپ تىرىشچانلىق بېغىشلىدى. لېكىن، بىر نەچچە يىل ئۆتمەي مەكتەپتىكى بىر قىسىم چوڭ بالىلارنى ھۆكۈمەت ھارۋا بىلەن ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ئېلىپ كەتتى. بۇ ئىش مەھەممەتجاننىڭ گۆدەك قەلبىدە يېڭى تەلپۈنۈشلەرنى ئويغاتتى. ئۇنى ئەمدى ئۆزىمۇ چۈشىنىپ يېتەلمەيدىغان بىر خىل تىلەكنىڭ غايىۋى مەشئىلى يىراقتىن تەلپۈندۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ چاغدا قەشقەردىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىچكى ماجىرالىرى، ھەرقايسى مەزھەپلەرنىڭ توقۇنۇشلىرى، ئۆزلۈكسىز كۆتىرىلىۋاتقان ئىسيانلار...دارىلتامىنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىمۇ قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن ئىدى.

مەھەممەتجان ئويقىسىز ئۆتكۈزۈۋاتقان شۇنداق كېچىلەرنىڭ بىرىدە ئىجىل بولۇپ قالغان يېنىدىكى دوستىنى تۈرتۈپ ئويغاتتى. (بۇ ئۇنى ھاممامغا ئېلىپ بارغان ھېلىقى چاپىشى ئىدى.)

— نىياز، ئويغانغىنە بىر گېپىم بار.

— ھە... ھە... نېمە گېپىڭ بار؟ — دېدى نىياز ئۇيقا ئارىلاش.

— رەسمى ئويغانساڭ دەيمەن.

— ھە، مانا ئويغاندىم، — نىياز ئۆرۈلۈپ ئالدىنى قىلدى.

— بىزمۇ ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئوقۇمايلىمۇ؟

— نېمە؟! بىزنى ئۈرۈمچىگە كىم ئېلىپ بارغۇدەك؟

— ئۆزىمىز بارمامدۇق.

— كىچىك تىزرساق قانداق بارالايمىز؟

— كىچىك بالادىگەن ھارمايدۇ، مېڭىپ بارىمىز.

— بارغىچە نېمە يەيمىز؟

— بۇگۈندىن باشلاپ ئۆزىمىز ئاز - ئاز يەپ نان يىغايلى. باشقىلار يىمىگەن نانىنىمۇ يىغىپ قۇرۇتايلى، ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل.

— يېنىۋالمايدىغانسەن؟

— ئەكىلە قولىڭنى!

شۇ كېچىسى يۇكسەك غايىلەرگە ئىگە ئىككى گۆدەكنىڭ كىچىك قوللىرى قايتماس ۋەدە ئۈچۈن بۇ قاراڭغۇ كۆلبىدە بىر - بىرىگە مەھكەم كىرىشتى.

※ ※ ※

يەڭلىرى بوغۇلۇپ ئىچىگە نان قاچىلانغان، چاپانلىرىنى ئۆشنىسىگە سالغان بۇ ئىككى كىچىك دوست جۇدۇنلۇق ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ھېيتكا پەشتىغىدىن سوزۇپ - سوزۇپ ئاڭلىنىۋاتقان بامدات ئەزىنىنى يىراقتا قالدۇرۇپ ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلاندى.

«يول ئازاۋى گۆر ئازاۋى» ...

ئېغىر كۈنلەرگە ئاتاپ ئون نەچچە كۈنلەپ يىغلىغان ئانىلار تېخى سۆڭىكى قاتمىغان يۇمران گەۋدىلەرنى ھە دېگەندىلا مۈكچەيتتى؛ تۈك - تۈكىدىن ئاچچىق تەرلىرىنى ئېقىتتى. لېكىن، ئۇلار قەشقەر پاسىلىدىن چىقىپ بولغىچە چاپان «خورجۇن» لار ئاللىقاچان قۇرۇغدۇلۇپ، بۇغۇلغان يەڭلەرنىڭ بۇلۇڭلىرىدىكى ئۇۋاق نانلارمۇ ناسۋالدەك كاپ ئېتىلىپ تۈگىدى. سەندەللەرمۇ تاسمىلىرى ئۈزۈلۈپ نەمۇ - نەلەردە چۈشۈپ قالدى. ئەمدى ئۇلارغا ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق تەھدىت سالماقتا ئىدى. يول ئازاۋىدا، جان قايغۇسىدا قىلىپ باغرى چىڭىپ كەتكەن يولۇچىلارمۇ ئۇلارنى كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئېچىرقاپ كەتكەن چۆل قوزغۇنلىرى ئەنسىز قاقىلدىشىپ باشلىرىدا ئايلىناتتى. ئۇلار ناۋلىرى تۈگىگەن دەسلەپكى كۈنلەردە سەپەر تويغۇسىنى بىلمىدۇرمەسلىك ئۈچۈن گاھ چېلىشىپ، گاھ قوغلىشىپ، كۈلكە -چاقچاق بىلەن مېڭىشتى. بىراق، چېكى كۆرۈلمەيدىغان شورلۇق، شېغىللىق، گىياسىز باياۋاننىڭ ۋەھىمىسى ئۇلارنىڭ تۈگىمەيدىغاندەك باشلانغان قىزىق پاراڭلىرىنى، بالىلارچە شوخلۇقلىرىنى كۈنسېرى ئازايتىپ كەلمەكتە ئىدى.

سەپەرنىڭ ئون ئىچچىنچى كۈنى ئۇلارمۇ مارالۋېشىنىڭ تۇمشۇق بازىرىدا پەيدا بولدى. كىشىلەر غەيرى كىيىملىك بۇ ئىككى يۈچۈن بالىغا يىراقتىن نەزەر سېلىشاتتى. لېكىن، ئۇلار شۇنچىلىك ئاچ بولسىمۇ، ھېچكىمنىڭ كۆزىگە ۋە قولىغا تەلمۈرۈپ قارىمىدى. شۇ چاغدا بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا مەمەدانىلىق بىلەن پاراڭ سوقۇۋاتقان ياغاق يۈزلۈك، چاشقان بۇرۇت بىر كىشى بۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، باش - ئايىغىغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن سورىدى:

— نەدىن كېلىپ، نەگە ماڭغان بالىلارسىلەر؟

— قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ماڭدۇق، — دېدى مەمەممەتجان.

— قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ماڭدۇق؟! — ئۇ كىشى مەسخىرىلىك كۈلدى، — ئىمانىڭلار گەڭگەڭلەردە يىلدىرلاپ قاپتۇ بالىلىرىم، مەن سىلەرنى تازا ياخشى ئوقۇش بار يەرگە باشلاپ باراي، جۈرۈڭلار.

دېمىسىمۇ، ئۇلار ئەتىيازنىڭ قۇرغاق دالا شامىلىدا كۆيۈپ قارىداپ، ئاچلىقتىن كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، لەۋلىرى گەز باغلاپ كەس - كەس يېرىلىپ، ئورۇقلاپ قورايدەك بولۇپ قالغان ئىدى. مۇھتاجلىق، چارىسىزلىق بۇلارنى چاشقان بۇرۇتلۇق كىشىنىڭ كەينىدىن ئەگەشتۈرۈپ كەتتى. ئۇ كىشى مەھەممەتجان بىلەن نىيازنى خوجايىنى سامساق بەگ ھاجى دېگەن كىشىنىڭ قورۇسىغا باشلاپ بېرىپ، بالىلارنىڭ كۆزىچە باينىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ ھىجايدى.

— ھە، نەگە مېڭىشقان؟ — دېدى سامساق بەگ ھاجى ئۆشكە ساقىلىنى تۇتاملاپ تۇرۇپ.

— مەھەممەتجان بازاردىكى جاۋابىنى تەكرارلىدى.

— ئۈرۈمچىگە ئوقۇغىلى بارىمىز؟! — دېدى سامساق بەگ ھاجى كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — كوممۇنىست بولغىلى بارىمىزدە! ئۈرۈمچىگە بېرىپ كوممۇنىست بولساڭمۇ بول، تاڭلا قىيامەتتە گۆرۈڭدىن بەرھەق توڭگۇز قوپىدۇ، بۇ ئۆزەڭنىڭ شورى. لېكىن، قەشقەردىن مارال-

AltunOq

ۋېشىغا كەلگىچە مۇشۇ هالغا كېلىشىپسەن. ئۇرۇمچىگە بارغىچە جەسەتلىرىڭ چۆلدە قېلىپ، قۇزغۇنغا يەم بولىشىسەن. ياخشىسى، ئاش ــ نېنىڭنى تېپىپ يەپ مەندە تۇرۇپ قېلىش! ...

بالىلار بىر ــ بىرىگە قارىشىپ قويۇپ، باينىڭ تەكلىۋىگە قارشىلىق بىلدۈرۈشمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى سامساق بەگ هاجىنىڭ مالچىسىغا ياردەمچى بولۇپ دالىغا چىقىشتى. ئۇ پادىچى ئەر ئۇمرى مالنىڭ كەينىدە يۈرۈپ ئاللىقاچان هاردۇق يېتىپ قالغان ئەللىك ياشلاردىكى كىشى بولۇپ، ئۆزى بىر دۆڭگە چىقىپ ياتاتتى ــ دە، بالىلارنى چېچىلغان ماللارنى جۇغلاش ئۈچۈن تىنىمسىز چاپتۇراتتى. بىر هەپتە ئۆتە ــ ئۆتمەي ئۇلارنىڭ قارغاي قۇزىغىدەك يېرىلىپ، يىرىڭداپ كەتكەن تاپانلىرىدا ساناقسىز تىكەنلەر سۇنۇپ قالدى. ئىككى دوست دەردىنى ئىچىدە بىلىپ بىر ــ بىرىگە ئەلەملىك قارىشاتتى.

بىر كۈنى خۇپتەن بىلەن مەھەممەتجان ئۇيقىغا كەتكەن دوستى نىيازنى يەنە ئويغاتتى.

ــ نىياز، هوي نىياز، ئويغانغىنە يەنە بىر گېپىم بار.

ــ نىمە گەپ؟

ــ بىز قەشقەردىن نىمىشقا چىققان؟

ــ ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئوقۇغىلى.

ــ ئەمدى نىمە بولدۇق؟

ــ باينىڭ مالچىسىغا مالچى بولدۇق، ــ نىياز بۇ گەپنى ئېيتىپ بولغىچە ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

ــ تاڭ ئاتقىچە بىز بۇ يەردىن قاچايلى، ــ دىدى مەھەممەتجان ئېغىر شىۋىرلاپ تۇرۇپ.

ــ قاياققا؟

ــ قاياققا دىگىنىڭ نىمىسى، ئۈرۈمچىگىچۇ.

ــ يولدا يەنە ...

ــ خاتىرجەم بول، هېلى كۆرۈپ چىقتىم. باينىڭ ئاشخانىسىدا كەچتە بىزدىن ئاشقان ئىككى تاۋاقچە يىغىدان تۇرىدۇ. توخۇ چىللىغاندا قوپۇپ، شۇنىڭ بىلەن قوساقنى توقلايمىز. تەكچىدە يەنە تۆت زاغرا تۇرىدۇ، شۇنى ئېلىۋېلىپ يولغا چىقايلى. قالغىنىنى يولدا كۆرىمىز.

جاسارەتلىك ۋە زېرەك دوستىنىڭ مەسلىھەتىدىن ئۇمىتلەنگەن نىيازنىڭ كۆزلىرى لاپاستىن قىيپاش چۈشۈپ تۇرغان ئاي نۇرىدا چاقناپ كەتتى.

ئۇلار شۇ كېچىسى سامساق بەگ هاجىنىڭ مال قوتىنىدىن قېچىپ چىقىپ، قورقۇنۇچلۇق قاراڭغۇ جاڭگال قارا كۆلدىكى① ئاق تام،② قىزىل تاملاردىن③ ئۆتۈپ ئۈچ كۈندىن كېيىن كەلپىنىڭ كونا چىلان دىگەن يېرىگە كەلدى. كونا چىلاننىڭ يول بويىدىكى چوڭ توغراقنىڭ تۈۋىدە بىرنەچچە يۈز ئىشەك بىلەن ئاقسۇغا لەڭ توشۇپ ماڭغان كەلپىنلىك دىخانلار سايىداپ ئولتۇراتتى. ئۇلار هېرىپ هالىدىن كەتكەن بۇ ئىككى بالىنى يېنىغا چاقىرىپ مەقسىدىنى ئۇققاندىن كېيىن ــ ئۇلارنىڭ قوساقلىرىنى تويغازدى ــ دە، ئۆزلىرى بىلەن ئاقسۇ تەرەپكە ئېلىپ

①قارا كۆل ــ تارىم جاڭگاللىغىنىڭ بىر قىسمى، ②③ ــ جەنۇپ بىلەن شىمال قاتنىشىدىكى كونا چۇشكۇنخانا.

ماگدى. ھەمسەپەرلەر يولبويى پاراڭلىشاتتى. مەھەممەتجان ھەمرالىرىغا قەشقەر ھەققىدە چۆچۈك تىللىرى بىلەن سۆزلەپ بەردى. يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئىشەكلەرنىمۇ ھەيدىشىپ بەردى. لېكىن، چۆل قۇدۇقىغا كەلگەندە نىيازنىڭ پۇتلىرى قاپىرىپ، قاناپ كەتتى. ئەگىچىلەر ئۇنىڭ دەسسىيەلمەي قالغانلىقىنى كۆرۈپ يۈك ئارتىلغان ئىشەكلەرگە يۆتكەپ - يۆتكەپ مىندۈرۈۋالدى.

※ ※ ※

— ھوي بالا، توختا!

ئاقسۇ كوچىلىرىدا يېرىم كۈن تەمتىرەپ يۈرگەن مەھەممەتجان بىلەن نىياز بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئارقىسىغا قارىدى. دوقمۇشتىكى ناۋايخانىدىن ساقال - بۇرۇتلىرى تونۇر تەپتىدە كۆيۈپ سارغايغان بىر ناۋاي چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاق يەكتىگىدىن تەر ئېقىپ تۇرغان قىپ - قىزىل مەيدىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— سەن يېڭىسارلىق ئىسمايىل تاقىچىنىڭ ئوغلىغۇ دەيمەن؟ — دېدى ناۋاي سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراپ.

— ھەئە.

— مېنى تونىدىڭمۇ؟

— ياق.

— مەنمۇ يېڭىسارلىق. سېيىت ناۋاي دېگەن بولىمەن. مەن ساڭا شىرەمراق تۇققان كېلىمەن. ھە، بۇياققا قانداقچە كېلىپ قالدىڭ؟

— ئوقۇغىلى كەلدۇق.

— ساڭا قاراپ تۇرغان قانداق ئوقۇشكەن ئۇ؟

— ... ...

مەھەممەتجان ناۋاينىڭ كۆزىگە سۆزسىز تىكىلىپ تۇردى.

— ماۋۇ يېنىڭدىكى بالا ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئالسۇن. سەن ماڭا ئانچە - مۇنچە قارىشىپ بەر.

— ياق، — دېدى مەھەممەتجان دادىللىق بىلەن، — بۇ ئىككىمىز قەشقەردىن بىللە چىققان. سىزگە قارىشىپ بەرسەك بىللە قارىشىپ بېرەيلى، ياق دېسىڭىز ئىككىمىز ئايرىلمايمىز.

— يولۇڭغا ماڭغىلى قويماي چاقىرغانلىقىم ئۆز گۇنايىم ئۆزەمگە، بوپتۇ، — دېدى ناۋاي گەجگىسىنى قاشلاپ تۇرۇپ، بىكار دېگەن - بىكار ئىككى نانچىنى تاپتىم.

سېيىت ناۋاي بالىلارنى دۇكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى زەي پۇراپ تۇرىدىغان بىر ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، بۇلۇڭدىكى ئەۋرەزنى كۆرسەتتى، مۇشۇ يەردە پاكىزە يۇيۇنۇپ چىقىڭلار. بولۇپمۇ پۇتۇڭلارنىڭ تىرنىقىنى ئېلىپ، پاكىزە يۇيۇڭلار. ھازىر خېمىر چەيلەيسىلەر.

بالىلار يۇيۇنۇپ چىققاندىن كېيىن سېيىت ناۋاي ئۇلارنىڭ پۇتلىرىغا قاراپلا چۆچۈپ كەتتى.

— ھەي، ئادەم نەسلىمۇ سىلەر، ياكى ... تاپىنىڭلار ئېيىقنىڭ تاپىنىغا ئوخشايدىكەنغۇ؟! بۇنداق قوۋزىغى بار پۇتلاردا چەيلىگەن خېمىرنىڭ نېنىنى كىم يەيدۇ؟ سىلەر ئەمدى زوۋۇلا توشۇپ، ئىدىشقا سۇ توشقۇزۇپ، دۇتخانىدىن كۆل تارتىپ بەرسەڭلار بولغۇدەك ...

مەھەممەتجان بىلەن نىياز ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ بىر - بىرىگە قاراشتى - دە، ئۈن تىنىسىز ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇلار شۇنچە كەچ يېتىشىغا قارىماي دۇكاندىكىلەردىن ئەڭ بۇرۇن قوپۇپ كۆل تارتتى، تونۇرغا ئوت ياقتى، ئىدىشقا سۇ، تونۇرغا زوۋۇلا توشىدى ...

ئۈچ كۈندىن كېيىن مەھەممەتجان تۇيۇقسىزلا ناۋايخانىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى - دە، دارىلتام كېيىمى كىيىپ كوچىدا كېتىۋاتقان ئۈچ بالىنىڭ ئالدىنى توستى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۈمىتتىن چاقناپ، يۈرىكى ئويناپ كەتتى.

— سىلەرمۇ دارىلتامنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ؟

— ھەئە، — دېدى ھېلىقى ئۈچ بالا كېيىمى ئۆزلىرىنىڭكىگە ئوخشايدىغان مەھەممەتجاننىڭ ئۈستى - بېشىغا قاراپ.

— مەنمۇ قەشقەر دارىلتامدا ئوقۇيتتىم. ئاۋۇ ناۋايخانىدا يەنە بىر ساۋاقدىشىم بار. بىزنىڭ مەكتەپ تاقىلىپ قېلىپ ئىككىمىز بىللە چىققانتۇق. ئوقۇيمىز دەپ كېلىپ ئامالسىز ناۋايخانىغا كېلىپ قالدۇق.

— ساۋاقدىشىڭىزنى چاقىرىڭ، بىز سىلەرنى «ئۇيغۇر ئۇيۇشما» سىغا باشلاپ بارايلى. ئابلا يۈسۈپ دىگەن شەنجاڭ سىلەرنى چوقۇم بىزنىڭ مەكتەپكە تونۇشتۇرۇپ قويىدۇ، — دېدى ھېلىقى بالىلار.

مەھەممەتجان ناۋايخانىدىن بۇ تەرەپكە تەلمۈرۈپ تۇرغان نىيازغا ئىشارەت قىلدى - دە، ئۇيۇشما تەرەپكە يۈگۈرۈشتى. ئۇلار ناۋاينىڭ قويۇپ بەرمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ خوشمۇ دېمىدى.

— تۈزكورلار! — دېدى ھەقسىز ئىشلەمچىلەردىن ئايرىلىپ قالغان ناۋاي يۈگۈرۈشۈپ كېتىۋاتقان بالىلارغا قاراپ، — ئۈچ كۈن بىكار نېنىمنى يەپ «خوش» دەپ قويغىلى ياراشمىدىڭ. ئالدىمغا يەنە كېلىشىسەن تېخى!

※ ※ ※

مەھەممەتجان بىلەن نىياز ئەمدى ئاقسۇ دارىلتامنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدى. ئۇلار دارىلتامنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەھەممەتجان ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن يەردىن ئارزۇلۇق سەنئەت ھاياتى باشلاندى ...

«ئاقسۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» دارىلتامنى پۈتتۈرگەن مەھەممەتجان باشلىق يىگىرمىگە يېقىن ئوقۇغۇچىنى ئاقسۇدا تۇرۇۋاتقان سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئېچىلغان «دوخوۋوي ئوركېستىر كۇرسى» (چەتئەلچە ھەربى مۇزىكا كۇرسى) غا مۇزىكا ئۆگىنىشكە ئۆتكۈزۈپ بەردى. كىچىكىدىنلا ناخشا - مۇزىكىغا ئىشتىياق باغلىغان مەھەممەتجان

بۇ قىممەتلىك پۇرسەتنى بەكمۇ قەدىرلىدى. ئۇ كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلمايلا بەش سىزىقلىق نوتىنى قېتىقىنىپ ئۆگىنىپ، تېز ئۇنۇم ھاسىل قىلغاچقا، مەكتەپ ئىچىدە ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ قالدى. بۇرۇن دارىلتامدا ئۆگەنگەن «بىز ئوقۇغۇچى»، «مەكتەپ جەننەت»، «ئىستىگىم ئوقۇش»، «ئوقۇش ۋاقتى»، قاتارلىق ئوقۇغۇچىلار ناخشىسىنى تۇنجى قېتىم نوتىغا ئالدى. لېكىن، بۇ ئامەت قانداق تېز يېتىپ كەلگەن بولسا، يەنە شۇنداق تېز قولدىن كەتتى — 1938 - يىلى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئاقسۇدىن تۇيۇقسىزلا يۆتكەلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن «دوخۇۋوي مۇزىكا كۇرسى» تارقىلىپ كەتتى.

كىمكى قورقماستىن جۈرئەت قىلىدىغان بولسا ۋە ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىدىغان بولسا، ئۇنداق جاسارەت ئىگىسىگە غايە مەنزىلى ئانچە يىراق ئەمەس. ئوقۇشلۇق پۇرسەت ھەرگىز ئۆمرىنى ئاللىقانداقتۇر تۇمانلىق سېغىنىش ھەم ئاجىزانە زارلىنىش بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ ئالدىغا ئۆزلىگىدىن كەلمەيدۇ. يولنى ماڭغان كىشى يېڭىدۇ. مەيلى ئۇنىڭ پۇتلىرى يولدا كۈچسىزلىنىپ ئىگىلىپ كەتسۇن، ئۆمىلەپ بولسىمۇ مېڭىش كېرەك. شۇ چاغدىلا ئۇ كىشى بارغانسېرى يېقىنلاپ، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان مەنزىل مەشئىلىنى كۆرەلەيدۇ. بۇنداق جاسارەت ياشاشنى، ياشىغاندىمۇ مەنىلىك ياشاشنى خالايدىغان كىشىلەردىلا بولىدۇ. ئەنە شۇنداق كىشىلەرلا ياشاپ ئۆتكەن ئۆمرىگە پۇشايمان قىلمايدۇ.

ياش مەھەممەتجاننىڭ ئارزۇ باھارىغا ئۇلىشۇپ تەككۈزمەكچى بولغان بۇ قىسمەت دوقالى ئۇنى ھەرگىزمۇ سەنئەت ئىشقىدىن ۋاز كەچكۈزەلمىدى. ئەكسىچە، جۇدالىق قانچە ئۇزۇن بولغانسېرى ۋىسال لەززىتى بولغىنىدەك، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئاللىقانداقتۇر بىر كەلگۈسى پۇرسەتنىڭ تېپىشمىقى، بىر غايىۋى سەنئەت دۇنياسىنىڭ سۆيگۈسى ئۆرتەشكە باشلىدى.

كەچكەندىنلا رەھىمسىز قىسمەتنىڭ ئوچاقلىرىدا تاۋلانغان بۇ ئىرادە ئىگىسى، سەنئەت ھەۋەسى بىر قەدەر كۈچلۈك دەپ ھېساپلىنغان بەش نەپەر ساۋاقدىشى (كونا شەھەردىن كېرىمجان، موللا ئىسلام، ئاقسۇدىن مەخمۇتجان، ئابدۇراخمان) بىلەن يەنە بىر مۇشكۈل ئەمما غايىلىك سەپەر ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. ئۇلار شۇ يىلى ماي ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاقسۇنىڭ يار تۆپىسىدىكى كەپتەرخانىدىن شىمالغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇ بەش نەپەر سەپەرداش يەنىلا مەھەممەتجاننىڭ بەش يىلدىن بۇرۇنقى سەپەر تەجرىبىسى بويىچە يەڭلىرى بوغۇلۇپ، ئىچىگە نان قاچىلانغان چاپانلىرىنى ئۆشنىسىگە سالغان ئىدى.

كىشىلەرگە باھا بېرىشتە ھەر قانچە تەجرىبىلىك ھېساپلانغان كىشىلەرمۇ بەزىدە خاتالىشىپ قالىدۇ. مەھەممەتجانغا سەپەرداشلىرى ئىچىدە ئەڭ ئىرادىلىك كۆرۈنگەن موللائىسلام قارا يۇلغۇنغا بارغاندا قايرىپ، قاناشقا باشلىغان پۇتلىرىغا قاراپ يىغلامسىراشقا باشلىدى. تېخى ماي ئېيى بولۇشىغا قارىماي، كۈن قاتتىق قىزدۇرماقتا ئىدى. ئوزۇقلارمۇ تۈگەپ قالدى. ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىق ھەممەيلەننى ھالسىزلاندۇردى. بولۇپمۇ موللائىسلامنىڭ ئايانچلىق ھالى سەپەرداشلارنى بەكمۇ بىئارام قىلدى. يولداشلىرىنىڭ مەھەممەتجانغا دەممۇ-دەم تىكىلىۋاتقان كۆزلىرى گويا ئۇنىڭدىن «قانداق قىلىمىز؟» دەپ مەسلىھەت سوراۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ مەھەممەتجان ئۆزى بىلگەن بارلىق قىزىقچىلىقلىرىنى قىلىپ، قولىدىن كېلىشىچە چىدام كۆرسىتىپ يولداشلىرىغا مەدەت بېرەتتى.

كۇچارغا كەلگەندە مەھەممەتجانغا ھەمرالىرى ئۈچۈن ئۆزى ئويلىمىغان يەردىن بىر خىل چارە ئىزدەشكە توغرا كەلدى. ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرۈيدىغان دەپتىرىنىڭ ئەڭ پاكىزە كۆركەم ۋارىقىدىن بىرنى يىرتىپ ئالدى ـ دە، ئاقسۇغا يېقىندىن كەلگەن سالى دوتەيىنىڭ نامىدا مۇنداق بىر ئالاقە يازدى:

«ھەر قايسى ئۆتەڭلەردىكى موھتەرەم بىرادەرلەر، شەھىرىمىزدىن 5 نەپەر بالىنى ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ماڭدۇردۇق. ئۇلار ئۆز دائىرەڭلارگە يېتىپ كەلگەندە ياتاق ۋە تاماق ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولساڭلار، شۇنداقلا يەنە ھۆكۈمەت نامىدا ھەقسىز كىرا قىلىپ قالمىش ئۆتەڭلەرگە يەتكۈزۈپ قويساڭلار.

دەپ ئاخسۇدىن سالى دوتەي.

مىلادىيە 1939 ـ يىلى. 5 ـ ئاينىڭ 10 دە

بىر نەچچە يىل دارىلتامدا ئوقۇپ نەزىرى چوڭقۇرلاشقان مەھەممەتجان شۇ زاماندىكى بەزى ئەخمەق ئەمما زالىم ئەمەلدارلارنىڭ ئاساسەن ساۋاتسىز ئىكەنلىگىنى، شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن بىرەر يېرىگە تامغا بېسىلغان ھەر قانداق ئالاقىنى كۆرسە سۆزسىز باش ئۇرۇپ، ئۇنىڭدىكى تەلەپنى دەرھال بىجا كەلتۈرىدىغانلىغىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى. ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىر پەس ئويلاندى ـ دە، ئۆزى يازغان «ئالاقە» دىكى «سالى دوتەي» دىگەن ئىسمىنىڭ ئۈستىگە قىزىل پوسۇلكا قەلىمى بىلەن قانداقتۇر ئىمىر ـ چىمىر ئىسىم چۈشۈرۈلگەن بىر تامغىنى سىزىپ چىقتى. قالغان تۆت بالا بۇ تەۋەككۈلچىلىكنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرەپ ئولتۇرۇشاتتى.



«جاھاننى سۇ باسسا ئۆدەككە پايدا» دىگەندەك ئەمەلدارلارنىڭ بىلىمسىزلىگى ئۇلارغا ئۆز نۆۋىتىدە، تازا ئەسقاتتى. ئىش ئوڭغا تارتىپ، كۇچارنىڭ يول بويىدىكى كىچىگىرەك بىر ئۆتەڭدە «ئالەقە» ھىچ بىر توسالغۇسىز ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى.

بالىلار دەڭگە كىرىپ كەلگەندە پىستە كۆز، قارا چوقۇر، شالاڭ ساقاللىق، دوغۇلاقىنسە كەلگەن ئۆتەڭ باشلىغى ئۇلارنى دەرۋازىدىلا قوغلىۋەتمەكچى بولدى.

— چىقىش، چىقىش! نەدىن كەلگەن يانچۇقچىلارسەن، تېزراق يوقۇلۇشمىساڭ ئۆزلىرىڭنى يامۇلدا كۆرىشىسەن بىكار!

مەھەممەتجان ئەپچىل قاتلانغان «ئالاقە»نى خاتىرجەملىك بىلەن چىقىرىپ كۆرسەتتى. ئەمەلدار ھەر ھالدا ساۋاتلىق بولۇپ چىقتى. ئۇ بۇرنىنىڭ ئۇچىغا تەڭلىنىپ تۇرغان «ئالاقە»

AltunOq

دىكى سالى دوتەي دېگەن ئىسىمنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان تەنتەنىلىك تامغىنى كۆرگەندە يىراقتىكى دوتەينىڭ خىيالى ۋەھىمىسىدىن تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى.

— ئەپەندىلەر! — دېدى ئۇ خوشامەتكۈيلۈك بىلەن، — مەرھەمەت، بىز ھەر دائىم سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارغا تەييار!

ئۇلار ئەتىسى ئات قوشۇلغان يارىيا ھارۋىغا چۈشۈپ بۈگۈرگە قاراپ يولغا چىققاندا، باللار ھارۋىكەشكە بىلىندۈرمەي پىخىلداپ كۈلۈشتى. ئۇلارنى ئېلىپ بارغان ھارۋا بۈگۈردىن ياندى. بۇ خەۋەر ھەش - پەش دېگىچە بۈگۈر شەنجېڭى پاسار بەگكە ئاڭلاندى. پاسار بەگ باللارنى ئالدىغا چاقىرىپ ئۇلارنىڭ قولىدىكى «ئالاقە» نى كۆرۈپ باقماقچى بولدى. كۈتۈلمىگەندە ئالاقىدىن خەتەر چىقتى. ئۇزۇندىن بۇيان ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ كېلىۋاتقان پاسار بەگ «ئالاقە» دىكى تامغىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدى - دە، تېرىكىپ، چېچاڭشىپ ھەيۋە قىلىشقا باشلىدى:

— ھۇ قاراقچىلار، جاسۇسلار، ئەندى قولغا چۈشۈشتۈڭ. ئىقرار قىلىشمىساڭ تېرىلىرىڭگە سامان تىقىمەن!

لېكىن، پاسار بەگ ئۆز دوتىيىدىن خەۋەرسىز «تېرىلەرگە سامان تىقىش» تەك باش باشتاقلىقتىن ئەنسىرەپ «تۇتقۇن» لارنى ئەتىسى ئۈچ ئاتلىق ھارۋا بىلەن قارا شەھەرگە يالاپ ئېلىپ باردى. مەھەممەتجان بولسا قانداقلا بولمىسۇن بىر قەدەم بولسىمۇ ئۈرۈمچىگە يېقىنلاشقانلىقىغا خوشال ئىدى.

باللارنى قارا شەھەرنىڭ خەنزۇ ۋالىسى سوراق قىلدى. ۋالى ئۇيغۇرچە گەپنى بۇزۇپ بولسىمۇ ئاز - تولا سۆزلىيەلەيتتى.

— مەن سەن ئوغرىلارنى ئاتىدۇ، سەنلەر ئىشپىيون!، — دەپ ھەيۋە قىلدى ئۇ قولىنى تاپانچىغا ئۇخشىتىپ.

شۇ كېچىسى باللارنى دوتەي مەھكىمىسىنىڭ بىر قاراڭغۇ ئۆيىگە سولاپ، سىرتىدىن قۇلۇپ سېلىپ قويدى. باللار تامغا يۆلىنىپ، ئۈن - تىنسىز ھالدا غەمكىن ئولتۇرۇشاتتى. ئۇشتۇمتۇت بۇلۇڭدىن بوقۇلدىغان يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. يىغلاۋاتقان بالا موللا ئىسلام ئىدى.

— ھەي يىغلاڭغۇ! ئۈرۈمچىنىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەندە نېمىشقا يىغلايسەن؟! — مەھەممەتجان زەردە بىلەن ۋاقىرىدى ئۇنىڭغا.

موللا ئىسلام دۇدۇقلىدى:

— ئۈرۈمچىنىڭ بوسۇغىسىغا كەلدۇق دېگىنىڭ بى... بىلەن ئې... ئېتىۋەتسە قا... قانداق قىلىمىز؟

مەھەممەتجان قاراڭغۇ ئۆينى چاك كەلتۈرۈپ، چوڭلارچە قەتئىيەتلىك بىلەن قاقاقلاپ كۈلدى - دە، كىنايە بىلەن سورىدى:

— سەن راست ئىشپىيونمىدىڭ؟

— ھەممىمىز... ھەممىمىز ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

— ئەخمەق! بىز ئېلىپ چىقىپلا ئېتىۋەتىدىغانغا قۇشقاچ ئەمەس، ئادەمبىز! تولا مىشىلدىماي ئۇخلا، ئۈرۈمچىگە چوقۇم بارالايمىز.

بۇ گەپ بىلەن بالىلار ئۈمىتلىنىپ، كامىر جانلاندى. يەنە بالىلارچە كۆلكە ـ چاقچاق، قىزىق پاراڭلار باشلىنىپ كەتتى.

مەھەممەتجاننىڭ پەرىزى توغرا بولۇپ چىقتى.

ئەخمەق پاسار بەگ خىزمەت كۆرسىتىش نىيىتىدە ئوقۇش يېشىدىكى بۇ بالىلارنى بۇلاڭچى، قاراقچى، ئىشپىيون دەپ تۇتۇپ بەرگىنى بىلەن، شۇنداقلارنى تېنىتىپ يۈرگەن قارا شەھەر ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەي ئەتىسى ئەتىگەندە قويىۋەتتى. ئۇلار قارا شەھەر كوچىلىرىنى ئاچ قوساق يېرىم كۈن ئايلىنىپ يەنە نەجاتچىسى «ئۇيغۇر ئويۇشمىسى» نى تاپتى. لېكىن «ئويۇشما» دىكىلەر باشقا چارە تاپالماي بالىلارنى ھاشىم ھاجى داۋازنىڭ ھۆكۈمەت ئىلكىدىكى سەنئەت ئۆيىگە ھاۋالە قىلدى. مەھەممەتجان ساۋاقداشلىرى بىلەن ئۇ يەرگە بارغاندا ھاشىم ھاجى داۋاز ئۆز ئەزالىرى بىلەن شەھەر رەستىسىدە ئويۇن قويىۋاتاتتى. كىشىلەر قىزغىنلىق بىلەن سەنئەتكارلارغا پۇل تاشلىشىۋاتاتتى. ھاشىم ھاجى ئۆز نومۇرلىرىنىڭ ئاخىرىدا بالىلارنى ئوتتۇرىغا قاتار قىلىپ تىزدى ـ دە، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆپچىلىككە چۈشەندۈردى. ئاندىن ھەر بىرىدىن ئايرىم ـ ئايرىم سوراشقا باشلىدى:

— مۇزىكا ئۆگىنىپتىكەنسىلەر، سەن نېمە چالالايسەن؟

— ئىسكىرىپكا.

— سەن نېمە چالالايسەن؟

— تەمبۇر.

— ھە، سەن؟

— راۋاپ.

— سەنچۇ؟ — ھاشىم ھاجى ئەڭ ئاخىرىدا مەھەممەتجاننىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ماندالىن، — دېدى مەھەممەتجان كۆتىرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن.

— ھە! — ھاشىم ھاجى ھاياجانلاندى، — ماندالىن دېگىن، ياخشى، ياخشى.

ئۇ ئۆز سازچىلىرىنىڭ بىرسىگە توۋلىدى:

— شېرئەلى! بۇ بالا ماندالىن چالالايدىكەن، دەرھال ئېلىپ چىق!

مۇزىكچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپ چاڭ چېلىۋاتقان ئاق چىراي، زىلۋا كەلگەن كىچىك بىر بالا بىر ياققا چاپتى.

سازلارمۇ تەل بولدى. بالىلار مۇزىكىلىرىنى تەڭشەۋاتقاندا تاماشىبىنلار ئۇلارنىڭ كىچىكلىكىگە قاراپ دەسلەپتە ئانچە قىزىقمىدى. لېكىن ئۇلار ئويلىمىغان يەردىن سازلىرىنى شۇنچىلىك چىرايلىق تەڭكەش قىلىپ چالدىكى، مۇزىكا سادالىرى ئۇلارنىڭ ئىچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى، ئۈمىتلىرىنى سېھىرلىك ھېسسىياتلار بىلەن تولۇق چۈشەندۈرۈپ تاماشىبىنلارنىڭ يۈرەك باغرىنى ئەزدى. شۇ مەيداندا بۇ يېتىم بالىلار ئەڭ باغرى تاش كىشىلەرنىڭمۇ يۈرىكىنى لەرزىگە سالالىدى. ئۇلار بىرىنچى مۇزىكىنى ئاياقلاشتۇرغاندىلا، مىتال پۇللار يامغۇردەك، قەغەز پۇللار كۆز غازاڭلىرىدەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

شۇنداق قىلىپ ھاشىم ھاجى ھېلىقى پۇللارنى بالىلارنىڭ ئۆز قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئۆز يېنىدىن سەپەر ئوزۇقى قىلىپ، ئۇلارنى ئۈرۈمچىگە بارىدىغان هارۋىكەشلەرگە قوشۇپ قويدى.

لېكىن، هارۋىكەشلەر توقسۇنغا كەلگەندە بالىلارنى ئويغاتماي يېرىم كېچىدە كېتىپ قالدى. ئەمما ئۇلارغا ئەندىكى يول مۇشەققىتى كار قىلالمايتتى. موللا ئىسلامۇ خېلى روھلىنىپ قالدى. سەنئەت ئىشقىنىڭ بۇ پىداكار بەش ئەزىمىتى ھېچ بىر ئىككىلەنمەي توقسۇندىن يالاڭ ئاياق، پىيادە ھالدا ئۆز مەنزىلىگە — يۈرەكلىرى زارىققان ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىپ، شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا يېتىپ كەلدى.

※ ※ ※

قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە كەلگىچە تارتقان جەبرۇ - جاپالار، يوللارغا ئاققان تەر ۋە قانلار بىكارغا كەتمىدى. قىسقىسى، ئىرادە ھايات سەھنىسىدە يەنە بىر قېتىم ئۆزىنى ئىپتىخار بىلەن تەنتەنە قىلدى.

«ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» نىڭ رەئىسى ئابدۇللا داموللا (شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە ۋاپات بولغان) بۇ بەش بالىنى «دۇبەن مەھكىمىسى» نىڭ دۇخۇۋۇي مۇزىكا ئەترىتىگە تونۇشتۇرۇپ بەردى. بىرمۇ ئاز سانلىق مىللەت مۇزىكانتى بولمىغان بۇ ئەترەتكە مەھەممەتجانلارنىڭ ئارقىسىدىن مىللىي ئوقۇغۇچىلار بەس - بەس بىلەن كىرىشكە باشلىدى. لېكىن بۇ ئەترەتنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولغاچقا، قالغانلار بىر ئايغا قالماي چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. بۇ ئەترەتتە يەنىلا ئىرادىسى بىزگە تونۇش مەھەممەتجان بىلەن مەخمۇتجان قالدى. مەھەممەتجان بوش ۋاقىت تاپسىلا سانايى نەپىسە تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان مۇزىكا كۇرژىكىگە كېلىپ مۇزىكا ئاڭلىدى ۋە پىشقەدەملەرنى ئۇستاز تۇتۇپ مۇزىكا بىلىمىگە دائىر نەزىرىيىلەرنى ئۆگەندى. كىتاپلاردىن ئۆركېستىر نوتىلىرىنى تەھلىل قىلىپ، ئاككورد يېزىش قائىدىلىرى بىلەن تونۇشتى.

ئۇ بىر كۈنى مۇزىكا بىلىملىرىگە دائىر كىتاپ ئىزدەپ ئۆلكىلىك قىرائەتخانىغا كەلدى. قىرائەتخانىدا ئادەم كۆپ ئىدى. بىر كىشى «شەرق يۇلتۇزى» ژورنىلىدىكى نوتىسى قوشۇپ بېرىلگەن «ۋەتەن ھەققىدە ناخشا» دىگەن تېكىستنى كۆرۈۋاتاتتى. مەھەممەتجان ژورنالغا بويۇنداپ تۇرۇپ ئىختىيارسىز ھالدا ھېلىقى نوتىنى ئوقۇپ تاشلىدى. ژورنالنى كۆرۈپ ئولتۇرغان ئىككى كىشى بۇ بالىغا ھەيران بولۇپ قاراشتى - دە، بادام دوپپىلىق، ئاق سېرىق، كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان يىگىرمە ياشلاردىكى بىرسى مەھەممەتجاندىن سورىدى:

— ئۇكام نوتا بىلىدىغان ئوخشىمامسەن؟

— ئۆگىنىۋاتىمەن.

— نەدە ئۆگىنىۋاتىسەن؟

مەھەممەتجان ئۆزىدىن 2 — 3 ياش چوڭ كېلىدىغان بۇ كېلىشەڭگۈ ياش يىگىتكە ئۆزىنىڭ بىزگە تونۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى قىسقا قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

ھېلىقى يىگىت ژورنالنى مەھەممەتجاننىڭ قولىغا تۇتقازدى.

— بۇ نوتىنى قايتا ئوقۇپ باقە.

مەھەممەتجان تېكىستنى نوتا بويىچە ئاھاڭغا سېلىپ بەكمۇ سىلىق ئوقىدى. ئۇ چاغلاردا بۇنچىلىك نوتا بىلىش ئۇيغۇرلار ئىچىدە مۆجىزە ھېسابلىناتتى. شۇڭا قىرائەتخانىدىكىلەر گۇررىدە قىلىپ بۇلارنىڭ چۆرىسىگە يىغىلدى.

— بەللى، مۇنداقمۇ يىگىتلىرىمىز بار دەڭ سەيدۇللام، — دېدى ھېلىقى بادام دوپپىلىق يىگىت ھاياجان بىلەن ھەمرىيىنىڭ مۈرىسىنى مۇجۇپ. ئاندىن ئۇ مەھەممەتجانغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئۇكام، سەن مىللىتىمىزنىڭ سەنئەت بايلىقىنى قوغداپ قېلىش يولىدا ئەڭ زۆرۈر ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىنى تاللاپسەن. نوتىسىز مۇزىكا ئەلۋەتتە يېزىقسىز تىلغا ئوخشايدۇ. مىللىتىمىزنىڭ بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى ناخشا - مۇزىكىلىرى پۈتۈن جاھاننى ھەيرەتتە قالدۇرماقتا. لېكىن مۇزىكانتلىرىمىز نوتا بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن كىلاسسىك مۇزىكىلىرىمىز بولۇپمۇ ئون ئىككى مۇقامىمىز سازدىن - سازغا، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈش ئارقىلىق قىسمەن ئۆزگىرىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئەينى بويىچە يېتىپ بارالمايدىغاندەك بىر يوقىتىش خاراكتېرلىك خەتەرلىك ئېھتىمال ئالدىدا تۇراتتى. سەن بۇنىڭ ئالدىنى ئاپسەن. رەھمەت ساڭا. يەنىمۇ تىرىشقىن، بۇ مېنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن مىللىتىمىزنىڭ ئۈمىدى...

سەيدۇللام دېگەن كىشى بۇلارنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى:

— ئۇكام، — دېدى ئۇ مەھەممەتجانغا، — بۇ يىگىتنى تونۇمسەن؟

مەھەممەتجان شۇنچىلىك ياش بولۇشىغا قارىماي مىللەت قايغۇسىدا قالغان بۇ ئىجتىھاتلىق يىگىتنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالغان ئىدى. ئۇ ئۇڭايسىزلىنىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— تونىمايدىكەنمەن.

— ئۇنداق بولسا مەن تونۇشتۇرۇپ قوياي. بۇ يىگىت بىزنىڭ ل. مۇتەللىپ بولىدۇ.

— ھە! — مەھەممەتجاننىڭ يۈزىگە دەرھال ۋىللىدە قان تەپتى.

— ئۇكام، بۇنىڭدىن كېيىن ئىزدىشىپ تۇرايلى، — دېدى مۇتەللىپ مەھەممەتجانغا قول ئۇزارتىپ.

ئۇلار كۆرۈشتى. ياشلىقىدىلا شۆھرەت قازانغان يالقۇنلۇق شائىرنىڭ ھارارەتلىك قوللىرىدىن مەھەممەتجاننىڭ بەدىنىگە ئوتتەك بىر ئېقىم كىرىپ كەلدى. بۇ ئۇچرىشىش، بۇ ئىللىق تۇيغۇ ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇرۇپ، ئۆز كەسپىگە باشقىدىن بىر مۇھەببەت بېغىشلىدى.

مەھەممەتجان شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆگەنگۈچىدىن ئۆگەتكۈچىگە ئايلاندى. مەشھۇر ناخشا - مۇزىكىلاردىن «چەببىيات مۇقامى» نىڭ بىرىنچى داستان مەرغۇلى، «ئۇشاق مۇقامى» نىڭ بىرىنچى داستان مەرغۇلى، ناخشىلاردىن «ئالتاي تاغلىرى»، «تام بېشىدا تۇرغان قىز»، «ئالغا - ئالغا»، (ئۇيغۇرچە) «تۇراندات»، «دىلخىراج»، «سەرۋازچە»، «ئالمىچى ئانارىڭگە بەللى» (ئۆزبېكچە) «مايىرا»، «ئىلىم ئاي»، «قارا تورغاي» (قازاقچە) «قاز قاناتى»،

«بالا مىسكىن»، «ئاسىل يار» (تاتارچە)... قاتارلىقلارنى نوتىغا ئېلىپ مۇزىكا ئەترىتىدىكىلەرگە ئۆگەتتى.

1941 - يىلىدىكى جالالەت شىڭ شىسەينىڭ دەھشەتلىك تېرورلىقى 17 ياشلىق مەھەممەتجاننىمۇ ئامان قويمىدى. ئۇ «توققۇز ئوغۇل بىلەن قۇمۇل ئىنقىلاۋىغا قاتنىشىپسەن، دېدى» دېگەن مەلۇمات بىلەن تۈرمىگە ئېلىنغان كەلپىن شەنجېڭى ھامۇت بەگ دېگەن كىشى بىلەن بىر كامېردا، بىر يوتقاندا دىگۈدەك بىللە ياتتى. بىر يىلدىن ئاشقاندا مەھەممەتجان قويۇپ بېرىلدى. ئۇ كامېردىن چىقىش ئالدىدا خۇددى ئۆز دادىسىدەك ئىجىل بولۇپ قالغان قېرى تۈرمىدىشى بىلەن ئەلۋىدا نەزىرىدە قايغۇلۇق خوشلاشتى.

مەھەممەتجان ئۈچۈن يەنە سەرگەردانلىق باشلاندى. لېكىن، ئۇزاققا قالماي بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ل. مۇتەللىپ ئۇنى بىر ئاماللار بىلەن «سوۋسىن تورگ» (يەرلىك ماللار شىركىتى) گە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. بىر ئايدىن كېيىن دۇخۇۋوي مۇزىكا ئەترىتى ئۇنى يەنە قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتتى.

1942 - يىلى ئۈرۈمچىدىكى تەرەققىپەرۋەر زىيالىلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۈرۈمچى ۋە ئۈرۈمچىگە يېقىنراق ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى قابىلىيەتلىك مۇزىكانتلار يىغىلىپ، قىسقا مۇددەتلىك مۇزىكا كۇرسى ئېچىلدى. مەھەممەتجان مۇزىكانتلارنىڭ نوتا دەرس ئوقۇتقۇچىسى بولدى. مۇزىكا نەزەرىيىسىگە ئائىت ھېچقانداق ئۇيغۇرچە قوللانما بولمىغان شارائىت ئاستىدا، مەھەممەتجان جاپالىق ئىزدىنىپ دەرسلىك تۈزدى. ئۆزى تۈزگەن دەرسلىك ئارقىلىق كورسانتلارنى دۇنياۋى نوتىنىڭ بىر قەدەر ئاددى ساۋاتلىرىدىن خەۋەردار قىلدى.

1943 - يىلى ئۇ «نوتا ۋە مۇزىكا» دېگەن سەرلەۋھىلىك تۇنجى ماقالىسىنى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىپ نوتىنىڭ نىمىلىگىنى ۋە مۇزىكىنىڭ ئەھمىيىتىنى شەرھىلىدى. شۇنداقلا ل. مۇتەللىپنىڭ «غالىبىيەت يولىدا»، «يېرى چوڭ بايلىقى مول شىنجاڭنىڭ»... قاتارلىق ناخشا تېكىستلىرىنىڭ ئاھاڭلىرىنى نوتىغا ئېلىپ گېزىتتە ئېلان قىلدى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگەتتى. ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىن «چىن مودەن»، «ئانارخان 2 —»... قاتارلىقلارنىمۇ نوتىغا ئېلىپ «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلدى ھەم ل. مۇتەللىپنىڭ «قۇربانلارغا» دېگەن تېكىستىگە ئاھاڭ ئىجات قىلىپ نوتىغا ئالدى...

1945 - يىلى 7 - ئايدا مۇزىكىغا دائىر خەنزۇچە كىتاپلاردىنمۇ پايدىلىنىش ئىستىكى بىلەن ئىمتىھان بېرىپ لەنجۇدا ئىككى يىل خەنزۇچە ئوقۇدى. ئۇ بۇ جەرياندا يالغۇز خەنزۇچە ئۆگىنىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي «ئاچ كۆزلۈكنى، باق ئالغا»، «سەنئەتچى قىز قوشىقى»... قاتارلىق تېكىستلارغا ئاھاڭ ئىشلەپ مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. ساۋاقدىشى مانناپ گاششاپ («گۈليارى» تەخەللۇسلۇق تاتار شائىرى) بىلەن بىرلىشىپ «سىغىنغان يۇرت» ناملىق شېئىر، ناخشا - مۇزىكا توپلىمى ئىشلەپ تاش مەتبەئەدە باستۇردى.

1947 - يىلى 5 - ئايدا مەھەممەتجان لەنجۇدىكى ئوقۇشىنى توختىتىپ قايتىپ كېلىپ ئەينى زاماندىكى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشۋىقات ھەيئىتى» قارمىقىدىكى «شىنجاڭ ياشلار ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى» گە خىزمەتكە ئورۇنلاشتى ۋە بۇ ئۆمەكتە مۇزىكا ئەترىد-

AltunOq

نىڭ مەسئۇلى ۋە مۇزىكا نەزەرىيە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىدى. شۇ يىلى كۈز پەسلىدە ئۆمەك رەھبەرلىكى مەھەممەتجانغا 5 نەپەر مۇزىكانتنى قوشۇپ يېڭى تىپتىكى مۇزىكا بىلىملىرىنى ئۆگەنگىلى كېلىش ئۈچۈن شاڭخەي، تيەنجىن شەھەرلىرىدىكى بىلىم يۇرتلىرىغا ئەۋەتتى. مەھەممەتجان شۇ يىللاردا تيەنجىن داشۆسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ۋە قوشۇمچە غەربىي شىمال مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەمئىيىتى ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ خىزمىتىنى ئۆتەۋاتقان ھاجى ياقۇپنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتار... قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ 100 پارچىدىن ئارتۇق ناخشا - مۇزىكىلىرىنى بەش سىزىقلىق دۇنياۋى نوتا بىلەن توپلام قىلىپ نەشرگە تەييارلىدى. لېكىن، ئىچكى ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ھاجى ياقۇپ شىنجاڭغا قايتىپ مەزكۇر توپلام يورۇقلۇققا چىقالمىدى. شۇنداقتىمۇ مەھەممەتجان بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ «گۈلمۇخوپ»، «بۇ چىنار»، «ئانارخان 2 —»، «ياخشى - ياخشى»، «زۆھرەجانىم»... قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى ۋە ئۆزبېك خەلق مۇزىكىسى «تەنەۋەر» نى دۇنياۋى نوتا بويىچە خەنزۇچە گېزىت - ژۇرناللاردا تونۇشتۇردى.

مەھەممەتجان «ھەقىقەت گېزىتى» دە ئېلان قىلغان «يېڭى دېموكراتىزىم ئاساسىدىكى مىللىي سەنئىتىمىزنى راۋاجلاندۇرايلى» سەرلەۋھەسىدىكى ماقالىسى ۋە ئۆزى ئاھاڭ ئىجات قىلىپ سەنئەتچىلەرگە ئۆگەتكەن «غەلىبە ناخشىسى»... قاتارلىق بىر نەچچە ناخشىلىرى بىلەن ئازاتلىقنىڭ تۇنجى باھارىنى كۈتىۋالدى. ئازاتلىق مەھەممەتجانغا قايتىدىن ياخشى ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەردى. ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرىنى «شىنجاڭ خەلق ناخشىلىرى» دېگەن توپلامغا كىرگۈزۈپ نەشر قىلدۇردى. 1950 - يىلى شىنىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن «بىرىنچى نۆۋەتلىك غەربىي شىمال ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيى» غا ۋەكىل بولۇپ باردى ھەم «ئۇيغۇر مۇزىكىلىرى توغرىسىدا» دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە ئىلمىي ماقالا يېزىپ شىنىڭدە چىقىدىغان «ئاممىۋى مۇزىكا» ناملىق خەنزۇچە مەجمۇئەدە ئېلان قىلدى.

ئۇ يەنە شۇ يىلى ئۇيغۇر تىلىدا بىرلىككە كېلەلمىگەن مۇزىكا ئاتالغۇلىرى ئۈستىدە قىسقىچە لۇغەت تۈزۈپ چىقىپ مۇزىكىدا ئۇچرايدىغان رىتىم، مېلودىيە (ئاھاڭ) كۆي، ئوكتاۋا (نوتىدىكى 1 - ئاۋازدىن 8 - ئاۋازغىچە بولغان ئارىلىق) ئىنتېرۋال (ئاۋاز ئارىلىقى) قاتارلىق ئاتالغۇلارنى بىرلىككە كەلتۈردى شۇنداقلا سولدىن ئوڭغا يېزىلىدىغان ئاددىي نوتىنى كونا يېزىققا بويسۇندۇرۇپ ئوڭدىن سولغا يېزىش ئۇسۇلىنى ئىجات قىلدى.

1953 - يىلى پارتىيە، ھۆكۈمەت مەھەممەتجان ئىسمائىلدىن تېخىمۇ تولۇق پايدىلىنىپ، قابىلىيىتىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى سابىق «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى» نىڭ سەنئەت پاكولتېتىغا مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ تەربىيىلىگەن 40 نەپەر تۇنجى مىللىي ئوركېستىر دۆيى شۇ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەنىلىك دۆلەت بايرىمىدا دۇخۇۋۋي مۇزىكىسىنىڭ ھەيۋەتلىك ساداسى بىلەن پارات مۇنبىرى ئالدىدىن ئۆتكەندە پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ جەڭچى - كوماندىرلىرى، زىيالىيلار قوشۇنى، ئوقۇغۇچىلار ھاياجان بىلەن توختاۋسىز ئالقىش ياڭراتتى.

مەھەممەتجان 1959 - يىلى يېڭىدىن قۇرۇلغان «شىنجاڭ سەنئەت مەكتىۋى» نىڭ مۇزىكا نەزەرىيە ئوقۇتقۇچىسى بولدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېز ھەزىم قىلىپ، ئاسان چۈشىنىۋېلىشى ئۈچۈن يولداش ۋاڭ چىنسى بىلەن بىرلىشىپ «ناخشا ئىجادىيەت دەرسلىكى» نى تۈزۈپ چىقتى؛ ئۇ يەنە داۋاملىق تىرىشىپ «بەش سىزىقلىق نوتا ۋە ئاددىي نوتا»، «مۇزىكا توغرىسىدا باشلانغۇچ ساۋات» ناملىق ئىككى پارچە كىتاب يېزىپ چىققان ئىدى. ئەپسۇسكى، لەنىتى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» دا يوق قىلىۋېتىلدى. ئۇ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن بىر نەچچە ئون پارچە ناخشا - مۇزىكىغا دائىر كىتاپلارنىڭ مەسئۇل تەھرىرلىكىنى ئىشلىدى ۋە تەرجىمە قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئۇيغۇرچە ئىزاھاتلىق لۇغەتنىڭ مۇزىكا قىسمىنى ئىشلەشكە قاتنىشىپ كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى.

مەھەممەتجان 1984 - يىلى بېدەيخېدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك مۇزىكا تەتقىقاتچىلىرى يىغىنىغا قاتناشتى. ئۇ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ھەيئىتى ۋە مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ مۇزىكا نەزەرىيە ئىجادىيەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ تەكلىۋى ئاساسىدا «جۇڭگو خەلق ناخشىلىرى مۇجەسسەمى» (شىنجاڭ قىسمى) نى تاللاش، تەھرىرلەش خىزمىتىنى ئۆتىمەكتە. ئۇنىڭدىن سىرت «ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى» نى توپلاش، رەتلەش، نوتىغا ئېلىش ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

• •

ھەقىقى ئىنسانلاردا بولىدىغان چىن ئىرادە — ھالسىزلانغان چاغدا قۇۋۋەت، ئۇچقۇشقا توغرا كەلگەندە تالماس قانات، گىرانىت تاشلارنى تېشىپ ئۆتكۈچى قايرىلماس ئالماس، ھەيۋەتلىك تاغلارنى كۆتىرىپ تاشلىغۇچى قۇدرەتلىك ۋۇلقان... مانا بۇ ھەقىقەتنى مەھەممەتجان ئىسمايىل جاھالەتتىن كامالەتكە يېتىشتەك ئۆز ئەمەلىيىتىدە يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ زامانىمىزنىڭ سەنئەت مۇنبىرىدە ھۆرمەتلىك شەخسكە ئايلاندى.

( بېشى 81 بەتتە )

بۇ جايلاردىن يۈزلىگەن سەنئەتكارلار مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ ماھارەت كۆرسىتىش بىلەن بىللە، نۇرغۇن شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقان. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا جۇڭگو قەدىمقى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىر گۈزەل سەنئەت يادىكارلىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىدا شىنجاڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان ھەمدە شىنجاڭ سىزما سۈرەتچىلىكىنى ئاساسى گەۋدە قىلغان ھالدا ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ گۈزەل سەنئەت غەزىنىسى بېيىپ، مۇجەسسەملىشىپ، بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغان.

ئىزاھاتلار:

①، ② جياڭ شىڭلياڭ: «جۇڭگو - غەرپ قاتناش تارىخى ماتېرىياللىرى توپلىمى».

③ جياڭ جەنيۈەن: «ئۆتكەن سۇلالىلاردىكى مەشھۇر رەسساملار خاتىرىسى» 3 - جىلد.

④ يۇقۇرقى كىتاپ 8 - جىلد. «ياڭزىخۇا» ماددىسىدىن.

⑤ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «ئاتاغلىق ئۇيغۇر بۇددا رەسسامى ۋە ۋىسا ئىرا ساتىسكا»، «شىنجاڭ سەنئىتى ژورنىلى» 1982 - يىل 5 - سان.

⑥ يۇقۇرقى ماقالىغا قارالسۇن.

⑦ جاڭ جەنيۈەن يازغان يۇقۇرقى كىتاپنىڭ 5 - جىلدىدىكى «ئاتا - بالا دەيدە» ماددىسىدىن.

# توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇر رەسسامى ساۋجوگدا ۋە يۈەن دەۋرىدىكى رەسساملار

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

چۈنچيۇ — جەنگو دەۋرلىرىدىكى تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى بىپايان بوستانلىقلاردا روناق تېپىۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش ۋە قول - ھۈنەر سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى يىپەك يولىدىكى سودىنى راۋاجلاندۇردى. نەتىجىدە شىنجاڭ بىلەن غەرب ئەللىرىنىڭ سودا ۋە مەدەنىي مۇناسىۋەتلىرى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللىنىپ، مىللەتلەر ئارا كۆچمەنچىلىك ۋە ئارىلىشىپ ياشاش تۈپەيلىدىن شىنجاڭ رايونىدا تۈرلۈك فېئوداللىق ھاكىمىيەتلەر بارلىققا كەلدى. چۈنچيۇ - جەنگو دەۋرلىرىدىكى شىنجاڭ رايونىدا بولۇۋاتقان بۇنداق ئۆزگىرىشلەر ۋە فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىشى، بىر تەرەپتىن مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇش، كۆچىشىنى تېزلەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن پارچىلىنىش - ئاجىزلىشىشنى تېزلەتتى. شۇ سەۋەپتىن ئوتتۇرا ئاسىيا خۇسۇسەن تاشكەنت، بۇخارا، سەمەرقەنت قاتارلىق جايلاردا ماكانلىشىپ قالغان بىر بۆلۈك ئۇيغۇرلار توققۇز جاۋۇپلار، دەپ ئاتالدى.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭ مەدەنىيىتى گۈللىنىپ كۇچارنى مەركەز قىلغان بۇددا ئىلىم مەرىپەتچىلىكى زور تۈركۈمدىكى ئالىملار، ئەدىپلەر، رەسساملار، ھەيكەلتاراچ ۋە قول - ھۈنەر ئۇستىلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولدى. بۇ جايغا ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار بىلەن بىللە كەلگەن توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرلىرىمۇ تونۇلغان بولۇپ، تەرەققىيات تەقەززاسى تۈپەيلىدىن توققۇز جاۋۇپلارمۇ كۇچاردىكى قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا بېرىپ دىنى تەشۋىقات ئېلىپ باردى ۋە تۈرلۈك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى. شەرقى خەن خۇسۇسەن شىمالىي چى، غەربىي ۋېي دەۋرلىرىدە توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرلىرىدىن بولغان ئەن مورۇ، ئەن ماجۇن، ئەن جىڭگۇي، ۋاڭ چاڭتۇ، لى سىخىڭ، گاۋ جىگيۇ قاتارلىقلار بىلەن بىللە ساۋ پولومىن، ساۋ زىڭنو، ساۋ مياۋدا ۋە ساۋ جۇڭدا قاتارلىق مەشھۇر ئەربابلار قەدىمىي پايتەخت چاڭئەن، لوياڭلارغا بېرىپ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسەتكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەنلىرىدىن بىرى — مەشھۇر رەسسام ساۋ جۇڭدا بولۇپ تاڭ دەۋرىدىكى جاڭ چەنيۈەن ئۆزىنىڭ «ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى مەشھۇر رەسساملار خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان: «ساۋ جۇڭدا ئەسلى ساۋ دۆلىتىدىن بولۇپ، ئۇ شىمالىي چى سۇلالىسىدا مەشھۇر رەسسام ئاتالغان بۇددا رەسىمگە بەكمۇ ئۇستا. ئوردا ۋە سۇلالە بويىچە شۆھرەت قازانغان خانلىق ئوردا تەشۋىقاتچى ئەمەلدارلار يازغان «三宝通感记» ناملىق ئەسىرىدە ساۋ جۇڭدانىڭ رەسساملىقتىكى ئۇسلۇبى ۋە ئۇنىڭ خىلمۇ - خىل پوسوندىكى چەتئەل كىشىلىرىگە ھەمدە بۇددا رەسىمگە زور ئېجتىھات بىلەن قىزىققانلىقى يېزىپ قالدۇرۇلغان...»

ساۋ جۇگدا ئۆز ئىسمىنىڭ باش ھەرپىنى ساۋ (曹) خېتى بىلەن يازغان بولۇپ، بۇ ئۆزىنىڭ ساۋ دۆلىتىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. ساۋ دۆلىتى ھازىرقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى سەمەرقەنتنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، خەنزۇچە يازما تارىخلاردا «توققۇز جاۋۇپلار» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلىتى ئىدى. ① ئەينى ۋاقىتتا ساۋ جۇگدانىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە قايسى يىللاردا ۋە قانداق بارغانلىقى ھەققىدە «ئۆتكەن سۇلالىلەردىكى مەشھۇر رەسساملار خاتىرىسى» دە بىر نەرسە يېزىپ قالدۇرۇلمىغان بولسىمۇ، غەربىي رايوندىن بارغان توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرلىرىدىن ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق شۇبھە يوق. شاگدا ئەپەندى ئۆزىنىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي رايون مەدەنىيىتى» ناملىق ئەسىرىدە «ساۋ جۇگدا نەسىل جەھەتتىن شىمالىي چى پادىشالىقىدىكى توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرلىرىدىن بولغان مەشھۇر پىپا ماھىرى ساۋ مياۋدا بىلەن بىر تۇققان. ساۋ مياۋدا كېيىنكى ۋېي دەۋرىدە جۇڭگوغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ساۋ پولومىننىڭ نەۋرىسى» دەيدۇ. «قامۇسنامە» نىڭ 146 - جىلدىدا: «كېيىنكى ۋېي سۇلالىسىدا ساۋ پولومىن دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ كۇچار ئەگرى دەستىلىك بەرباپ چالغۇسىنىڭ ماھىرى ئىدى» دېيىلىدۇ. «ئومۇمىي مۇھاكىمە» دە كۆرسىتىلىشىچە ساۋ پولومىن، ساۋ مياۋدا، ساۋزىگنۇ ۋە ساۋجۇگدالار نەسىل جەھەتتىن بىر ئائىلىدىن بولۇپ، دەسلىۋىدە كۇچاردا، كېيىن چاڭئەن، لوياڭلاردا تۇرغان ئىكەن. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا «شىمالىي چى خانلىقىنىڭ پادىشاسى گوۋ ۋېي (565 — 576 - يىللار) ساۋ زىگنۇغا ۋاڭلىق ئىنئام قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن، پادىشا سۈي ياگدى ساۋ پولومىننىڭ ئوغلى ساۋ مياۋداغا ۋاڭلىق ئىنئام قىلغان ئىدى. ساۋجۇگدانىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى بولغان ساۋ مياۋدانىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى پائالىيەتلىرى «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، ئېنىشىڭ تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، «ساۋ پولومىننىڭ ئوغلى ساۋ مياۋدا كېيىنكى ۋاڭلىقىغا ئىلتىپات قىلىنغان» دېيىلىدۇ. بىر ئەۋلات ساۋ پامىلىلىك توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرلىرىنىڭ چى سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىغا جەلپ قىلىنىشى ھەمدە ۋاڭلىق، ۋالىلىق مەنسەپلىرىگە ئىلتىپات قىلىنىشى، شىمالىي چى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ كەيپى - ساپاغا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئاتا - بالا ساۋلارنىڭ شىمالىي چى خانلىقىدىكى ئابرويىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورۇنغا ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئەلۋەتتە.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، توققۇز جاۋۇپلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى بىر تارمىقى بولۇپ ئۇلار تىل ۋە ئۆرپ - ئادەت جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە بولغان. بۇنى ئەينى زاماندىكى يازما خاتىرىلەر دەلىللەپ بېرىدۇ. تاڭ سۇلالىسى خۇيچاڭنىڭ 2 - يىلى (842 - يىلى) يېزىلغان «لى ۋېنراۋ ئەسەرلىرى» دېگەن كىتابنىڭ «ئۇيغۇر خاقانىغا يوللانغان مەكتۇپلەر» (5 - جىلد)، «ئۇيغۇر شى جېجۇنىڭ ئەھۋالاتى» (14 - جىلد)، «تىلماچلارنىڭ ئەھۋالاتلىرى» (15 - جىلد) قاتارلىق قىسىملىرىدا ئەن، شى، ساۋ، مى، كاڭ فامىلىلىكلەرنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. بۇ نۇقتىنى جاڭ شىڭلياڭ ئۆزىنىڭ «جۇڭگو - غەرب قاتناش تارىخى ماتېرىياللىرى توپلىمى» ناملىق ئەسىرىدە كۆرسىتىپ بەرگەن. ياپونىيىلىك تارىخچى بۇنى يۇ تيەنشاڭ بىلەن ساۋ يۈەنلەرمۇ توققۇز جاۋاپلارنى ئۇيغۇر دەپ ھۆ-

كۆم قىلغان ۋە بۇ «ســۈينامە» دە كۆرسىتىلگەن ئۇيـغۇرلارغا ئائىت مىللى ئىتىنىــك ئىمزاھات
بىلەن ئوخشىشىدۇ. دىمەك توققۇز ئوغۇزلار بىلەن توققۇز جاۋۇپلار ئۇيغۇرلار ئىدى.

توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ماكانلىشىش ئەھۋالى شىمالى ۋېيـ
دىن بۇرۇن باشلانغان. ② شىمالىي ۋېيغا كەلگەندە تېخىمۇ كۆپەيگەن. ساۋجۇڭدانىڭ بىر نەۋ-
رە ئاكىسى ساۋ مىياۋدا بىلەن تاغىسى ساۋ پولوممىنىڭ مۇشۇ مەزگىللەردە لوياڭغا كەلگەنلىكىگە
قاراپ، ساۋ جۇڭدانىمۇ جەزمەن مۇشۇ دەۋردە لوياڭغا كەلگەن، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.
ساۋ پولوممىنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى «سۈينامە» دە خاتىرىلىنىشتىن باشقا، يەنە «كونا تاڭـ
نامە مۇزىكا تەزكىرىسى» دىمۇ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن ئوخشايدۇ. شۇڭـــا
ساۋجۇڭدانىڭ مۇناسىۋەتلىك كىشىلىرىدىن قارىغاندا، مۇشۇ مەزگىللەردە (شىمالىي سۇلالىلەر دەۋ-
رىدە) ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىپ پائالىيەت قىلغانلىقىدا ئانچە گۇمان يوق.

## ساۋجۇڭدانىڭ رەسىم يادىكارلىقلىرى

ساۋجۇڭدانىڭ رەسىمچىلىك ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا تەپسىلى خاتىرە قالدۇرۇلمىغان.
«ھەر قايىسى دەۋردىكى مەشھۇر رەسساملار خاتىرىسى» دە «ساۋجۇڭدا بۇددا رەسىملىرىنى سىـ
زىشقا ماھىر» دېيىلىدۇ. «三宝感通纪» ناملىق ئەسەردە: «ساۋجۇڭدانىڭ رەسساملىق ئۇسـ
لۇبى قالتىس بولۇپ، كىشىدە نەچچە خىل ھىس - تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. چەتئەل بۇتلىرىغا قە-
ۋەتلا ئۇستا» دېيىلىدۇ. ③ بۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇ مەخسۇس بۇددا رەسىملىرىنى سىزىدىغان بۇد-
دا رەسسامى ئىكەنلىكى تەخمىنلىنىدۇ. «ھەر قايىسى دەۋرلەردىكى مەخسۇس رەسساملار خاتىرىـ
سى» دە ئىككى جىنىنىڭ سىرتىدىكى ئايماقلارنىڭ نامىلىرىدا ساۋ جۇڭدا سىزغان بۇددا رەسىمـ
لىرىنى كۆرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن» دېيىلسە «جىڭگۇەن يىللىرىدىكى ئومۇمى بىلەن خۇسۇسى رە-
سىملەر كاتولىگى» دا ساۋجۇڭدا سىزغان رەسىملەر بار. ④ شىڭگەيسى ئىبادەتخانىسىنىڭ غەر-
بىي جەنۇبىدىكى سارى (sari) مۇنارىسىنىڭ ئىچىدە ساۋجۇڭدانىڭ سىزغان رەسىملىرى بو-
لۇپ، ساۋ رەسىملىرى دېيىلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ساۋجۇڭدانىڭ ئۆز قولى بىلەن سىزغان رەسىمـ
لىرىنى كۆرسىتىدۇ، دېيىلىدۇ. ساۋجۇڭدا سىزغان رەسىملەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ئاساسەن تاڭ
دەۋرى رەسىمچىلىگىنىڭ «ئويما - قويما ئۇسۇلى» نى ئىجات قىلغان خوتەنلىك مەشھۇر ئۇيغۇر
رەسسامى ۋىسائىراساتىكا ⑤ بىلەن ئوخشىشىدۇ. ئۇنىڭ رەسىمچىلىك تارىخىدىن قارىغاندا، ساۋ-
جۇڭدا باي - كۇچار مىڭ ئۆيلىرىدە تام سىزما سۈرەتلىرىنى سىزغان ۋە غەربىي رايون بۇددا
رەسىمچىلىك ئۇسلۇبىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ خەلقىگە تونۇشتۇرغان. «ھەر قايىسى
دەۋرلەردىكى مەشھۇر رەسساملار خاتىرىسى» دە ئۇنىڭ ئۆز قولى بىلەن سىزغان 6 پارچە رە-
سىمى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇلار بۇددا رەسىملىرىدىن باشقا يەنە شۇ دەۋردىكى ئاقسۆڭەكلەر-
نى مەدھىيىلىگەن. بۇ 6 پارچە رەسىم بولسا «لۇسى يولى»، «ئاي نۇرىدىكى خۇلۇ»، «موروك
شىياۋ ئالىملىرى»، «ئوۋ رەسمى»، «چى سۇلالىسى نەۋكەرلىرىنىڭ جەڭ ھارۋىسىدىكى چامباشـ
چىلىقى»، «مەشھۇر چەۋەنداز» قاتارلىقلار بولۇپ، ئالدىنقى ئۈچ پارچىسى كونكرېت شەخسـ

AltunOq

لەرنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن سۈرەت. كېيىنكى ئۈچ پارچىسى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەيشى - ئىشرەت، كەيپى - ساپا تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن. رەسىمدە ئىپادىلەنگەن ئوبرازلار بولسا شىمالىي چى خانلىقىدىكى ئاقسۆڭەكلەر ۋە غەربىي رايون بۇددا ئەرباپلىرى ئىدى. بەزى ماتېرىياللاردا «ساۋجۇڭدا ئايماق ۋالىسى بولۇشتىن ئاۋال ئوردا رەسسامى ئىدى» دېيىلىدۇ. ۋېي، چىن دەۋرلىرى بۇددا دىنىنىڭ كەڭ تارقىلىش مەزگىلى بولۇپ، دىنىي تەشۋىقاتتا بۇددا دىنى رەسىملىرى كەم بولسا بولمايدىغان بىزەك ھېساپلىناتتى.

بۇددا دىنىنى ۋە تەڭرىنى مەدھىيىلەشتىن ئىبارەت بولغان جەننەت، دوۋزاقلار ھەر قايسى رەسساملارنىڭ ئۆز تەسەۋۋۇرى بويىچە خىيالى يوسۇندا سىزىلغان. ئەمما تەڭرى ھەر قايسى رەسساملار تەرىپىدىن خىلمۇ - خىل قىياپەتتە سۈرەتلەنگەن. بۇنداق رەسىملەر بۇددا دىنىنى كەڭ تەشۋىق قىلىشقا زىيانلىق ھېساپلانغان. چۈنكى، بۇنداق رەسىملەر تەڭرىنىڭ مەۋجۇتلىقى توغرىسىدا كىشىلەردە ئاسانلا گۇمان تۇغدۇرىدۇ. شۇ سەۋەپتىنمۇ تاڭ مىڭخۇاڭ بۇددا دىنىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىر داچىڭ ئىسىملىك رەسسامنى «نۇسخە بولۇشقا يارايدىغان تەڭرىنىڭ سۈرىتى» نى ئىشلەپ كېلىش ئۈچۈن خوتەنگە ئالاھىدە ئەۋەتكەن ئىدى. ⑥ شىمالىي چى سۇلالىسىدىكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىمۇ بۇددا دىنىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆلچەملىك، كىشىلەر ئاسان ئىشىنىدىغان سۈرەتلەرنى سىزىشقا توغرا كەلگەندە، ساۋ جۇڭداغا ئوخشاش غەربىي رايونچە ئۆلچەملىك سىزالايدىغان رەسساملار پادىشا ئوردىلىرىغا، ئىبادەتخانا تاملىرىغا رەسىم سىزىشتىن سىرت، پادىشانىڭ ئەسىرى ئارىسىغا ئېلىنىدىغان قىستۇرما رەسىملەرنى سىزاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ساۋجۇڭدا مەشھۇر رەسسام لىۇ سۈڭ بىلەن يۈەنجىڭلارنىڭ ئۇستىسى بولغان. كېيىن پادىشا تەرىپىدىن ئىنئام بېرىلىپ ئوردا ئىچىدە كۆپلىگەن رەسساملارنى تەربىيىلەپ چىققان. گەرچە ساۋجۇڭدا ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى سىزغان رەسىملەر كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى بىلەن ۋەيران بولغان ۋە ساق قالغانلىرىمۇ ئىبادەتخانىلارنىڭ رېمونت قىلىنىشى بىلەن يوقالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شىمالىي چى سۇلالىسىدىكى رەسىملىرى ئۆز دەۋرىدە بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن كاتتا رول ئوينىغانلىقى شۈبھىسىز.

شياۋ تيەن يازغان «سىزما رەسىملەر لۇغىتى» دە: «ئۇ چاغلاردىكى غەربىي رايوندىن كەلگەن خۇ (ئۇيغۇر) لارنىڭ رەسىملىرى، بولۇپمۇ تەڭرى، دوزاق... قاتارلىقلارنىڭ رەسىملىرى ئاجايىپ ھەيۋەتلىك، كۆركەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىزى تامام ئۆچكەن بولسىمۇ، دۇنياغا مەشھۇر ئىدى» دېيىلىدۇ.

## رەسساملىق ئۇسلۇبى

ساۋ جۇڭدانىڭ رەسىمچىلىك ئىستىلى، تېما، ژانىر ئۇسلۇبلىرىنىڭ قانداقلىقى ھەققىدە «ھەر قايسى دەۋرلەردىكى مەشھۇر رەسىملەر خاتىرىسى» دە تەپسىلى توختۇلۇنمىغان بولسىمۇ، بۇددا رەسىمچىلىكى ئۈستىدە بولغان بەس - مۇنازىرىلەر جەريانىدا، ئەينى ۋاقىتتىكى بۇددا رە-

سەنئەتچىلىگىنىڭ 4 خىل ئۇسلۇبى تونۇشتۇرۇلغان: «شىمالىي چى خانلىقىدا ساۋ جۇڭدا، لياڭ سۇلالىسىدا جياڭ دىڭياۋ، تاڭ سۇلالىسىدا ۋۇ داۋزى ۋە خوتەنلىك ۋىسائىراساتىمكا قاتارلىق مەشھۇر رەسساملار ئۆتكەن بولۇپ، ھەر قايسىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بار. ⑦ بۇ تۆت خىل ئۇسلۇپ كېيىنكى دەۋر رەسساملىرىنىڭ بۇددا رەسىملىرىنى ئىجات قىلىشتىكى 4 خىل ئورنەككە ئايلانغان بولۇپ، «ساۋ ئەۋرىشكىسى»، «جياڭ ئەۋرىشكىسى»، «ۋۇ ئەۋرىشكىسى»، «ۋىسا ئەۋرىشكىسى» دەپ ئاتالغان. شىمالىي سۇڭ خانلىقىدا ئۆتكەن گورۇشۈي ئۆزىنىڭ: «رەسساملىق ھەققىدە كۆرگەن - بىلگەنلەردىن ئەسلىمە» ناملىق ئەسىرىدە: «ساۋ جۇڭدا، ۋۇ داۋزى ئالىملارنىڭ پېشىۋاسى، ئۇ ئوردا ۋە ئەمەلدارلار تەرىپىدىن ئون ئۇستىنىڭ ئۇستىسى دەپ ئاتالغان. شۇڭا ئەينى ۋاقىتتىكى بەزى كىشىلەر ساۋ جۇڭدا سىزغان بۇددا رەسىملىرىنى كۆچۈرۈۋېلىپ ئەۋرىشكە قىلغان. ئۇ جاكاتا قىسىملىرى بىلەن نېرۋانا قىسىملىرى رەسىملىرىنى «قۇيۇپ قويغاندەك» سىزىپ چىققى...... چەتئەل كىشىلىرى ۋە غەربىي رايون كىشىلىرىنىڭ رەسىملىرىنىمۇ ياخشى سىزاتتى...» دەيدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇ بۇددا دىنىنىڭ مەشھۇر قىسىملىرى ھېساپلىنىدىغان جاكاتا ۋە نېرۋانا قىسىملىرىنى ئوبرازلاشتۇرۇش (خىيالى تەسەۋۋۇر بىلەن سىزىپ چىقىدۇ) ئۇسۇلى ئارقىلىق شىمالىي چى خانلىقىدىكى بۇددا رەسىمچىلىكى جۇملىدىن غار تام سىزما سۈرەتچىلىكىگە زور تۆھپە قوشقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس. يۇقۇرقى كىتاپتا يەنە ساۋ جۇڭدا ئۇستىدە توختىلىپ: «ساۋنىڭ ئۇسلۇبى سۇڭ ئالىملىرىنى ھەيران قالدۇرىدۇ... ساۋنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئادەم سىزىلغاندا ئاجايىپ تېز بولۇشتىن تاشقىرى كىيىملىرىمۇ ناھايىتى نەپىس چىقىدۇ... ئۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تاماشا قىلىپ تۇرۇشى ئاستىدا رەسىم سىزىدۇ. ئۇنىڭ داڭلىق شاگىرتى ليۇ سۇڭ بىلەن يۈەنجىڭلارمۇ شۆھرەت قازانغان... ئۇنىڭ شاگىرتلىرى كۆپ، ئەتراپتىكى ئايماقلاردىن كېلىپ تەلىم ئالىدۇ... لېكىن ساۋ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى سىزغان رەسىملەر شىمالىي چى خانلىقىنىڭ ئاخىرىدىكى ئۇرۇشتا ئىزى قالمىدى... ئۇ رەسىملەر دىڭگۇدەك ئىبادەتخانىنىڭ شەرقىي جەنۇبى تاملىرى بىلەن مۇنار ئەتراپىدا ئىدى...» دېيىلىدۇ. گەرچە ساۋ جۇڭدانىڭ ئەسەرلىرى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن (يۇقۇرقى 6 پارچىنى ھېساپقا ئالمىغاندا) بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كېيىنكى شاگىرتلىرىنىڭ قەدىمقى پايتەخت لوياڭ، چاڭئەنلەردىكى مەشھۇر ئىبادەتخانىلاردا «ساۋ ئۇسۇلى» بويىچە رەسىم سىزغانلىقىنى جاڭ يەنيۈەي ئۆزىنىڭ: «شىنجاڭ قەدىمقى رەسسامى» ناملىق ئەسىرىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن،

## يۈەن دەۋرىدىكى رەسساملار

يۈەن دەۋرى (1279 -، 1368 - مىلادىيە يىللىرى)، خۇسۇسەن چىڭگىزخاننىڭ كەڭ كۆلەملىك ھەربى يۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر زىيالىلىرىدا ھەر تەرەپكە يېتىراپ كېتىش يۈز بەردى. چۈنكى ئەمدىلا قەبىلىۋى چارۋىچىلىق ھاياتىدىن مەركەزلەشكە قاراپ يۈزلەنگەن موڭغۇللار تېخى ئىلىپبە ۋە يېزىقى بولمىغانلىقى ئۈچۈن يەرلىك خەلقلەردىن مەدەنىيەتتە خېلى تۆۋەن تۇراتتى، بۇ ھال ئۇلارنىڭ موڭغۇل ھۆكۈمران گورۇھى ئىچىگە زور تۈركۈمدىكى زىيالىلارنى كىرگۈزۈش زۆرۈرىيىتىنى تۇغدۇردى. شۇڭا موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى

بىر تۈركۈم ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى، مۇتەۋەللىرىنى ۋە ئېتىقادارلىق كىشىلەرنى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ قاتناشتۇردى. شۇ سەۋەپتىن نۇرغۇنلىغان ئالىملار، ئەدىپلەر، يازغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار، تەرجىمانلار، كاتىپلار ۋە رەسساملار موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەر قايسى جايلاردىكى ئورگانلىرىغا ئېلىپ بېرىلىپ، ئىمپېرىيە مەركىزىدىن يۈكلەنگەن بارلىق ئىلمىي خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىندى. مەسىلەن: بېيەنلۇ، دىڭ يېخۇ، بەييەن - بۇخادىجىن قاتارلىق رەسساملار موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئورگانلىرىغا بېرىپ، گۈزەل سەنئەت ئىلمىي پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان مەشھۇر ئۇيغۇر رەسساملىرىدىندۇر.

## 1 - بېيەنلۇ

بېيەنلۇ ئەسلى كۇچارلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا نەسلى مۇزىكا، خۇشخەت ۋە رەسساملىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەردىن بولغاچقا، يۈەن دەۋرىدىكى ۋەيران بىرلىغان ئىلىم - ھېكمەت دۇنياسىدا مەرىپەتپەرۋەر ئائىلە ھېساپلىناتتى. ھازىر ئۇلارنىڭ سىزغان رەسىم ۋە خۇشخەت يادىكارلىقلىرى قىزىل - قۇمتۇرا مىڭ ئۆيلىرىدە ساقلىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، دېيىلگەن پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، بىراق ئەمەلىي ئىسپات تېپىلمايۋاتقان بولغاچقا، بۇ ھەقتە كونكرېت ھۆكۈم قىلىش قىيىن بولۇۋاتىدۇ. لېكىن تارىخىي شارائىت ۋە يۈەن دەۋرىدىن ئىلگىرىكى كۇچارنىڭ غار تام سىزما سۈرەتچىلىك تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت تەرەققىيات تارىخىغا قوشقان تۆھپىسىنىڭ بارلىقى شۈبھىسىز.

بېيەنلۇ ھەققىدە يېزىلغان سۆز - جۈملىلەردىن قارىغاندا ئۇنىڭ رەسىملىرى ئىنتايىن مەشھۇر بولۇپ، رەسىم ۋە رەڭدىكى سېھىرگەرلىكلىرى، قۇشلار ۋە تەبىئەت مەنزىرىلىرىنىڭ كۆركەم، يېقىملىقلىقى بىلەن تونۇلغان ئىكەن. ئۇ ئۆز قولى بىلەن سىزغان «كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى تېنىچ - ئامانلىق رەسىمى» 50 - يىللاردا شەنشى ئۆلكىسىدىن تېپىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېلىمىز گۈزەل سەنئەت غەزىنىسىگە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىلىرى سۈپىتىدە شۇ جايدا ساقلانماقتا. بۇ رەسىم قەغەز يۈزىگە ماۋبى (تۈك قەلەم) بىلەن سىزىلغان. رەسىمدە ئەكس ئېتىلگەن ۋەقەلەر ئومۇمەن يۈەن دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى تۇرمۇش شارائىتى، خۇسۇسەن شۇ دەۋردىكى ئىچكى ئۆلكىلەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش مەشغۇلاتلىرى بىلەن يۇرت مەنزىرىسىنى سېغىنغانلىقىدەك ئەھۋاللار ئىپادىلەنگەن. رەسىمگە ئىشلىتىلگەن 5 خىل رەڭ ۋە ئۇسلۇپ جەھەتتىكى ماھارەتتىن قارىغاندا ئۇنىڭ مەخسۇس مەنزىرە ۋە تۇرمۇش رەسىمگە قىزىقىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

## 2 - دىڭ يېخۇ

مەشھۇر رەسسام دىڭ يېخۇمۇ كۇچارلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قايسى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. بىراق دىڭ يېخۇنىڭ ئۆزىنى - ئۆزى «كۇچارلىق رەسسام» دەپ ئاتايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ تاغ - دەريا مەنزىرىسىنى سىزىشقا ئامراق بولۇشتىن تاشقىرى، ئەژدىھا رەسىمىنى سىزىشقا ماھىر ئىكەن. ئۇ دەسلەپ ئىچكى ئۆلكىگە بارغاندا غەربىي رايوننىڭ، بولۇپمۇ كۇچارنىڭ سىزما رەسىمچىلىك

ئۇسلۇبىنى تونۇشتۇرۇشتىن تاشقىرى مەنزىرە ۋە ئەژدىرھا رەسىملىرىنى «ئۆلچەملىك سىزىش» چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، كۇچارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبلىرىنى بېيىتىپ، راۋاجلاندۇرغان. ئۇ يەنە سۇڭ دەۋرى رەسسامى ما يۈەن بىلەن شياجۈنىڭ ئۇسلۇبىنى ئۆگەنگەن بولۇپ، مايۈەننىڭ رەڭ تاللىشى، شياجۈنىڭ ئۇستاتلىق بىلەن سىزىش ئۇسلۇبىنى ياقتۇرغان.

ئۇ سىزغان ئەژدىرھا رەسىملىرى بەزى كىشىلەردە ھەيۋەتلىك سىرلىق تۇيغۇ پەيدا قىلسا، يەنە بەزى كىشىلەردە دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلغان. بۇ خىل سىزما سەنئەت شەكلى كۇچارنىڭ مۇستەقىل بەدىئى ئىجادىيىتى ئىدى. كونا رىۋايەتلەردە سۆزلىنىشىچە كۇچار خانى ئاجۇھەر كۇچارنىڭ شىمالىدىكى ئاق تاغدا ئەجدىرھا بار دەپ ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىققاندا ئەژدىرھا شىرغا ئايلىنىپ خانغا تەسلىم بولغانىمىش. بۇ ئەپسانە كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەژدىرھا بىلەن كۈرەش قىلغانلىقنى توغرىسىدىكى كۆپلىگەن چۆچەك ۋە رىۋايەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. دېمەك، دىڭ يېفۇ خەلق ئارىسىدىكى بۇ ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرنى ئوبرازلاشتۇرۇپ، ئۇنى ياقا مىللەت كىشىلىرىگە تونۇشتۇرۇشتىن سىرت، بۇ رىۋايەتنىڭ ئاساسىي ھۆلىنى ساقلاپ قالغان.

### 3 - بەيىيەن بۇخۇادىچىن

بەيىيەن بۇخۇادىچىن ئىدىقۇت رايونىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئىلگىرىدىنلا ئاقسۆڭەك بولغاچقا، ئۇنىڭ دادىسىمۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ جاڭدۇڭدا تۇرۇشلۇق دىيانەتلىك ئەلچىسى ئىدى. بۇ ئادەم مۇزىكىغا خۇمار، رەسىم ۋە خۇشخەتكە قىزىقىدىغان كىشى بولغاچقا، ئۇردا رەسساملىرى بىلەن دائىملىق ھەمسىرە بولۇشۇپ، رەسىم كۆرۈش، خۇشخەت يېزىش بىلەن كۆڭۈل ئاچاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئىدىقۇت رايونىدا خېلى داڭ چىقارغان ئوقۇمۇشلۇق زىيالىي بولۇپ، كېيىن موڭغۇل ھۆكۈمدارلىرى تەرىپىدىن مەنسەپكە ئولتۇرغۇزۇلۇپ، خۇاڭخېنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ۋىلايەت، ئايماقلاردا ئەلچىلىك خىزمىتىنى ئۆتىگەن ئىكەن.

ئۇنىڭ ئوغلى بەيىيەن بۇخۇادىچىنمۇ كىچىكىدىنلا تىرىشچان، زېرەك بولغاچقا، ئىدىقۇت خانلىق ئوردا مەھكىمىسىگە قاراشلىق بۇددا ئىلىم مەكتەپلىرىدە (مەخسۇس يۇقۇرى تەبىقىلەرنىڭ باللىرىنى تەربىيىلەيدىغان ئالىي مەكتەپ) دە ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغان ۋە مۇزىكا، رەسىم، خەتتاتلىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان. كېيىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارغاندىن كېيىن خەنزۇ تىلى ۋە يېزىقىنى پۇختا ئىگەللەپ «ساۋ شۇ» (خەنزۇچە خەتنىڭ تېز يېزىش شەكلى) دا داڭ چىقارغان. ئۇ ئۆز قولى بىلەن سىزغان رەسىملەردىن «قەدىمقى دەۋردىكى شەمشەت»، «خان ئالىملىرىغا يادىكارلىق» قاتارلىقلار ئىنتايىن مەشھۇر بولۇپ، پادىشا تەرىپىدىن ئۇنۋان بېرىلىپ، مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ يەنە تۇرپاننىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى ئۇسۇللىرىنى خەنزۇ خەلقىگە تونۇشتۇرۇپ، كۆپلىگەن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈپ قاتارغا قوشقان.

شاۋنيەن ئۆزىنىڭ «سىزما رەسىم لۇغىتى» ناملىق ئەسىرىدە «كۇچار، ئىدىقۇت رايونلىرىدا رەسىمگە ئالتۇن، كۈمۈش ھەل بېرىلىدىكەن، سىزىلغان گۈل - گىيا مەنزىرىلەر كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىكەن» دەپ تەرىپلەيدۇ. دېمەك كۇچار، تۇرپان قاتارلىق جايلار تارىختىن بۇيان سىزما رەسىم — غار تام سۈرەتچىلىكتە مەشھۇر رايونلار ھېسابلىنىپ كەلگەن بولغاچقا،

(ئاخىرى 81 - بەتتە)




(بىر پەردىلىك دراما)

## گولا پۇدى مارۇتىراۋ

(ھىندىستان)

### قاتناشقۇچىلار

| | | |
|---|---|---|
| بوس | — | خاتىپ. |
| ستا | — | قىز، ئەما. |
| بىتيا | — | ئەما. |
| گىلموي | — | ئەما. |
| راج | — | ئەما. |
| سانگي | — | ئەما. |
| سىنكا | — | ھوپىگەر. |
| كاجا | — | ساختا ئەما. |
| جىگو | — | ساختا ئەما. |

بىر نەچچە نەپەر يولۇچى.

[شەھەر ئەتراپىدىكى سىۋا① بۇتخانىسى. بۇتخانىنىڭ ئالدىدىن ئاندا - ساندا يولۇچىلار ئۆتۈپ تۇرىدۇ. بۇتخانا كونىراپ كەتكەن بولۇپ، سول تەرەپتە ئۇنىڭ ئىچىقلىق ئىشىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇتخانا ناھايىتى مەينەتلىشىپ كەتكەن. ئوڭ تەرەپكە بىر ئەخلەت ساندۇغى قويۇلغان، يەر يۈزى پۈتۈنلەي قەغەز پارچىلىرى بىلەن تولغان. سەھنىنىڭ ئالدى مەركىزىدە بىر ياغاچ تۈۋرۈك بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىلغۇچلار

① سىۋا ئىلاھى — براھما دىنى ۋە ھىندى دىنلىرىدىكى ئاساسلىق ئىلاھلارنىڭ بىرىدۇر، يەنى ئۇلار ئوت ئىلاھى، جەۋرى ئىلاھى ۋە ئۇسۇل ئىلاھىدىن ئىبارەت. شۇنىڭدەك سىۋا، براھما ۋە ۋىشنۇ ئىلاھلىرى — براھما دىنى بىلەن ھىندى دىنلىرىدىكى ئۈچ چوڭ ئىلاھلاردۇر. (ئاپتوردىن)

AltunOq

مىقلانغان. قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن تەڭ يولۇچىلار كۆپىيىشكە باشلايدۇ. يولنىڭ بىر
چېتى شەھەر يېنىدىكى يېزىغا تۇتىشىدۇ. بۇتخانا تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان داڭ ئاۋا-
زىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيلا ئوڭ تەرەپتىن سىتا كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ بۇتخانىغا كىرىپ
سىۋا ئىلاھىغا باش ئۇرىدۇ. بۇتخانىدا بوس غوجام تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن پاي -
پېتەك بولماقتا.]

سىتا: داڭ ئۇرۇلۇۋاتقىنىغا قارىغاندا بوس غوجام قايتىپ كەلدىغۇ دەيمەن. بوس غوجام!

بوس: (مېڭىۋېتىپ سۆزلەيدۇ) سىتا، قايتىپ كەلدىڭمۇ؟ (سىتاغا كۆز يۈگۈرتۈپ) بەللى، بۈ-
گۈن نىمە ئىش بولدى؟ قاچاڭ توشۇپ كېتىپتىغۇ؟

سىتا: شۇنداق، بوس غوجام! بىر چوڭ ئەرباپ بۇ يەردىن ئۆتۈپتىكەن، پويىز ئىستانسىسىدا
ئادەم دېگەن مىغىلداپ كېتىپتۇ!

بوس: شۇڭا — زە، قاچاڭ توشۇپ كېتىپتىكەن - دە، شۇنداقمۇ؟ سېنىڭدەك بىر ئەما قىز-
نىڭ ھۆسنى - جامالىنى كۆرۈپ، ھېلىقى چوڭ ئەرباپنىڭ يۈرەكلىرى يايراپ كەت-
كەندۇ. شۇنداقتا ساڭا سادىغا قىلىپ بىرەر نەرسە بەرگەندۇ، ھە؟ ئېيتە!

سىتا: بولدىلا، بوس غوجام، مېنى كۆرسىڭىزلا چاقچاق قىلىسىز.

بوس: (كۈلۈپ) سېنى ھەر قاچان كۆرگىنىمدە مۇشۇ ئەمالار ئۈچۈن شان - شەرەپ قۇچۇ-
ۋاتقانلىقىڭنى ھېس قىلىمەن. ھەي بۇ بولسىمۇ تەڭرىنىڭ قىسمىتى! ئۇنداق بولمىسا
نىمە ئۈچۈن سىلەرنى كۆزدىن مەھرۇم قىلىدۇ. مەن بۇنى ئېنىقلايمەن. چوقۇم سو-
راپ ئېنىقلايمەن! مۇبادا كەلگۈسى تەڭرىنىڭ ئالدىغا بېرىشقا نېسىپ بولۇپ قالسا،
مەن ئەڭ ئاۋۋال سېنىڭ مۇشۇ ئىشىڭنى ئۇنىڭدىن سورايمەن. ھە، توغرا! مۇنۇ گۈلنى
ئاۋۇ يەرگە قويۇپ قوي! (ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يەنە توختاپ قالىدۇ) چاققان بول،
پەنەرنىڭ لامپىسىنى پاكىز تازىلىۋەت! (بۇتخانىغا كىرىپ كېتىدۇ)

[سىتا سەھنىنىڭ ئارقا تەرىپىگە بارىدۇ. ئۇ يەردە يېرىمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن قاشا
تام بولۇپ، ئۇنىڭغا يانداپ سېمونتتىن ياسالغان ئۇزۇن ئورۇندۇق قويۇلغان. سىتا
ئورۇندۇقنىڭ ئارقىسىدىن بىر پارچە بورىنى ئېلىپ سەھنىنىڭ ئوڭ ئالدى تەرىپىگە
سالىدۇ. بورىنىڭ ئۈستىگە ئىككى دانە ساپال تاۋاقنى قويۇپ قويىدۇ. ئاندىن ئۇ
تامنىڭ ئارقىسىدىن ئىسلىنىپ شىشىسى قاپ - قارا بولۇپ كەتكەن پەنەرنى ئالىدۇ -
دە، سۈرتۈپ تازىلايدۇ. بىراق ئۇنىڭ ئەشۇ يوغان، چىرايلىق كەلگەن بىر جۈپ
كۆزى دۇنيادىكى ھېچقانداق نەرسىنى كۆرەلمەيتتى. سىتا شىشىنى سۈرتىۋاتقاندا، بوس
ئەرۋاھلارغا تاماق سۇنىدىغان مىس پەتنۇسنى كۆتىرىپ بۇتخانا تەرەپتىن چىقىپ
كېلىدۇ. سىتا ئاياق تاۋۇشىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قارايدۇ.]

سىتا: سانگې! ھوي سانگې! (ئۆزىنىڭ يېڭىلىشقانلىقىنى ھېس قىلىپ) ئاپلا، بۇ ئۆزى بوس
غوجامكەنغۇ!

بوس: (كۈلۈپ) سىلەرنىڭ سانگې مۇشۇنداق شەپىسىز قايتىپ كېلەمدۇ تېخى؟ ئۇ خۇددى
بوراندەك كېلىپ ھەممە ئادەمنى بىسارامجان قىلىۋېتىدۇ!

سىتا: نېمە دېسەڭ بولاركىن - تاڭ! بوس غوجام! ئۇ تازىمۇ ئالا - جوقا بىر نېمە بوپتۇ، بىتىيا ئۇنى بىرەر پىشكەللىككە يولۇقۇپ قالارمىكىن، دەپ بەك ئەنسىرەيدۇ.

بوس: بۇ دۇنيادا ئۇ نېمە پىشكەللىككە يولۇقسۇن؟ يولۇقمايدۇ، ھېچقاچان يولۇقمايدۇ! گىلموي بىلەن راج تېخىچە قايتىپ كەلمىدىمۇ؟

سىتا: كەچ كىردىمۇ؟ ئەمدى قايتىپ كېلەر.

بوس: ئەستاغپىرۇللا، سىتا! ساڭا بىر ئىشنى دەيمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن ئەمەسمۇ. ئەتە بۇ شەھەرگە بىر ئۇستا دوختۇر كەلگىدەكمىش. ئاڭلىشىمچە ئۇ ھەر قانداق كۆز كېسەللىكلىرىنى ساقايتالايدىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇنداق ئوڭاي ساقايتالايدىكەن! ئۇنىڭ نەچچە يۈزلىگەن كىشىنى ساقايتقانلىقى توغرىسىدا گېزىتتىمۇ خەۋەر قىلىنىپتۇ.

سىتا: ئۇنىڭ قانچىلىك ھۈنىرى بولسا بولسۇن، لېكىن كېسەلنىڭ ساقىيىش - ساقايماسلىقى تەقدىرگە باغلىق ئىش. بوس غوجام، ئەشۇنداق ئاتاقلىق تېۋىپقا كۆرۈنسە، ئۇنىڭغا قانچىلىك پۇل خەجلىنىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس جۇمۇ!

بوس: بۇ گېپىڭىزمۇ دۇرۇس. خۇدا دىگەنمۇ تازا تاش يۈرەك بولىدىكەن، شۇنچە كۆپ كەمبەغەللەرنى كۆزى تۇرۇغلۇق بۇ دۇنيادا ئازاپلاۋاتىدۇ، سىلەرگە ئوخشاش كۆزى يوق بايلارنى بولسا بىر بۇلۇڭغا بەنت قىلىپ قويۇپ كارى بولمايۋاتىدۇ.

سىتا: (كۈلۈپ) بوس غوجام ھەجەپمۇ قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىزغۇ! سىزچە بىز تېخى بايمۇ؟

بوس: ھەي، بالام، سىلە ئەما ئەمەس! ئۇ پەقەت ئىنسانىيەتتىكى بىر خىل ئەيىپنىڭ مۇئەييەن كىشىدىكى ئىپادىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. سىلەر بۇنى ئۆز ئەيىۋىڭلار، دەپ ھېس قىلىسىلەر. گەرچە سىلەر بىر - بىرىڭلار بىلەن خۇددى بىر كىشىدەك ئىناق - ئىجىل ئۆتسەڭلارمۇ، لېكىن، سىلەر ئۆز ۋۇجۇدۇڭلاردىكى بۇ بىر ئەيىۋىڭلارنى بەكمۇ ئېغىر ھېساپلايدىكەنسىلەر. (قاتتىق خۇرسىنىپ) سىلەر ئۆز بايلىقىڭلارنى تېخى چۈشەنمەيۋاتىسىلەر. سىلەر خۇددى بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرىدەك بىر - بىرىڭلارغا يار - يۆلەكتە بولىسىلەر، مانا مۇنداق دوستلۇقنىڭ قەدىر - قىممىتىنى كىممۇ مۆلچەرلىيەلىسۇن؟... بولدى، پەنەرنى يېقىۋەت! (گەپ قىلىۋېتىپ بۇتخانىغا كىرىپ كېتىدۇ)

[سىرتتىن ھاسا تاياقنىڭ توكۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.]

سىتا: كىم؟ ھوي، بۇ بىتىيا تاغامغۇ! (خۇشاللىنىپ) تاغا! تاغا! (بىتىيا كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ 45 ياشلاردىكى ئادەم بولۇپ ئىشتانلىرى پاتقاق بولۇپ كەتكەن. ئۇ ھاسا تاياق بىلەن بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئاسقاقلاپ تەسلىكتە ماڭىدۇ. سىتاغا جاۋاپ قايتۇرمايدۇ) تاغا، نېمىشقا ئۈنچىقمايسىز؟ مىجەزىڭىز يوقمۇ؟

بىتىيا: سىتا! مەن كۆلچەكنىڭ يېنىدا يىقىلىپ چۈشتۈم.

سىتا: تاغا! (پەنەرنى تۇتۇپ مېڭىپ، تەمتىرىگەن ھالدا سىلاشتۇرۇپ، تاغىسىنىڭ قولىنى تۇتىۋالىدۇ) تاغا، كۆلچەكنىڭ بويىدا نېمە قىلاتتىڭىز؟ ھەر كۈنلىگى ماشىنا بېكىتىگە باراتتىڭىزغۇ؟ سۇ ئالىدىغان كوزىڭىز قېنى؟

بىتىيا: چېقىلىپ كەتتى، ئۇ كوزىنىڭمۇ ئۆمرى ئاخىرلىشىپتىكەن. ماشىنا بېكىتىدە بۇگۈن سۇ تۇرۇبىسى ئورنۇتۇپتۇ. ئەمدى كىممۇ مېنىڭ سۇيۇمنى ئىچسۇن؟ كىممۇ ماڭا پۇل بەرسۇن؟

سىتا: ھېچ ۋەقەسى يوق. بىزدەك ئادەملەرنىڭ كۈنى بۇگۈنى بۇ يەردە ئۆتسە، ئەتە يەنە بىر يەردە ئۆتىدۇ. بىزنىڭ نەدىمۇ ئۆمۈرلۈك تۇرار جايىمىز بولسۇن؟ ھە، ئۇراس پۇتىڭىز قانداقراق؟

بىتىيا: ھېچ ۋەقەسى يوق!... ھەي پۇتۇم سۇنۇپ كەتكەن بولسا ماڭالامتىم؟ سىتا، كۆزۈمنىڭ كۆرمەسلىكىنى ئاز دەپ، مانا بۇگۈن پۇتۇممۇ توكۇر بولدى!

سىتا: تاغا، نېمە دەۋاتىسىز! توكۇر بولۇپ قالسىڭىز بىز بار ئەمەسمۇ؟ ئولتۇرۇڭ، تېز ئولتۇرۇۋېلىڭ.

بىتىيا: (ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدۇ) توغرا ئېيتتىڭ! سىتا. مەن نېمىدىن غەم قىلاتتىم. سانگې، راج، گىلمىۋي ھەم سەنمۇ تۇرساڭ، شۇنچە كۆپ ئادەملەر يېنىمدا تۇرسا نېمىدىن غەم قىلاتتىم؟ بىز مانا خۇددى كۆزنىڭ غازاڭلىرىدەك، بىر بولۇڭدا جەم بولدۇق. ھېچكىم بىزنى ئايرىۋېتەلمەيدۇ، سىتا! ھەي، بۇگۈن ئىككى روبلىدەك تاپاۋەت قىلغان ئىدىم، ئەپسۇسكى، پۇل سالغان ھەميىنىم كۆلچەككە چۈشۈپ كەتتى.

سىتا: بولدى تاغا، ئۇنى دېمەيلا قويۇڭ! سىز «بىرسىنىڭ يوقاتقىنىنى ھامان يەنە بىرسى تېپىپ ئالىدۇ» دەيتتىڭىزغۇ؟ بۇگۈندىن باشلاپ ئىككىمىز ئۈچۈن مەن تاپاۋەت قىلاي!... تاغا ماۋۇ يولنى ساناپ بېقىڭا!

بىتىيا: سانىيالمايمەن، بۇنداق ئىشقا راجنىڭ ئېپى بار، چىراقنى ياقتىڭمۇ؟

سىتا: تېخى ياقمىدىم.

بىتىيا: (بۇتخانىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ سۆزلەيدۇ) چىراقنى تېزراق يېقىۋەتكىن، كەچ بولۇپ قالدى. ئۇيان - بۇيان ئۆتىۋاتقان ئادەملەر يولنى كۆرەلمەي قالمىسۇن يەنە. قارىغىنا، ئاۋۇ تەرەپتە چوڭ بىر ئازگال بار. ماۋۇ تەرەپتە ئېرىق بار.

سىتا: خەقلەر بىلەن كارىمىز نېمە؟ چىراق ياققان بىلەنمۇ بىز بەرىبىر كۆرەلمەيمىزغۇ! (چىراق ياقىدۇ)

بىتىيا: ھەي... شۇنداق! كۆزى كۆرمەسلىكنىڭ ئازاۋىنى پەقەت بىزلا ھېس قىلالايمىز. مەن تۇغۇلغاندىن تارتىپلا كۆزۈم كۆرمەيدىكەن! خەقلەرنىڭ كۆزى ساق، ھەممە نەرسىنى كۆرەلەيدۇ، ئەگەر ھازىر بىز باشقىلارنى ئازراق يورۇقلۇق بىلەن تەمىن ئەتسەك، ھېچ بولمىغاندا، بىزنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرىمىز كۆرۈشكە نېسىپ بولۇپ قالار. بىز خەقلەر ئۈچۈن چىراق يېقىپ بەرسەك، ئېھتىمال ئۇلار بىزدەك ئەمالارنىڭ ئازاۋىنى چۈشىنىپ قالار، ھەم شۇنداق قىلىشقىمۇ ھەقلىقمىز!

[سىتا چىراقنى چىراق پايىغا ئېلىپ قويىدۇ. بۇ چاغدا بىرسى كىرىپ كېلىدۇ.]

بىتيا: ئەپەندىم، ئېھتىيات قىلىپ يولنى ئېنىق كۆرۈپ مېڭىڭ! بولمىسا تېيىلىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشىسىز. ئەپەندىم، ماۋۇ پەردە چىراق يېقىلغىلى، يورۇقتاراق مېڭىڭ!

[سىتا تامنىڭ قېشىدىن 3 دانە ساپال تاۋاقنى ئالىدۇ ـ دە، ئۇنى بېشىدىكى رومىلى بىلەن سۈرتىۋېتىپ بورىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويىدۇ. راج بىلەن گىلموي ناخشا ئېيتىشىپ ناھايىتى خوشال ھالدا كىرىپ كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىمۇ ئەما. بۇ جاي ئۇلارغا بەكمۇ تونۇش بولغانلىقتىن، بەھۇزۇر مېڭىۋېرىدۇ. گىلموي بىر ئەبجەشى چىقىپ كەتكەن كونا ئاكاردىيوننى ئېسىۋالغان.]

بىتيا: سىتا، ئادەملىرىمىز قايتىپ كەلگەندەك قىلىدىغۇ!

سىتا: شۇنداق، تاغا!

گىلموي: ھەي، راج! بىتياغا بىر ئىشتان ئېلىپ بېرەيلى دەپ مەن ساڭا خېلى بۇرۇنلا ئېيتىۋىدىمغۇ!

راج: ياق! سىتاغا بىر رومال ئېلىپ بېرەيلى!

گىلموي: ياق! ئىشتان ئالىمىز!

راج: ياق! رومال ئالىمىز!

بىتيا: گىلموي! نېمىنى تالىشىۋاتىسىلەر؟

گىلموي: ھېچنېمىنى تالاشمىدۇق، مەن ساڭا بىر ئىشتان ئېلىپ بېرەيلى دىسەم، راج سىتاغا رومال ئېلىپ بېرەيلى دەيدۇ، سەن بىر ئېيتىپ باقە، 25 روبلى پۇلغا قانداقمۇ ئىككى خىل نەرسىنى بىراقلا سېتىۋالغىلى بولىدۇ!

بىتيا: ئېيتقىنا، بۇ نەدىن كەلگەن پۇل؟

راج: تاغا، سۆزلىسەڭ گەپ تولا. بۈگۈن گىلموي بىلەن ئىككىمىز تۆت كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ...

بوس: (بۇتخانىدىن چىقىپ) نېمە؟ بۈگۈن ئورۇن ئالماشتۇردۇڭلارمۇ؟

گىلموي: ھەئە، بوس غوجام، سىلىمۇ كېلىپ ئاڭلىسىلا، بۈگۈن مەن ئاكاردىيون چالدىم، راج ناخشا ئېيتتى، ۋاي ـ ۋۇي، كارامەت قاملىشىپ كەتتى دەڭلا. ھاي ـ ھۇي!... مەن بىرما ئۇسسۇل مۇزىكىلىرىغا چېلىۋىدىم، بىراق دەل شۇ چاغدا بىردىنلا سورۇن مالىمانلىشىپ كەتتى.

راج: شۇ ئەسنادا گىلموي دەس ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، بىر قىزچاق ۋاقىراپ يىغلاپ كەتتى، ھەممەيلەن تەڭلا «ئوغرى! ۋاي ئوغرى!» دەپ چۇقان سېلىشتى، ئوغرى ئالاقزادە بولۇپ كېتىپ گىلمويغا ئۈسسۈپ يىقىلىپ چۈشتى...

گىلموي: مەن ئاكاردىيونىمنى بۇلاپ كەتمىسۇن دەپ كاپلا قىلىپ ئۇنىڭ كارنىيىنى سىقتىم...

راج: مەن ئۇنىڭ پۇتىغا مەھكەم ئېسىلىۋالدىم!

بىتيا: ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟

راج: ئۇنىڭ يانچۇقىدىن بىر مۇنچە ئالتۇن ـ جابدۇقلار چىقىۋىدى، بىز شۇلارنى كۆرۈپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق! دەل شۇ چاغدا ساقچىلار يېتىپ كېلىپ ئۇنى تۇتۇپ كەتتى!

بىتيا: ئوبدان بوپتۇ! تازا ئوبدان بوپتۇ! بۈگۈن سىلەر ناھايىتى دۇرۇس ئىش قىلىپسىلەر!

راج: تاغا ساقچىلارمۇ سىزگە ئوخشاش گەپ قىلدى! شۇ سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىزنى ماختىشىپ كەتتى! ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانداق ئىش بولدى، بىلەمسىلەر؟

بوس: ھە، ھە، يەنە قانداق ئىش بولدى؟

راج: مەن دەپ بېرەي بوس غوجام! چوڭ ئەربابلارنىڭ ئىش بېجىرىشى راستىنلا باشقىچە بولىدىكەن. بىرسى «شارت - شۇرت» قىلىپ قەغەزگە بىرنېمىلەرنى يېزىپلا بىزگە بەردى.

بوس: بىر ۋاراق قەغەز؟ (ھەيران قالىدۇ)

راج: (كۈلۈپ) ۋاي - ۋۇي گىلموي! بوس غوجام دىگەن - زە كىشىلەرگە ھېمىشە بىر خىلدىلا مۇئامىلە قىلىدىغان ئوخشايدۇ - ھە! بىراق بوس غوجام بۇ قېتىم سىز يېڭىلدىڭىز! ئۇنىڭ ماڭا بەرگىنى بىر ۋاراق قەغەز ئەمەس، پۇلنىڭ چېكى! چەك!

بوس: نىمە؟ پۇلنىڭ چېكى؟

گىلموي: ھەئە، چەك بولمايچۇ! 25 رۇبلى پۇلنىڭ چېكى دەڭا! ھوي راج! ئۇنى بوس غوجامغا بىر كۆرسىتىپ قويغىنا، ئاندىن بوس غوجام بىتيا بىلەن سىتاغا پۇل چېكى دىگەن زادى قانداقراق نەرسە ئىكەنلىگىنى سۆزلەپ بەرسۇن.

راج: ئەلۋەتتە، دىمىسەڭمۇ كۆرسىتىمەن! (چەكنى بېرىۋېتىپ سۆزلەيدۇ) مەڭ كۆرۈپ بېقىڭ بوس غوجام! ھەي سىتا! ئەمدى سەن لىللا گەپ قىلىپ باقە! زادى سەن رومال ئالامسەن قانداق؟

سىتا: مېنىڭ غېمىمنى قىلماي، ئېلىپ بەرگىڭ بولسا سانگېغا ئېلىپ بەر، ئۇنىڭ ئاق ياقىلىق كۆينەك كەيگىسى بار ئىدى. قانداق ئۇنىڭغا ئېلىپ بېرەمسەن؟ بىتيامۇ ئاخشاملىرى يۆتىلىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭغا بىر ئاز دورا ئېلىپ بەرگەن بولساڭ بەك ئوبدان بولاتتى.

راج: سەن جىم تۇرۇپ تۇرغىنا، ۋۇي، بوس غوجام بۇ 25 رۇبلىلىق پۇل چېكى دىگەن قانداقراق نەرسىكەن، بۇنى بىزگە بىر سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز، ئاڭلاپ باقساقچۇ؟ [باشقىلار پاراڭلىشىۋاتقان چاغدا بوسنىڭ كۆڭلىدە جىن پەيدا بولىدۇ - دە، پۇل چېكىنى ئۆزى ئېلىۋالماقچى بولۇپ، بۇ پۇل چېكى ئەمەس، بەلكى بىر پارچە قۇرۇق قەغەز دىمەكچى بولىدۇ.]

بوس: ھى، ھى، ھى! قارىماسىلەر، بۇنى سىلەرگە كىم بەرگەن ئىدى، بۇ بىر ۋاراق قۇرۇق قەغەز ئىكەنغۇ!

راج: (قاتتىق تەئەججۇپلىنىپ) نىمە؟!

گىلموي: ئادەمنى بۇنداق ئالدىمىسىڭىزچۇ! مەن بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن! قېنى بوس غوجام ئۆزىڭىز بىر ئېيتىپ بېقىڭا، سىز زادى پۇل چېكى دىگەننى كۆرۈپ باققانمۇ؟

بوس: بەللى يىگىت! سىلەر تېخى ماڭىمۇ ئىشەنمەس بولۇپ كەتتىڭلارمۇ؟ مېنىڭ بۇ ئىككى كۆزۈممۇ كۆرمەس بولۇپ قاپتۇمۇ ئەمدى؟ بۇ قۇرۇق قەغەزنى پۇلنىڭ چېكى دەپ

AltunOq

سىلەرنى ئالدىغان قانداقراق مەخلۇق ئىكەن - تاڭ! (چەكنى گىلمويغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ)

گىلموي: ھۇ ئەبلەخ! (چەكنى پۇرلاپ تاشلىۋېتىدۇ)

بوس: (چۆچۈپ) كىمنى تىللاۋاتىسەن؟ مېنىمۇ؟

بىتيا: سىلەر بۇ ياقتىن بىر ئوغرىنى تۇتىۋاپسىلەر - يۇ، ئۇياقتىن يەنە بىر جەلمگۇرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىپسىلەر - دە!

راج: (شۈبھىلىنىپ) ئۇ بىزنى ئاتايىن ئالدىغا چاقىرىپ چەكنى قولىمىزغا بەرگەن تۇرسا، يەنە بىزنى قانداقمۇ ئالدىسۇن؟ گىلموي! ئۇلار بىزنى راستىنلا ئالدىغانمىدۇ؟

گىلموي: ھۇ ئاناڭنى! كۆزى ساق بۇ دەيۈزلەر، نومۇس قىلماستىن، بىزدەك كۆزى ئاجىز ئادەملەرنى ئالدىشىنى قاراڭلار!... بىزنى كۆرمەيدۇ، دەپ بوزەك ئەتكىنىنى قاراڭلار...

بىتيا: بولدى قىل! نىمىشقا ھەممە ئادەمنى قوشۇپ تىللايسەن. دەرۋەقە ئازراق پۇلنى دەپ پەسكەشلىك قىلىدىغان بەزى ئەشۇنداق ناكەس ئادەملەرمۇ بار، قانداق دىدىم، بوس غوجام؟

بوس: (يەردىكى چەكنى ئەمدىلا ئالاي دەپ تۇرۇشىغا، بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق ھولۇقۇپ كېتىدۇ ۋە شۇ ھامان ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ يەردىكى چەكنى ئالىدۇ) شۇنداق، شۇنداق! ئېيتقان گېپىڭ ناھايىتى دۇرۇس! ئازراق ئىشىم بار ئىدى، مەن قايتاي. بىتيا، مەن ئەتە ئەتىگەندە كېلىمەن.

بىتيا: بوس غوجام چىراقنى يورۇقراق قىلىپ قويۇپ كېتەلا!

بوس: (بېشىنى لىڭشىتىپ) ماقۇل! شۇنداق قىلاي، سىلەر يولۇچىلارغا يورۇق تەرەپ بىلەن ئاۋايلاپ مېڭىشنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇڭلار! (شۇ گەپنى دەۋېتىپ چىراقنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ)

[سانگې خوشلۇقتىن قېنى - قېنىغا سىغماستىن يۈگۈرەپ كېلىدۇ. بىر قاراشقىلا ئۇنىڭ قىران يىگىت ئىكەنلىگى بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ كىچىگى بولۇپ كۆزىنىڭ ئەمالىغى ئانچە ئېغىر ئەمەس. ئۇ باشقىلارغا قارىغاندا ئۆزىنى خۇشخۇي تۇتىدۇ.]

سانگې: تاغا! بىتيا تاغا! ھەي! راج! گىلموي! ئامەت كەلدى! ئامەت! بەك ئوبدان ئىش بولدى! گىلموي ئېھ! ھەجەپ ئوبدان ئىش بولدى!! (سۆزلەۋېتىپ سىتانىڭ دۈمبىسىگە قاتتىق بىرنى ئۇرىدۇ)

سىتا: (ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ) ھە، مەن سىتا!

سانگې: ئاپلا سەنمىدىڭ! ئاغرىمىغاندۇ؟

بىتيا: زادى قانداق ئىش بولدى؟ ئېيتمامسەن؟

سانگې: ھېچ ئىش بولمىدى، تاغا! بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئازراق تاماپاۋەت قىلاي دەپ، يورتىمىكى پاراخوتلارنىڭ قېشىغا يېقىنلاپ بېرىشىمغا، ئالدى تەرەپتىن بىر ئەپەندىم

رەپىقىسى بىلەن بىللە ئالدىمغا كېلىپ قالدى. ھېلىقى ئەپەندىم ئۆزىچە «مېنىڭ قەدىرلىك — مېھمانخانام — ھىندىستان — ياخشى!» دەپ ئىنگلىس تىلىدا سۆزلىدى. مەن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ھېلىقى ئەپەندىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ «ئەپەندىم! مەن قارىغۇ! مەن قارىغۇ! ئازراق پۇل بېرىڭا!» دەپ ئىنگلىسچە سۆزلەپ تىلىدىم.

راج: (كۈلۈپ) پاھ، ئىنگلىزچە سۆزلىگەن بولساڭ راستىنلا ئېپىڭ باركەن جۇمۇ!

سانگې: ھەي، بىرادەر! بۇ بىر نەچچە جۈملە ئېنگلىزچە سۆزنى 8 - سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئۆگىنىۋالغان ئىدىم! ھەي... كېيىن ئائىلىمىز چاقماق چېقىلغاندا ھادىسىگە ئۇچراپ دادام بىلەن ئانام بىراقلا ئۆلۈپ كەتتى، شۇ تۈپەيلىدىن مېنىڭ كۆزۈممۇ كۆرمەس بولۇپ قالدى. بولمىسا ئىنگلىزچىنى بۇ چاقىقچە تېخىمۇ كۆپ ئۆگىنىۋالغان بولاتتىم!

راج: مۇنداق دېگىن. بايىقى گېپىڭ تېخى تۈگىمىگەن ئىدىغۇ، ئاۋال شۇ گېپىڭنى بىر سۆزلەپ تۈگەتمەمسەن؟

سانگې: ماقۇل، ھېلىقى ئەپەندىم ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويۇپلا باشقىچە گەپ - سۆز قىلمىدى. ئەمما خانىمىنىڭ «تىرىس - تىرىس» قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم - يۇ، لېكىن نېمە ئىش قىلغانلىقىنى پەرق ئېتەلمىدىم. شۇ ئەسنادا ئىككىسى پىچىرلىشىپ بىر نېمە دېيىشتى - دە، مېنى شارتتىدە رەسىمگە تارتىۋالدى. مەن «ئەپەندىم سىز...» دېيىشىمگە ئۇ كۈلۈپ قويۇپ يانچۇقىدىن پۇل ئالدى.

راج: قالتىسقۇ! بىرەر - ئىككى رۇبلى بەردىمۇ؟

سانگې: ھوي نېمە دەۋاتىسەن! بىر رۇبلى دېگە نېمە ئۇ، يۈز رۇبلى دېگىنە! چۈشەندىڭمۇ؟ ئىشەنمەمسەن تېخى! قارا! مانا قارا!

گىلموي: ئوھۇي سانگې! قالتىس بەلەن ئىش بوپتۇ جۇمۇ!

سانگې: بىتىيا تاغا، سەن بايا، بۇگۈندىن باشلاپ بىزدە چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ دېگەن ئىدىڭغۇ، ئەمدى ساڭا ئىككى ئىشتان، ستاغا بىر تەسۋى، كۆپچىلىك ئۈچۈن ئىككى ساپال قاچا بىلەن بىر پارچە بورا سېتىۋالايلى. گىلمويغا بىر قىزىل باش كىيىم ئېلىپ بېرەيلى، ئاكاردىيونغا بىر قاپ ئالايلى، ھەم راجغىمۇ يازلىق ئاياق ئېلىپ بېرەيلى. قانداق، مۇشۇ دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالساق بولارمۇ؟!

ستا: ئۆزەڭگىچۇ؟

سانگې: مەن ھېچنەرسە ئالمىساممۇ بولۇۋېرىدۇ. تاپاۋەت قىلىدىغان چاغلار تېخى ئالدىمىزدا، كېيىنچە بىر گەپ بولار.

گىلموي: ئۆزەڭگىمۇ بىرەر قۇر كىيىم ئېلىۋالغىن. ئەگەر سەن ئۆزەڭگە كىيىم ئالمايدىغان بولساڭ، مەن ھېچنەرسە ئالمايمەن.

سانگې: (گىلموينى دوراپ) ئالاي! گېپىڭگە قۇلاق سال گىلموي! بىز نېمىگە جىددى ئېھتىياجلىق بولساق ئاۋال شۇنى ئالايلى. قانداق دەيسەن تاغا؟ سەنمۇ بىر نېمە دەپ باقە؟

بىتىيا: مەن... ئىمىشقىدۇر بۇ پۇللارنى كۆرگەندىن كېيىن قورقۇنچلۇق ھىس قىلىۋاتىمەن، (يۈز رۇبلى پۇلنى سانگىغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ)

سانگى: (پۇلنى ئېلىپ) تاغا! بۇنىڭ قورقىدىغان نىمىسى بار؟ راج يۈر، بازارغا بېرىپ سودىلىق قىلىپ كېلەيلى!

سىتا: ھوي، سانگى!

سانگى: دىگىنە! ساڭا نىمە كېرەك؟

سىتا: سانگى، ماڭا ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس. مېنىڭچە بۇ پۇلغا كۆپچىلىك ئېھتىياجلىق بولغان لازىمەتلىكلەرنى سېتىۋالايلى!

سانگى: كۆپچىلىك ئېھتىياجلىق بولغان نەرسە؟ قانداق نەرسە دىمەكچى سەن؟ قاتلىمىمۇ ـ يا! (كۈلىدۇ)

راج: بۇ بىزگە ھەر كۈنلىگى لازىمغۇ!

سىتا: ياق! بىزگە لازىملىغى قاتلىما ئەمەس! بەلكى كۆز!

گىلموي
سانگى : كۆز!

راج: ئېلىشىپ قالدىڭمۇ؟ كۆزنى قانداق سېتىۋالغىلى بولىدۇ؟

سىتا: ياق، راج! باياتىن بوس بىزگە «ئەتە كۆز داۋالايدىغان بىر دوختۇر كېلىدىكەن» دىۋىدىغۇ. ئۇ بەكمۇ ئۇستا دوختۇرمىش. مۇشۇ پۇل بىلەن شۇ دوختۇرغا كۆزىمىزنى داۋالىتىۋالساق قانچە ياخشى بولاتتى ـ ھە!

سانگى: (خاپا بولۇپ) نىمە دىدىڭ؟ بۇ پۇلغا كۆز داۋالىتىمىز دىدىڭما؟ سىتا! سەن خوشال ـ خورام كۈن ئۆتكۈزۈشنى خالىماسەن؟

بىتىيا: سانگى!

سانگى: ئەمىسە ئۇ نىمە دىمەكچى تاغا؟ بىزنىڭ كۈنىمىز ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتامدۇ، كۆزىمىزنى داۋالاپ نىمە قىلىمىز؟ ناۋادا كۆزىمىز ئېچىلغان تەقدىردىمۇ بىز بەربىر ئىشسىز قالغىنىمىز قالغان! ئەمدى بىزنىڭ كۆزىمىز كۆرمىسە نىمە بوپتۇ. بىزنىڭ كۈنىمىز بىر ئوبدان كېتىۋاتىدىغۇ!

گىلموي: دۇرۇس، ساڭگىنىڭ ئېيتقىنى ئورۇنلۇق.

سانگى: راج ماڭە! بازارغا بارىمىز. (مېڭىشقا تەمشىلىدۇ)

راج: يۈز رۇبلى پۇل كۆز داۋالىتىشقا قانداقمۇ يېتىدۇ!

سىتا: سېنىكادا ساقلىغىلى بەرگەن پۇلىمىزمۇ بارغۇ، بىردەمدىن كېيىن ئۇ بىزگە قاتلىما ئېلىپ كەلگەندە، ئۇنىڭدىكى پۇلنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋالايلى.

راج: ئۇنىڭدا زادى قانچىلىك پۇل بار؟ يۈز رۇبلىمۇ ياكى ئىككى يۈز رۇبلىمۇ؟

سىتا: بىتىيا، ھەممە پۇلنى يىغىشتۇرساق، بىر ئادەمنىڭ كۆزىنى داۋالاپ ساقايتىشقا يەتمەسمۇ؟ ئارىمىزدىن بىرەيلەنىڭ كۆزى ئېچىلسىمۇ مەيلى ئەمەسمۇ!

بىتىيا: راج، سېنىڭچە قانداق؟

راج: ستا ئۇنداقتا، باشقىلار قانداق قىلىدۇ؟

ستا: كېرەك يوق! پەقەت بىر جۈپ كۆز بولسىلا ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى ياخشى بولىدۇ. شۇنداقمۇ بىتيا؟

بىتيا: شۇنداق، دۇرۇس ئېيتتىڭ!

سانگى: (خاپا بولۇپ) تاغا سەنمۇ ستانىڭ پىكرىنى قوللامسىنا؟ (ھېچكىم ئۈندىمەيدۇ) ئۇنداق بولسا بوپتۇ، مەيلى قايسىڭلار كۆزۈڭلەرنى داۋالىتىشنى خالىساڭلار داۋالىتىۋېرىڭلار!

بىتيا: سانگى!

سانگى: (يۈز رۇبلى پۇلنى راجنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ) مەن كۆزۈمنى داۋالاتمايمەن!

گىلموي: مەن كۆزۈمنى داۋالاتساممۇ بەرىبىر ساقايمايدۇ!

ستا: گىلموي!

گىلموي: شۇنداق، ستا! ئەگەر كۆزۈم ساق بولسا، ھەممىڭلارنى كۆرەلىگەن بولاتتىم. بىراق...

راج: نېمە دېمەكچى سەن؟

گىلموي: كۆزۈمگە تۆمۈرچىنىڭ ئوچىقىدىن چىققان ئوت ئۇچقۇنى چاچراپ كۆيۈپ كەتكەن. ئەمدى ساقايتىش مۇمكىن ئەمەس. كۆزۈم ھازىر زەررىچە يورۇقلۇقنىمۇ كۆرمەيدۇ، زادى كۆرمەيدۇ!

راج: تاغا، ئەگەر ستانىڭ كۆزىنى داۋالىتىپ ساقايتالىغان بولساق، ئۇ چاغدا...

ستا: (تەسىرلىنىپ) بولمايدۇ، راج! بولمايدۇ!

بىتيا: ئۇنداق دېمە، ستا! ئەگەردە سېنىڭلا كۆزۈڭ ساقىيىپ قالىدىغان بولسا، شۇ تاپتا ھەممىمىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان بولاتتىڭ. ئۇ چاغدا ھەممىمىز ساڭا ئەگىشىپ ماڭغان بولاتتۇق.

ستا: يوقسۇ بىتيا! ئانام بىچارە، دادامنىڭ ۋەھشىلەرچە خورلىشى ئارقىسىدا كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى. مەن ئۆزەم تۇغۇلغان چېغىمدىلا قارىغۇ تۇغۇلۇپتىكەنمەن. بۇ دۇنيادا مەن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغۇدەك نەدە بىرەر ئۇرۇق - تۇغقىنىم بولسۇن؟ مېنىڭ كۆرۈشۈمگە تېگىشلىك يەنە قانداق نەرسىلەر بار دەيسەن؟ بىز بىر بىر ئەركىشىنىڭ ياردىمىگە مۇھتاجمىز، ئايال كىشىنىڭ ياردىمى كېرەك ئەمەس. ئارىمىزدا پەقەت سەنلا ياشتا چوڭراق، شۇنداق بولغانلىقتىن، سەن بىزنى ئۆز بالىلىرىڭدەك كۆرىسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن سېنىڭدە چوقۇم بىر جۈپ كۆز بولۇش كېرەك!

بىتيا: ستا، سەن ئېلىشىپ قالغاندەك سۆزلەپلا كەتتىڭغۇ؟ مەن سىلەردىن چوڭ بولغانلىقىم ئۈچۈنلا مېنىڭ كۆزۈمنىڭ ساقىيىشى زۆرۈر دېسەك، قاملاشمايدۇ - دە! بۇنىڭ ماڭا ھاجىتى يوق!

سانگى: (ئازاپلىنىپ) تاغا!

بىتيا: راست، سانگې! كىم ياش ھەم قاۋۇل بولسا، شۇنىڭ كۆزىنى داۋالاپ ساقايتىش زۆرۈر. مېنىڭچە ئارىمىزدا سەن ھەم ياش، ھەم قاۋۇل يىگىتسەن. شۇڭا ئالدى بىلەن سېنىڭ كۆزۈڭنى داۋالىتىپ ساقايتقىنىمىز ياخشى!

راج: توغرا، سانگې! پۇلنى تاپقانمۇ سەن، شۇڭا سېنىڭ كۆزۈڭنى داۋالىتىش كېرەك!

سانگې: (دەرغەزەپ بىلەن) راج! يەنە شۇنداق گەپ قىلىدىغان بولساڭ، كۆرگۈلۈكىڭنى كۆرسىتىمەن!

راج: نىمە بولدى؟ مەن خاتا گەپ قىلدىمما؟

سانگې: ئەمىسە، سېنىڭ دىگەنلىرىڭ ئورۇنلۇق گەپمۇ؟ مەن قاچانمۇ ساڭا ئۆزەم تاپقان پۇل، ئۆزەمگە تەئەللۇق دىدىم؟ مېنىڭ ئائىلەم چاقماق ھادىسىسىگە ئۇچراپ، ئەس - ھوشۇمغا كەلگەندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە سىلەر بىلەن بىللە ئۆتتۈۋاتىمەن. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ھەرگىزمۇ ئۆزەم تاپقان پۇل، دەپ سىلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئۆزەم يالغۇز خەجلىمەيمەن. مېنىمۇ ئاتا - ئانام تۇغقان! مەن سىلەرگە ئوخشاش كۆزنى ھەممىدىن ئەلا دەيدىغانلاردىن ئەمەس. مەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يەنە بىر ئېيتاي، مەن سىلەر بىلەن بىللە مۇشۇ قارغۇ پېتىم ئۆلۈپ كېتىشكە رازىمەنكى، ھەرگىزمۇ كۆزۈمنى ساقايتىپ سىلەردىن ئايرىلمايمەن!

راج: مۇنداق دىگىنە ئۇكام! سەن دەرۋەقە ئارىمىزدىكى زېرەك ھەم قەيسەر يىگىتسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن بىر نەچچە يىل ئوقۇغان، جەمىيەتكە ئارىلاشقان، ئەما بولۇشتىن بۇرۇن بۇ دۇنيانىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى ئاز - تولا چۈشەنگەنسەن. لېكىن مەنچۇ؟ تۇغۇلۇپ يەرگە چۈشكەندىن تارتىپلا ھېچنەرسىنى كۆرەلمىگەن ئەمەس! بىزنى بوزەك ئەتمەكلار دىگەن بىر جۈملە سۆزنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت، سۆزۈمنى ئاڭلا، سانگې! گېپىمگە كىر.

سانگې: لېكىن، يالغۇز مېنىڭلا كۆزۈم ساقىيىپ، سىلەر ئەما پېتى يۈرسەڭلار مەن ئازاپلانمامدىمەن؟

ستا: بۇنىڭ ئازاپلىنىدىغان نىمىسى بار؟ بەشىمىزدە بىر جۈپ ساق كۆز بولسىلا، خوشال خورام ياشاۋەرمەمدۇق!

راج: بىز كۆرەلمىگەننى، سەن كۆرسەن ئەمەسمۇ!

بىتىيا: مەن ياققان چىراقنىڭ نۇرىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى سەن بىزگە سۆزلەپ بېرىسەن.

ستا: بىز سىۋا ئىلاھىغا چوقۇنغاندا، سەن ئۇنىڭ تۇرقىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىزگە سۆزلەپ بېرىسەن!

گىلموي: سانگې، سەنلا ساق بولساڭ ھەممىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا ئىنتايىن زور ئۆزگىرىش بولىدۇ!

راج: شۇنداق، سانگې! چوقۇم شۇنداق بولىدۇ!

ستا: سانگې ئەمدى سەن ياق دىگەن گەپنى قىلما!

سانگې: (ھاياجانلىنىپ) توغرا، ئۆزگىرىش بولىدۇ! سېنىڭ، مېنىڭ ۋە ھەممىمىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا ئۆزگىرىش بولۇشى كېرەك! مەن تۇرمۇشىمىزنى ئۆزگەرتىمەن! ماڭا بىر جۈپ

AltunOq

كۆز كېرەك. مەن كۆرىدىغان بولۇشۇم لازىم. بۇ ئۆزەم ئۈچۈن ئەمەس بەلكى سىلەر ئۈچۈن، ھەر بىرىڭلار ئۈچۈن!

[چىراق ئۆچۈپ سەھنە قايتا يورۇيدۇ. سىتا بىر چەتتە يەر سۈپۈرىدۇ. گىلموي سېمونت ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئاكاردىيوننى رېمونت قىلىدۇ.]

گىلموي: سىتا!

سىتا: گىلموي، نىمە ئىش؟

گىلموي: سېنىڭچە، سانگې بىزنى كۆرگەندە قانداقراق ھىسسىياتتا بولار؟

سىتا: قانداق ھىسسىياتتا بولاتتى؟ — ئۇ سېنى كۆرگەندە گىلموينىڭ تەققى - تۇرقى ئۇنداق - مۇنداق، دەپ بىزگە چۈشەندۇرىدۇ. مېنى كۆرسىغۇ شۇ ھامانلا تونۇۋالىدۇ!

گىلموي: نىمە ئۈچۈن؟

سىتا: چۈنكى بۇ يەردە مەن بىرلا قىز تۇرسام.

[ئىككىسى كۈلىشىدۇ. بىردەم جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ.]

گىلموي: بىتيا سانگېنى ئېلىپ چىقىمەن دەپ، دوختۇرخانىغا كەتكەن ئىدى. ھازىرغىچە كەلمەيدىغۇ؟

سىتا: گىلموي، سانگېنى كۆرۈشكە شۇنچە تەقەززا بولۇپ كېتىۋاتامسەن؟

گىلموي: شۇنداق بولمايچۇ، سىتا! ئۇنىڭ كۆزى بىلەن جىمى ئالەمنى بىر كۆرۈپ قېنىۋالسام، دەپ ئارزۇ قىلىمەن!

[بوس چىراق كۆتىرىپ چىقىدۇ. گىلموي بىلەن سىتا ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالىدۇ، سۆكۈتتىن كېيىن، ئىككىسىنىڭ چىرايىدا ھاياجانلىق ھىسسى جىلۋىلىنىدۇ.]

سىتا
گىلموي: (بىردەكلا) سانگې!

بوس: (كۈلۈپ قويىدۇ ۋە چىراق پايدىن پەنەرنى ئالغان بولۇپ) نىمە ئىش بولدى؟ سىلەر ئەتىدىن - كەچكىچە سانگېنى ئېغىزىڭلاردىن چۈشەرمەيسىلەرغۇ؟ ئۇ سەھرادىن تېخىچە قايتىپ كەلمىدىما؟ سىتا! ئۇ قايتىپ كېلىشكە ئازلا قالدى. ھىلىلا قايتىپ كېلىدۇ. چىراقنى يېقىۋەتكىن، تېز بول! (سۆزلەۋېتىپ بۇتخانىغا كىرىپ كېتىدۇ. سىتا چىراق يېقىشقا تەييارلىنىدۇ)

گىلموي: باشقىلار تېخى ئۇنى سەھراغا كەتتى دەپ ئويلايدۇ. قاراپ تۇر، ئۇ ھىلى دوختۇرخانىدىن كەلگەندىچۇ، ھەممىسى ھاڭ - تاڭ قالىدۇ! (چىقىپ كېتىدۇ)

[سىتا چىراقنىڭ پىلىكىنى چىقىرىپ ياندۇرىدۇ. يېلىنجاپ يېنىۋاتقان چىراق سىتانىڭ رومىلىغا تۇتىشىپ كەتكىلى تاسلا قالىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا سانگې قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ يۈگرەپ كېلىپ سىتانىڭ قولىنى كاپ قىلىپ تۇتۇپ ئۇنى بىر چەتكە تارتىۋالىدۇ. سىتا تاڭ قېتىپ قالىدۇ.]

سىتا: كىم؟ (سانگېنىڭ قولىغا ئۇرۇلۇپ كېتىپ) ۋىيەي! سانگې! راستىنلا سەنمۇ؟ قانداق ئەھۋالىڭ؟

سانگى: دەل ئۈستىدىن چۈشمىگەن بولسام، قانچىلىك ئازاپلىنىدىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟
[سانگى كونىراپ كەتكەن يۇمىلاق ياقىلىق كۆينەك ۋە ئۇزۇن شىم كەيگەن. بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا بەك غەلىتە تۇيۇلىدۇ.]

ستا: مەن نىمىنىمۇ بىلەلەيتتىم؟ مەيلى ئازاپلىناي ياكى ئازاپلانماي مانا بەربىر ھازىرغىچە ياشاپ كەلدىمغۇ؟ بۈگۈن سەن قايتىپ كېلىپ مېنى ئازاپتىن قۇتۇلدۇردۇڭ، سانگى كۆزۈڭ ئەمدى كۆرىدىغان بولدىمۇ؟

سانگى: ھەئە!... (ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتىدۇ)

ستا: تۆت ئەتراپىمىزنىڭ ھەممىسى باغ، مانا ماۋۇ بۇ تىخانا، ئاۋۇ كۆل، ئاۋۇ نېرىراقتا تۇرغان تاغ! سانگى بۇلارنىڭ ھەممىسى قانداقراق ئىكەن؟ بۇ دۇنيانىڭ ئۆزى زادى قانداق ئىكەن؟

سانگى: ستا، بۇ غەلىتىلا بىر ئىشقۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بۇرۇنقى تەسەۋۋۇرلىرىم بىلەن ئوخشاشتەكلا تۇرىدىغۇ. شۇنىسى قىزىقكى، بىرلا نەرسە مېنىڭ بۇرۇنقى تەسەۋۋۇرلىرىم بىلەن ئانچە ئوخشىمايراق تۇرىدۇ.

ستا: سانگى! ئوخشىمىغىنى نىمە؟

سانگى: سەن!

ستا: (چۈشەنمەستىن) مەن؟

سانگى: شۇنداق ستا، سەن ئوخشىمايراق تۇرىسەن. سەن ھازىر گويا ئەخلەت ئىچىدە ۋالىلداپ تۇرغان گۆھەرگە ئوخشاش مېنىڭ ئالدىمدا نامايەن بولۇپ تۇرىۋاتىسەن، ئەجىبا مۇشۇنداقلىقىڭنى بۇنىدىن بۇرۇن بىلمەپتىكەنمەن. سەن كارامەت چىرايلىق ئىكەنسەن جۇمۇ!

ستا: چىرايلىق؟ بۇ دىگىنىڭ...

سانگى: بۇ... بۇنى نىمە دىسەم بولاركىن ـ تاڭ! سېنىڭمۇ كۆزۈڭ كۆرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. بۇنداق دىگىنىم بىلەنمۇ، سەن بەربىر چۈشەنمەيسەن.

ستا: شۇنداق دىمەمسەن! ھەي بىتىيا نەدە قالدى؟

سانگى: نىمە، ئۇ بۇ يەردە يوقمۇ؟

ستا: ئۇ سېنى ئېلىپ كېلىمەن، دەپ دوختۇرخانىغا كېتىۋىدىغۇ. بىچارە بىتىيا، ئۇ يەردە ھىلىغىچە سېنى ساقلاپ تۇرغاندۇ تايىنلىق. بىراق ھازىر سەن ئۇنى كۆرسەڭمۇ تونۇمايسەن ـ دە. (كۈلىدۇ) كۆزۈڭغۇ ساقىيىپتۇ. لېكىن بۇرۇن بىللە بولغان ئادەملەرنى كۆرسەڭمۇ تونىيالمايسەن ـ دە! (سانگى ئۈنچىقمايدۇ. سۈكۈتتىن كېيىن) سانگى، ساڭا نىمە بولدى؟ قوسۇغۇڭ ئاچتىمۇ ـ يا؟

سانگى: ھەئە، ئاچتى.

ستا: تۇرۇپتۇر، قاتلىما ئېلىپ چىقاي! (ئۇزۇن ئورۇندۇقنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ بىرنەممىنى ئىزدەيدۇ. سانگى ھەيران بولۇپ تۆت ئەتراپقا قارايدۇ)

ستا: (قاتلىمنى ئەكىلىۋېتىپ سانگىغا ئۈرۈلۈپ كېتىدۇ) ۋىيەي، سەن تېخىچە مۇشۇ يەردە تۇردۇڭمۇ؟ ئاۋۇ ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتارساڭچۇ؟

سانگې: ستا، ئۇ يەر بەك مەينەت ئىكەن!

ستا: ھەي، مەن تېخى ئۇ يەرنى پاكىزمىكىن دەپتىمەن! توختاپ تۇر! مەن تازىلىۋېتەي.

سانگې: (ئورۇندۇق سۈرتىۋاتقان ستانى توسۇپ) بولدى سۈرتمەي قوي، ستا! رومىلىڭ مەينەت بولۇپ كېتىدۇ!

ستا: (كۈلۈپ) كىر بولغان ـ بولمىغانلىغىنى بەرىبىر كۆرمەيمەنغۇ، ھېچۋەقەسى يوق! (ئورۇندۇقنى سۈرتىۋېرىدۇ)

سانگې: ھەي، سۈرتمە دىدىمغۇ! بولدى قوي!

ستا: (كۈلۈپ) سېنىڭ كۆزۈڭ ئېچىلىپ ئەمدى بىزنى چەكلەپلا كەتتىڭغۇ؟ سانگې، ئالە، بۇ قاتلىمنى يە.

سانگې: نىمە؟ مۇشۇ پەتنۇستىكىنى يەمدىم؟

ستا: نىمە بوپتۇ؟

سانگې: (بىر نىمە دىمەكچى بولىدۇ ـ يۇ، يەنە توختاپ قالىدۇ) ھېچ... ھېچنىمە دىمىدىم، ھېچنىمە دىمىدىم! (پەتنۇسنى ئالىدۇ)

ستا: سانگې، بىلەمسەن؟ سەن ئون يىل مۇشۇ پەتنۇستا تاماق يىدىڭ! بۇ قاتلىما قانداقراق ئىكەن؟

سانگې: ھىم، بەك ئوبدان ئىكەن.

ستا: بۇ تۈنۈگۈنكى قاتلىما، يېڭى پۇشۇرغاندەك ئەمەستۇ ـ ھە؟

سانگې: ئوبدان ئىكەن!

ستا: سانگې، بۇرۇن سەن ئىنتايىن شوخ ھەم خۇشچاقچاق ئىدىڭ، ھازىر پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىپسەنغۇ. بۇنىڭ سەۋەۋى نىمە؟ بۇ دۇنيانىڭ ياخشى ئەمەسلىگىنى كۆرۈپ قورقۇۋاتامسەن ـ يا؟

سانگې: كىم بۇ دۇنيانى ياخشى ئەمەس دەپتۇ. ناھايىتى ياخشى! بىراق بىزنىڭ بۇ يەر ماڭا بىر قىسما تۇيۇلىۋاتىدۇ! ھەي، — بولدىلا!

[بىتيا كىرىپ كېلىدۇ.]

بىتيا: (ئىنتايىن تەمتىرىگەن ھالدا) سانگې! سانگې!

ستا: ھوي تاغا، سانگې قايتىپ كەلدى!

بىتيا: سانگې! قايتىپ كەپسەن ـ دە؟ (سانگېنى قۇچاقلىماقچى بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. سانگې ئۇنىڭ كىيىمىنىڭ مەينەتلىگىنى كۆرۈپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئارقىغا داجىيدۇ) سانگې نىمە بولدۇڭ؟ نىمىشقا مەندىن قاچىسەن؟

سانگې: (دۇدۇقلاپ) ھېچ، ھېچنىمە بولمىدى تاغا! مەن بۇ يەردە!

[گىلدوي بىلەن راج كىرىپ كېلىدۇ ـ دە، ئۇلار سانگېغا قاراپ «سانگې!» دەپ تەڭلا توۋلايدۇ. سانگې ئۇلارغا بۇرۇلۇپ قارايدۇ.]

سىتا: (سانگېغا كۆلۈمسىرەپ قاراپ) سانگې! بۇ ئىككەيلەننى تونۇدىڭمۇ؟ قېنى ئېيتىپ باقە، بۇلار كىم؟

بىتيا: سىتا، سەن نىمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىسەن؟

سىتا: هەي قېرى، لوقما سالما، يىراق تۇرە! سانگې! قېنى دەپ باقە! (ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئالدىغا تارتىدۇ)

[سانگې هىلىقى ئىككەيلەنگە يېقىنلاپ بىر نەرسە دىمەكچى بولىدۇ.]

سانگې: (سىتاغا بۇرۇلۇپ) سىنىڭ ئوڭ تەرىپىڭدە تۇرغان گىلموي، سول تەرىپىڭدىكىسى راج!

[هەممىنى چۆشەندۇق دىگەندەك مەنا بىلەن گىلموي راجغا قارايدۇ، راج گىلمويغا قارايدۇ. هەممەيلەن تەڭ كۆلۈشۈپ كېتىدۇ.]

سىتا: (كۆلۈپ تۇرۇپ) سەن هازىر كۆزۈڭنى يۇمۇپ تۇرۇپمۇ ئۇلارنى تونــۇيالامســەن؟ (گىلموي بىلەن راجنى ئالدىغا ئىتتىرىدۇ)

سانگې: (كۆزىنى يۇمۇپ، گىلموي بىلەن راجنى تۇتۇپ) هە، ماۋۇ راج، ماۋۇ گىلموي!

راج: (كۆلۈپ) سانگې! بۇ ئىككىمىزنى تونۇش ئۈچۈن يەنىلا قارىغۇلارنىڭ سىلاشتــۇرۇپ تېپىش ئۇسۇلىنى قوللىنىۋاتىسەنغۇ!

[كۆپچىلىك كۆلۈشۈپ كېتىدۇ.]

بىتيا: سىتا سەن ئۇنى نىمە دەپ ئاخماق قىلىسەن؟ ئۇنىڭغا قاتلىما بەردىڭمۇ؟

سىتا: باياتىن بەرگەن.

بىتيا: گىلموي بىلەن راجمۇ يىسۇن.

راج: سانگې، بۇ قۇتىدا قانچە پۇل بار ئىكەن، ساناپ باقە!

[سىرتتىن ئاياق تاۋۇشى ئاڭلىنىدۇ. بوس كىرىپ كېلىدۇ.]

بىتيا: (بېشىنى كۆتىرىپ) ئەپەندىم، ئېھتىيات قىلىڭ، يىقىلىپ چۈشمەڭ يەنە! ماۋۇ يورۇق تەرەپتىرەك مېڭىڭ!

بوس: سانگې قايتىپ كەلدىڭمۇ؟ سەن خۇددى بىر خودادەك، بۇلار هەر كۈنى سېنى تەقەززارلىق بىلەن كۈتتى.

بىتيا: (كۆلۈپ تۇرۇپ) بوس غوجام! بىز خۇدانىڭ قانداقلىغىنىمۇ بىلمەيمىز. ئەمما سانگې بولسا بىزنى چۈشىنىدۇ هەم بىزگە ياردەملىشىدۇ، شۇڭا سانگېنى خۇدادىسەكمۇ بــولۇۋېرىدۇ.

بوس: پاھ، ئەمدى - زە سەن تېخى بۇلارنىڭ نىجات يۇلتۇزى بولۇپ قالدىڭمۇ؟ مە، ماۋۇ پەتنوسنى چىلىڭ تۇت! هـــەي، سانگې بىر نەچچە كۈندىن بېرى ســـەن نـــەگە كەتتىڭ؟

[بوس سانگېغا پىسەنت قىلمايدۇ، ئۇ چىراققا يېقىن كېلىپ توختاپ قالىدۇ. ســانــگې ئەجەبلەنگەن هالدا ئۇنىڭغا قارايدۇ - يۇ، لېكىن ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بــەرمەيدۇ ۋە بوســنىڭ چىراقنى ئېلىۋاتقانلىغىنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ.]

سانگې: بۇ نىمە قىلغىنىڭىز؟ نىمىشقا چىراقنى ئېلىۋالىسىز؟

بوس: (ئاۋال چۆچۈپ كېتىپ، ئارقىدىنلا ئۆزىنى تۇتۇۋالىدۇ) هەي قارىغۇ، كۆزۈڭ خېلى ئۆتكۈر بولۇپ قاپتىغۇ - هە! (ئۇ سانگېنىڭ كۆزى يەنىلا كۆرمەيدۇ، دەپ ئويلاپ)

چىرىغىڭلار يوقاپ كېتمەيدۇ! پىلىگىنى چىقىرىپ قوياي دەۋاتىمەن. (چىراقنى ئېلىپ سىرتقا چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ) كېچىچە مەشەدە ئېسىغلىق تۇرسا ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ يولىنى يورۇتۇپ تۇرمامدۇ. مەن كەتتىم ئەمىسە. (چىراقنى ئېلىپ ماڭىدۇ)

سانگى: (بوسقا نىسبەتەن تەئەججۈپلىنىپ ھەم نەپرەتلىنىپ) ھوي، بوس غوجام! نىمە قىلماقچىسىز؟

بوس: (قوزۇقتەك قېتىپلا قالىدۇ، لېكىن سانگىنىڭ كۆزىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى يەنىلا بىلمەيدۇ) سەن كىمىڭگە نوچىلۇق قىلىۋاتىسەن؟

[سانگى ئۇنىڭغا مىقتەك قادىلىپ تۇرۇپ، قولىدىكى چىراقنى تارتىۋېلىپ تۈۋرۈككە ئېسىپ قويىدۇ.]

بوس: (ئىشىنىڭ تېگى - تەكتىنى چۈشىنىپ، قورۇققىنىدىن ئۆڭى ئۆچۈپ) نىمە سەن... سەن ئەمدى كۆرەلەيدىغان بولدۇڭمۇ؟ يېقىندىن بۇيان - زە...

سانگى: ياق، تېخى بۈگۈندىن باشلاپ كۆرەلەيدىغان بولدۇم! ئەمما بوس غوجام خېلى كۆپ يېڭىلىقلارنى مەن تېخى ئەمدى بىلىۋاتىمەن! بىتىيا ساڭا مۇشۇنچىلىك ئىشەنچ قىلىۋاتقان يەردە سەن يەنە تېخى ئوغۇرلۇق قىلامسەن!

بوس: (دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ كۈلۈپ تۇرۇپ) سانگى! ھازىر كۆزۈڭ كۆرىدىغان بولغاچقا سەن بۇنى ئوغرىلىق دەپ چۈشىنەۋاتىسەن. ئەگەردە سەن كۆزۈڭنى يۇمۇۋالساڭلا بۇ بىر خاسىيەتلىك ئىش بولىۋەرمەمدۇ! بۇ دىگەن قىل سىغمايدىغان ئىشلار، بىراق بۇندىن ئىلگىرى سەن بۇ دۇنيانىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كۆرمىگەن. شۇڭا سەن ھېچنېمىنى ئۇقمايسەن - خالاس.

سانگى: بوس غوجام!

بوس: كۆزۈڭ ئەمدىلەتىن كۆرىدىغان بوپتۇ، بۇندىن كېيىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاستا - ئاستا بىلىپ قالارسەن. گېپىمگە قۇلاق سال! ھەقىقى ئەھۋالنى سۆزلىسەم، پۈتۈن بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ كېتىدۇ! بۇ تەگرىگە يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى نوكچا كۆيدۈرۈپ، باش ئۇرۇپ چوقۇندۇم، بىراق بۇ تەگرىنىڭ ماڭا ھازىرغىچە پەقەت رەھىمى كەلمىدى! ئۆيۈمدە قاچا بىكارلايدىغانلار كۆپ بولغاچقا، ھالىم بەك خاراپ. شۇڭا مەن ئاخىرى مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ، مانا بۇ ئازراق كىرسىننىمۇ قويماي ئوغۇرلاشقا مەجبۇر بولدۇم.

سانگى: ھوي! سەن تەگرىگىمۇ تىل تەككۈزۈۋاتىسەنغۇ!

بوس: ھا، ھا، ۋاي ئەخمەق! نەدىكى تەگرىنى دەيسەن! شام كۆيدۈرۈپ، سېنى خۇداغا چوقۇندۇرۇۋاتقان پەقەت ئۆزەڭنىڭ دىلى! ھىم؟ بولدى، ئەمدى سۆزلىمەيلا قوياي، بۇ دۇنياچۇ قارا، ھىم! بولدى مەن كەتتىم. (چىراقنى ئېلىپ كەتمەكچى بولىدۇ)

سانگى: توختا! ھو، دەيۈز، تېخى ماڭا ئۇۋال بولۇپ كەتتى، دەپ نالە قىلىسەنا! ھۇ جۇۋايىنمەك! نەگە قاچماقچىسەن؟ مەن كۆپچىلىك ئالدىدا چاۋاڭنى چىتقا يايىمەن!

AltunOq

بوس: سانگي، مېنىڭ ئازراق يۈزۈمنى قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن! گەرچە مەن ياشتا چوڭ بولساممۇ، سېنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ يالۋۇرۇۋاتىمەن! مە! بۇ پۇللارنى ئال! ئالە! بۇ قىلغان ياخشىلىقىڭنى ھەرگىز ئۇنتۇتمايمەن! (شۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ پۇل بېرىدۇ)
[سانگي قولىدىكى پۇلغا قاراپ ئۇندىمەستىن تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇ ئەس - ھوشىنى يىغىۋالغىچە بوس غىپپىدە تىكىۋېتىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىغا يەنە بىرەيلەن كې-لىدۇ.]

بىتيا: (بېشىنى كۆتىرىپ) تىپىلىپ كەتمەك يەنە، ئاۋايلاپ مېڭىڭ! ئاشۇ تەرەپتە چىراق بار، يورۇقتىراق مېڭىڭ. (يولۇچىلار يىراقلاپ كېتىدۇ) سانگي، بوس غوجام چىراق-نى يوروغراق قىلىپ قويدىمۇ؟

سانگي: (ئويلىنىپ قالىدۇ، ئەمما قولىدىكى پۇلغا قاراپ قويۇپ ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا جاۋاپ بېرىدۇ) ھەئە يورۇتۇپ قويدى.

گىلموي: مەن دىمىدىممۇ، بوس غوجام بەئەينى تەڭرىنىڭ ئۆزى!
[بىر مەھەل جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ.]

بىتيا: سانگي! راستىنى ئېيتقىنا...

سانگي: (قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ) نىمە؟ راستىنى ئېيت؟ قايسى ئىشنى دەيسەن؟

بىتيا: خەقلەر، بۇ دۇنيا ئالدامچىلىق، قۇۋلۇق - شۇملۇق بىلەن تولۇپ - توشقان، كۆزنى شۇنداق ئېچىپ قارايدىغان بولسا، ھەممىسى ئايان بولىدۇ، دېيىشىدىكەن. بۇ گەپ راستمۇ؟

سانگي: (ھەم چۆچۈپ ھەم قورۇنۇپ) ياق... مەن بۇنى بىلمەيمەن!

راج: (قولىدا قاتلىما، مېڭىۋېتىپ سۆزلەيدۇ) تاغا، ئۇنىڭ كۆزى ساقايغىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىدى، قاراپ تۇر، ئەتىدىن باشلاپ بۇ دۇنيادىكى ھەر خىل، ھەر ياڭزا ئىشلار-نىڭ ھەممىسىنى بىزگە ئېيتىپ بېرىدۇ. شۇنداقمۇ سانگي! (سانگي ئۈن-چىقمايدۇ) ھەي، پۇلنى ساناپ باقتىڭمۇ؟

سانگي: ساناپ باقتىم.

گىلموي: (قولىدا قاتلىما، مېڭىۋېتىپ سۆزلەيدۇ) ھىلىقى سېنكا دىگەن بىر نەرسە، ھە دىسىلا پۇلنى توغرا سانىمىدىڭ دەپ بىزدىن ئەۋەن تاپقىلى تەييار تۇرىدۇ. ئەندى ئۇ قايتىپ كەلسە، سەندىن يەنە قانداق قىسرىق چىقىراركىن بىر كۆرۈپ باقايچۇ! ئەمدى ئۇ سېنىڭ توپ - توغرا سانىغىنىڭنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قالىدىغان بولدى - دە! ھا، ھا، ھا (سانگي ئۇچۇن پەخىرلىنىدۇ)

سىتا: (مېڭىپ سۆزلەيدۇ) ھە راس، سانگي! جەمئى قانچە پۇل ئىكەن؟
[سانگي ئەندى گەپ قىلاي دېيىشىگە، سېنكا بىر تور سومكىدا قاتلىما كۆتىرىپ چىقىدۇ.]

سېنكا: ۋاي - ۋۇي! بۈگۈن نىمە ئىش بولۇپ كەتتى؟ شۇنچە بالدۇر ئۇۋاقلارنى تېپىپ بوپسىلەرغۇ! ماۋۇ نىمە؟ تۈنۈگۈنكى قاتلىمىنىمۇ تېخىچە يەپ بولمىغان ئوخشىمامسىلەر؟ ئەمىسە بۈگۈنكىنى...

راج: بۇگۈنكىنى...

گۈلـموي: سەن لوقما سالماي تۇرە، سانگې ئۆزى دىسۇن!

سىنكا: (كۆرەلگەپ) هەي، سانگې؟ نەچچە كۈندىن بېرى سەن نەلەرگە باردىڭ؟ (مازاق قىلىپ) قەيەرلەرگە بېرىپ تائەت - ئىبادەت قىلىپ كۆزۈڭنى داۋالاتتىڭ! (كۈلگەن پېتى سانگېنىڭ قولىدىكى پۇلنى تارتىۋېلىپ، شاراقشىتىپ) پاھ! بۇگۈنكى تاپاۋىتىڭ خېلى جايىدىغۇ؟ (پۇلغا قاراپ كۆزى قىزىرىپ 4 سوملۇق، 8 سوملۇق پۇلنى تال-لىۋالىدۇ) بۇ نىمە؟ مۇشۇمۇ پۇل بولدىمۇ! سىلەر بىلەن ئالاقە قىلسا مۇشۇنداق ئاۋارىچىلىق! قارىماققا بۇ پۇل جىقتەك كۆرۈنىدۇ. بىراق ساناپ باقمىدىغان بولساڭ، ھېچقانچىلىك ئەمەس! (پۇلنى يەنە سانايدۇ)

سىتا: سىنكا سىنىڭ تۈنۈگۈن سىتىپ بەرگەن قاتلىما نانلىرىڭنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ قال-غان ئىكەنغۇ!

سىنكا: (ھاقارەتلەنگىنىگە چىدىماي) ساڭا ئېيتىپ قوياي، سىتا! ئۇنداق گەپنى قىلغۇچى بولما، مەن سىلەرگە ئېيتقانغۇ، بۇ يەر شەھەردىن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جاي. مەن سىلەرنى كونا چوپقەتلىرىم دەپ يۈزۈڭلارنى قىلىپ شۇنچىلا يىراق يولنى بېسىپ كەلدىم. ئۇقەت قىلىپ پۇل تېپىش دىگەن مۇشۇنداق بولامدۇ؟ ھىم، قەلەندەر-لەر بىلەنمۇ سودا - سېتىق قىلىدىغان ئىشمۇ؟

راج: (دەرغەزەپكە كېلىپ) نىمە دىدىڭ؟ بىزنى ئانداقچى قەلەندەر، ماندىقچە قەلەندەر دەپ ئەيىپلەپ ئۆزەڭنى - زە ساخاۋەتچى قىلىپ كۆرسەتمەكچىمۇ، سىنىڭ يىگەن - ئىچكەنلىرىڭ-نىڭ ھەممىسىنى بىز قەلەندەرلەر كوچىغا چىقىپ تىلەمچىلىك قىلىپ تېپىپ بەرمىدۇقمۇ!

سىنكا: (دەرغەزەپبىلەن)بىتيا ئاڭلىدىڭمۇ؟ راج نىمىلەرنى دەپ بىلجىرلاۋاتىدۇ؟ مەن سىلەر-نىڭ بۇ بۇتخانىدا تۇرۇۋاتقانلىقىڭلارنى كۆرۈپ ئىچىم ئاغرىپ خۇدا يولىدا سىلەرگە بىر ياخشىلىق قىلىپ قويۇشنى ئويلىدىم. شۇڭلاشقا باشقا خېرىدارلارغىمۇ قارىماي، ئاتايىتەن سىلەرگە بۇ قاتلىمىنى ئەكىلىپ بەردىم. بىراق بىرسىڭلار ئۇنداق دەيسلەر، بىرسىڭلار مۇنداق دەيسلەر... ئاخىرى كېلىپ مىنىڭ ياخشى نىيىتىمگە قايتۇر-غان جاۋابىڭلار مۇشۇ بولدىما؟

بىتيا: كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ سىنكا ئەپەندىم! ئۇ يەنىلا بالا ئەمەسمۇ!

سىنكا: بالادىگەن بالىدەك گەپ قىلىشى كېرەك - تە! قارىغۇ بولغاندىن كېيىن بۇنداق گەپ-لەرنى قىلىپ نىمە قىلىدۇ؟ سانگې، شۇنداقمۇ؟

[بۇ چاغدا سىنكا ئالدىراپ پۇل ساناۋاتقان بولۇپ چوڭ پۇللارنى ئىلغاپ يانچۇغىغا تىقىۋالىدۇ. سانگې بۇنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ گەپ قىلمايدۇ.]

راج: ھەي گەپ قىلساڭچۇ، ھەممىسى بولۇپ قانچە پۇل بوپتۇ؟

سىنكا: (مەسخىرە قىلىپ) ۋاي - ۋۇي، قانچە قېتىم سانىساڭمۇ توت رۇپىلى نەق تېيىـنغا توشمايدىغۇ!

گىلموي: بۇ قانداق بولغىنى؟ چوڭ يولغا چىقىپ بىر قېتىم تىلەش بىلەنلا...

سىنكا: (خاپا بولۇپ) گىلموي زادى سەن ھەمىشە مەندىنلا گۇمانلىنىسەنغۇ، بۇ 7 - قېتىم بولدى جۇمۇ! سەن...

سانگىپ: (تەمتىرىمەستىن) سىنكا ئەپەندىم، يەنە بىر ساناپ بېقىڭچۇ، زادى قانچە پۇلكەن!؟

سىنكا: (ئوكتەملىك قىلىپ) ساناۋېرىشنىڭ نىمە ھاجىتى! مېنى سانىيالمايسەن دەيسەن-لەيۇ، سىلەر ئۆزەڭلار قارىغۇ تۇرۇغلۇق قانداق سانىيالايسىلەر؟

راج: تۇفى! ئەبلەخ!سەن نىمە دەپ جويلۇۋاتىسەن؟ سانگىپ...

بىتيا: (ئىككىلىنىسگە هاي بېرىپ) ھەممىڭلار ئۆيگە كىرىپ كېتىڭلار، گەپنى ئاڭلاڭلار - ھە، بۇ ئىشنى سانگىپ ئۆزىلا بىر تەرەپ قىلسۇن! مېڭىڭلار كىرىپ كېتىڭلار، ھەممىڭلار كىرىپ كېتىڭلار!

[كۆپچىلىك بۇتخانىغا كىرىپ كېتىدۇ. سىرتتا پەقەت سانگىپ بىلەن سىنكا قالىدۇ. سانگىپ سىنكانىڭ 4 ئانىنالىق ۋە 8 ئانىنالىق پۇللارنى ئېلىۋاپ يانچۇغىغا سېلىۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىدۇ.]

سانگىپ: سىنكا! ئەمدى ئېيتىپ باققە، ھەممىسى زادى قانچە پۇل؟

[سانگىپ بىلەن سىنكا بىر - بىرسىگە تىكىلىپ تۇرۇشىدۇ. سىنكا سانگىپنىڭ كۆرەلەيدىغانلىغىنى ئەمدىلا بايقاپ بىردىنلا چۆچۈپ كېتىدۇ.]

سىنكا: سانگىپ! سەن... سەن... (قاتتىق قورققىنىدىن ئاۋازى تىترەپ كېتىدۇ)

سانگىپ: ھە، ئەمدى مەن كۆرەلەيدىغان بولدۇم، قانداق؟ بايا تىن سەن قانچە پۇل دىگەن ئىدىڭ؟

سىنكا: بايا توت رۇبلى دىدىمغۇ، ماۋۇ مەن سوقۇۋالغان ئالتە رۇبلىدىن توت رۇبلىنى مەن ئالاي، ئىككى روبلىنى سەن ئال، قانداق؟

سانگىپ: (غەزەپلىنىپ) سىنكا! سەن ئۆزەڭگە ئىشەنگەن ئادەمنى مۇشۇنداق ئالدامسەن؟

سىنكا: ئەگەر ئۆزىگە ئىشەنگەن كىشىنى ئالدىيالمىسا، ئۇنى قانداقمۇ ئالدامچىلىق دىگىلى بولسۇن! سۆزۈمگە قولاق سال سانگىپ، ئۇتكەن ئىشقا سالاۋات، كونا خامانىنى سورۇپ نىمە قىلىمىز؟

سانگىپ: ئاغزىڭنى يۇم، خۇمپەر! سېنى تېخى ھېچنىمە قىلغىنىم يوققۇ! ئەگەر سەن يولۇڭنى توغرىلاپ، كونا ھىساۋاتلارنى ماڭا تاپشۇرمايدىكەنسەن... قارنىڭنى يېرىپ تاشلايمەن! ئەسكىلىك قىلىپ تاپقانلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ماڭا قايتۇرىسەن!

سىنكا: ئاللا! مەن قانداقمۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا قايتۇرالايمەن؟

سانگىپ: قايتۇرالمامسەن؟ كەل، مەن ساڭا قايتۇرۇشنى ئۆگىتىپ قوياي! (سىنكانىڭ گېلىنى بوغۇپ تارتقۇشلايدۇ.)

سىنكا: (يىغلامسىراپ) يائاللا، پەرۋەدىگارىم!، مەن ئەمدى چۈشەندىم، ئەگەردە سەندەكلەرنىڭ كۆزى كۆرىدىغان بولسا، دۆلىتىمىز ئۈچۈن بەكمۇ خەۋپلىك ئىكەن!

سانگىپ: شۇنداقمۇ تېخى! (ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى ئۇرماقچى بولىدۇ)

سىنكا: ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ بىر ئاز پۇلنى چاڭگىلىغا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. دەل بۇ چاغدا بۇتخانىنىڭ ئىچىدىن بىتيانىڭ «سانگىپ» دەپ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ) ھەي،

بىتيا! مەن ھىساۋاتىنىڭ ھەممىسىنى سانگېغا ئۆتكۈزۈپ بەردىم، بۇندىن كېيىن سانگى سىلەرنىڭ ھالىڭلاردىن تازا ياخشى خەۋەر ئالىدۇ! (سانگېغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، كېتىۋېتىپ سۆزلەيدۇ) بۇگۇن ئىلاھەگە بىر تاۋاپ قىلىۋالاي — ئى ئىلاھىم! مېنى جەۋرى - زۇلۇمدىن قۇتقۇزغايسەن! ئى ئىلاھىم! (سۆزلىگەچ بۇتخانىغا كىرىپ كېتىدۇ)

بىتيا: (گىلموي بىلەن سۆزلىشىپ چىقىدۇ) ئۇكام گىلموي! سېنكانى ئۇنداقچى - مۇنداقچى دېسەڭ قاملاشمايدۇ. ئۇ بەش يىلدىن بېرى بىزنىڭ ھالىمىزدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. سانگېنىڭ كۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلدىغان چاغدىمۇ ئۇ بىزگە پۇل ئۆتنە بەردى. قەرزنى قايتۇرغاندا ئۇ ھىساپنى توغرىلاپ ئارتۇق پۇلىمىزنى قايتۇرۇپ بەردى! مانا ئەمدى سانگېمۇ ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتىدۇ. شۇنداقمۇ، سانگې؟

سانگى: ھەئە، شۇنداق!

[دەل بۇ چاغدا سىتا بۇتخانىدىن چىقىۋېتىپ سانگې تاشلىۋەتكەن قاتلىمىغا دەسسەپ سېلىپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ. سانگې ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ھېچنىمە دېمەيدۇ.]

سىتا: بىتيا، سانگېنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەسقۇ دەيمەن. ئۇنىڭ ئۆرە تۇرغۇچىلىگىمۇ يوقتەك قىلىدۇ.

بىيتا: قالغان گەپنى ئەتە قىلىشايلى، سانگې كىرىپ ئۇخلايلى.

[سانگې ئۈنچىقمايدۇ.]

سېنكا: (بۇتخانىدىن چىقىپ) مۇشۇ يەردە ئۇخلامسىلەر؟

بىتيا: ئەمىسە نەدە ئۇخلىساق بولار سېنكا ئەپەندىم!

سېنكا: ئۇ مۇشۇ سېسىق ئازگالدا، ئەخلەت ساندۇغىنىڭ قېشىدا ئۇخلامدىكەنمەن، دەپ غەم - ئەندىش قىلىۋاتىدۇ. قانداق، توغرا ئېيتىممۇ سانگې؟

گىلموي: (ئالدىغا چىقىپ) يولۇڭغا ماڭ! سانگې مۇشۇ يەردە ئۇخلاۋېرىدۇ! ئون يىلدىن بۇيان مۇشۇ يەردە ئۇخلىغان. بۇ يەر ئۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى جاي ئەمەس!

سېنكا: ئۇ كۆزى قارىغۇ ۋاقتىدىغۇ سىلەر بىلەن بىللە مۇشۇ ئەخلەتخانىدا كۈن ئۆتكۈزگەن، ئەمدى ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلدى. دۈۋلىشىپ كەتكەن ئەخلەتلەرنى، توپ - توپ بولۇپ ئۇچۇپ يۈرگەن چىۋىنلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ بۇ يەردە ئۇخلاشقا ھازىر ئۇنىڭ كۆڭلى كۆتىرەمدۇ؟ قانداق دېدىم، سانگې؟

سىتا: سېنكا ئەپەندىم، سىز بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلاشمىسىڭىز بولارمىكىن! سانگېنى بىز خېلى ئوبدان چۈشىنىمىز.

سېنكا: ھىم! بۇ سارالڭ قىزنىڭ دەۋاتقان گېپىنى قارا! سىلەر قارىغۇ چاغدىكى سانگېنى چۈشەنگەنسىلەر بىلەن مەن ھازىرقى كۆزى ئېچىلغان سانگېنى سىلەردىن ياخشىراق چۈشىنىمەن! ھەتتا ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىنىمۇ چۈشىنىمەن. ئۇنىڭ سىلەر بىلەن بىللە بۇ يەردە تۇرۇۋەرگىنىنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئەگەر ئۇ خالىسىلا ھازىر شە-

هەرگە كىرىپ خان ـ پادىشالاردەك ئەڭ ئېسىل ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ، كۈنىنى ئوبدان ئۆتكۈزەلەيدۇ!

راج: ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي، سىنكا! ئاۋادا سەن سانگىپنى بىزدىن ئايرىۋەتمەكچى بولىدىكەنسەن، جېنىڭغا ھېزى بول ـ ھە!

سىنكا: ئايرىلمايمىز؟ ئەمىسە مۇشۇ سېسىق ئازگالدا كۈن ئۆتكۈزسە بولامدۇ؟ بارە نېرى، دىۋانە!

[راج سىنكاغا ئېتىلىدۇ، سانگىپ ئۇنى توسىۋالىدۇ.]

سانگىپ: قولۇڭنى تارت! باشقىلارنىڭ سۆزىنىمۇ بىر ئاڭلاپ باقساڭ بولمامدۇ! خەقنىڭ سۆزى ئورۇنلۇقمۇ، قانداق، ئويلىنىپ كۆرۈش لازىم ـ دە!

سىتا: سانگىپ!

سانگىپ: سىتا، سەن تېخى ئۇقمايسەن!مەن كورگىنىمنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمەن! ھازىر مېنىڭ ئىچىم سىقىلىپ زادى چىدىيالمايلا كەتتىم! ئەپسۇسكى، سىلەر ئۆزەڭلار ياشاۋاتقان بۇ جاينىڭ نەقەدەر پاسكىنا ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيسىلەر ـ دە!

سىتا: (ئازاپلىنىپ) شۇنداق، سانگىپ! بىز بۇنى چۈشەنمەيمىز ھەمدە چۈشىنىشنىمۇ خالىمايمىز!

سانگىپ: بىراق مەن چۈشىنىمەن! مانا ماۋۇ ئەسكى بورا، ماۋۇ مەينەت پەتنوس...

راج: بىراق، نەچچە يىللاردىن بۇيان سەن تاماق يەۋاتقان تەخسە مۇشۇ شۇغۇ!

سانگىپ: ئۇنى ئويلىسىغۇ ئادەمنىڭ ياشىغىسىمۇ كەلمەيدۇ!

گىلموي: ياشىغىسى كەلمەيدۇ؟

سانگىپ: ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ بىر يەردە ئەخلەت ساندۇغى، يەنە بىر يەردە سېسىق ئازگال! بولدى، مەن بۇ يەردە ياتمايمەن، مەن بۇ يەردە تۇرمايمەن!

[راج ئۇنى توسايدۇ، سانگىپ راجنى ئىتتىرىۋېتىدۇ.]

راج: مەيلى سانگىپ، كەتسەڭ كەتكىن! قەيەرگىلا بارساڭ، خوشال ـ خورام، بەختلىك ئۆتۈشىڭگە تىلەكداشمەن! سانگىپ ئەمىسە ماڭغىن، رىيال دۇنيانى بىز كۆرەلمەيمىز، سەن كۆرەلەيسەن! يولۇڭ بولسۇن! (سۆزلەۋېتىپ يىغلايدۇ)

گىلموي: سانگىپ، نېمىشقا كېتىسەن؟ كۆزۈڭ ساقىيىشى بىلەنلا بىزنى تاشلاپ كېتەمسەن، سانگىپ؟ (سىنكا سانگىپنىڭ قولىدىن تارتىپ ماڭىدۇ) سانگىپ!! (ئۈنلۈك توۋلايدۇ)

سىتا: (ۋاقىراپ) سانگىپ! (بىتىياغا) تاغا! سانگىپ كەتمەكچى بولىۋاتىدۇ. سەن ئۇنىڭغا بىر نەسىھەت قىلساڭچۇ! تېز بولغىنا، تاغا!

بىتيا: ھەي، ئەخمەق! نېمىگە يىغلايسەن؟ سەن ئۇنىڭ ياخشىراق كۈن كۆرۈشىنى ياقتۇرمامسەن؟

سىتا: تاغا! بۇنداق دېسەك بولمايدۇ! بۈگۈنگە قەدەر بىز بەشىمىز خۇددى بىر ئائىلىدەكلا ئىنتايىن ئىناق ئۆتتۇق، ئەمدى ئارىمىزدىن بىرەيلەن كېتىپ قالسا قانداق بولغىنى؟ تاغا، سەن ئۇنى توختىتىۋالغىنا!

بىتىيا: (كۈلۈپ) مەيلى ئۇ قەيەرگىلا بارسۇن، بەرىبىر بىزنىڭ ئادىمىمىز، بىزنى دائىم ئەسلەپ تۇرىدۇ! ئۇ ھازىرچە كېتىپ قالغىنى بىلەن كەلگۈسى ھامان يەنە قايتىپ كېلىدۇ، چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ! سەن نېمانچە بىئارام بولۇپ يۈرۈيسەن؟ بولدى، يىغلىما!

[چىراق ئۆچۈپ سەھنە قاراڭغۇلىشىپ، يەنە قايتا يورۇيدۇ. بىتىيا، گىلمەوي، راج، سىتا بىر تەرەپتە تۇرىدۇ. سانگې خېلى پۇزۇر كىيىنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گەۋدىلىك كۆرۈنىدۇ.]

سانگې: بېگىم، مەن نەگىلا بارماي، ھامان مۇشۇلارنىڭ ئادىمى! ئۇلارغا بەرگەن پۇل ماڭا بەرگەنگە ئوخشاش، بېگىم بىر ئاز سەدىقە قىلسىلا! ماۋۇ قارىغۇلارغا شەپقەت قىلسىلا! ماۋۇ دەرتمەن بىچارىلەرگە شاپائەت قىلسىلا! ئازراق سەدىقە قىلسىلا بېگىم!

(ئىككى قولىنى سوزۇپ پۇل تىلەپ ئالغاندەك ھەركەت قىلىدۇ، ھەممىدە كىشىلەر ئۇنىڭغا پۇل تاشلاپ بېرىۋاتقان سىياقتا بېشىنى لىڭشىتىپ رەھمەت ئېيتىدۇ)

[تۇۋەندىكى سۆزلەر ئۈنلۈك دېيىلمەستىن، ھەركەت بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ.]

سانگې: بىز سىلىنىڭ شاپائەتلىرى بىلەن مۇشۇنچىلىك ياشاۋاتىمىز. بىر دانە تەڭگە ئىلتىپات قىلسىلا، بىزنىڭ بېشىمىزنى سىلاپ قويسىلا! خۇدا يولىدا رەھىم قىلسىلا! بىر تەڭگە ئىلتىپات قىلسىلا، پەقەت بىر تەڭگە سەدىقە بېرىۋەتسىلە! (قولىدىكى بىر سىقىم پۇلنى يانچۇقىغا سالغاندەك ھەركەت قىلىدۇ. بىر نەرسىلەرنى دەۋاتقاندەك ئاغزىنى مىدىرلىتىدۇ ـ يۇ، لېكىن ئاۋازىنى چىقارمايدۇ)

بىتىيا: ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىگە زادىلا ئىشەنگىم كەلمەيدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ تۇرغان راستىنلا سانگېمۇ؟

راج، بىز ئۇنىڭ كۆزىنى داۋالىتىپ ساقايتىپ قويدۇق ئەمەسمۇ!

گىلمەوي: ئۇ باشقىلارنى ئەپلەشكە بەك ئۇستا جۇمۇ!

سانگې: ئازراق سەدىقە قىلسىلا! ماۋۇ كۆزى ئاجىزلارغا ئازراق شاپائەت قىلسىلا! ھەممىمىز خۇدانىڭ بەندىسىغۇ، ماۋۇ قوۋمە ـ قېرىنداشلارغا رەھىم قىلىپ ئازراق سەدىقە بەرسىلە! (بىرسىنى ئۇزىتىۋاتقاندەك ھەركەت قىلىدۇ)خوجام، ئاياقلىرىغا باش قويا ي! خۇدا ئۆزلىرىنى ئامان قىلسۇن!

[سانگې خوش بولۇپ كېتىپ قول ياغلىقىنى يەرگە سېلىپ، يانچۇقىدىكى پۇللارنى توكۈپ سانايدۇ.]

راج: بۈگۈن سېنىڭكا دېگەن نەرسە، پۇلنى ساناۋېرىپ بېشى ئېلىشىپ كەتتىغۇ دەيمەن!

سانگې: سېنىڭكا بۈگۈن كەلمەيدۇ!

گىلمەوي: نېمە دېدىڭ؟

سانگې: ئەمدى كەلمەيدىغان بولدى!

بىتىيا: نېمىشقا؟

سانگې: مەن ئۇنى كەلمە دېدىم؟

راج: سانگې، سەن نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن!

سانگې: ئۇ بىزنىڭ ئارىمىزغا قىسىلىۋېلىپ نېمە قىلىدىكەن؟ ئۇنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىنى مانا مەن قىلىۋاتامدىمەن!

گىلموي: دۇرۇس، دۇرۇس، بۇمۇ ئوبدان بولدى. تاپقان پۇلىمىز باشقىلارنىڭ چۆنتىكىگە چۈ-شۈپ كەتكەندىن كۆرە، ئۆز ئادىمىمىز تۇتقىنى تۈزۈك.

سانگې: بولدى، سىلەر قايتىپ ئۇتخانىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن بېرىپ قاتلىما ئېلىپ كېلەي.

بىتيا: يۈرۈڭلار، يۈرۈڭلار.

سانگې: (پۇللارنى يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ) بۈگۈن بۇ 25 رۇبلىنى مەن ئۆزەم يالغۇز گەپ سېتىپ تاپتىم، ئاۋۇ ئىت ئەمگەن قارىغۇلار ئازراقمۇ ئەسقاتمىدى!

[سانگې ماڭماقچى بولۇپ تۇرىۋاتقاندا سىتانىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ توختاپ قالىدۇ. قالغانلار مېڭىۋېرىدۇ.]

راج: تاغا! سەن سانگېنىڭ تەرىپىنى بەك قىلىپ كېتىۋاتىسەن، بىراق ئۇنىڭ ھەربىر قىلىقلىرى ماڭا غەلىتىلا كۆرۈنىدىغۇ.

گىلموي: بىتيا تاغا، شۇنى دېمەمسەن!

بىتيا: مېنىڭچە بولغاندا، بىز ئۆز ئېغىرچىلىقىمىزنى سانگېغا ئارتقان ئىكەنمىز، ئەمدى بىز ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇشىمىز كېرەك. بىز بىلمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلار-نى سانگې بىلىدۇ! ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىز ئىنچىكىلەپ سۈرۈشتۈرۈپ نېمە قىلىمىز؟ ئۇ ھامان بىزنىڭ ئۆز ئادىمىمىز ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمايلى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەممىمىزنىڭ كۆزى ئاجىز ئەمەسمۇ! مېڭىڭلار بۇرادەرلەر! (ھەممەي-لەن ئالدى تەرەپكە ماڭىدۇ)

سانگې: (پۇلنى ساناپ بولۇپ) بۈگۈنكى بۇ 25 رۇبلىنى پۈتۈنلەي ئۆز ئەمگىكىم بىلەن تاپتىم. ئاۋۇ قارىغۇلار نېمىگە ئەسقاتتى؟

[سانگې ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، سىتا ئالدى تەرەپتىن چىقىپ كېلىدۇ.]

سىتا: قاتلىمىنى ئەكەلدىڭما؟

سانگې: ئەكەلدىم. يەۋالغىن!

سىتا: باشقىلار قېنى؟

سانگې: ھىلىراق كىرىپ كېتىشتى، سەنمۇ كىر يۈگۈر!

سىتا: سانگې بۈگۈن قوسۇغۇم بەك ئېچىپ كەتتى جومۇ، تېزراق ماڭە، كىرىپ قاتلىما يەيلى!

سانگې: بولدى، ئۇ قاتلىماڭنى قوي! مەن ساڭا ئېسىل مىۋە بېرىمەن!

سىتا: قانداق نەرسە ئۇ؟

سانگې: بەك تاتلىق نەرسە.

سىتا: ئەمىسە سەن بېرىپ ئەكەلگىنە، ھەممىز تېتىپ باقايلى.

سانگې: ھەي، ئەخمەق قىز! مەن ئۇنى ساڭىلا ئاتاپ تەييارلاپ قويدۇم. قالغان رودسپايلار بىلەن كارىم نېمە!

سىتا: سانگىپ!

سانگىپ: سىتا، سېنى كۆرسەملا، ئەگەردە مېنىڭ كۆزۈم ئوچۇق بولماي قېلىپ، سېنىڭ مۇشۇ جامالىڭنى كۆرەلمىگەن بولسام ئۇنداقتا نەقەدەر ئېچىنىشلىق ئىش بولغان بولاتتى، دەپ ھېس قىلىمەن! مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، گۈزەللىك، چىرايلىق دېگەنلەرنىڭ مەن ئۈچۈن نىمە ئەھمىيىتى بولسۇن! سىتا، نىمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟ مە، ئالە بۇ قاتىلىمنى، مەن بېرىپ مىۋە تېپىپ كېلەي.

[سىتا قاتىلىمنى ئالماقچى بولۇپ قولىنى ئۇزىتىشىغا سانگىپ كاپ قىلىپ ئۇنىڭغا ئېسىلىدۇ.]

سىتا: سانگىپ!

سانگىپ: مەدىنىيەتلىك ھايات كەچۈرۈشنى بىلىشىڭ كېرەك! (گەپ قىلىۋېتىپ سىتانى تارتقۇشلايدۇ. سىتا يىغلاپ قاخشاپ تىللايدۇ)

سىتا: ماڭ! نېرى كەت! ھالبۇكى، سېنىڭ مەدىنىيەتلىك ھاياتىڭ مۇشۇمۇ؟ (سىتا يولغۇنۇپ چىقىپ قاچىدۇ. سانگىپ قاقاقلاپ كۈلىدۇ)

[چىراق ئۆچۈپ سەھنە قاراڭغۇلىشىدۇ. سۈكۈتتىن كېيىن سەھنە قايتا يورۇيدۇ.]

[سانگىپ بۇرۇنقىدىنمۇ پۇزۇر كىيىنىۋالغان بولۇپ، ئىسىل بىر ھاسا تۇتىۋالغان، يول ئۇستىدە ئىككى نەپەر ساھىل تىك تۇرىدۇ. ئۇڭ تەرەپتە بىتىيا، گەمەوي، راج ئولتۇرىدۇ. يول بويىدا تۇرغانلارھېلىقى ئىككى نەپەر ساھىل يالغاندىن قارىغۇ بولىۋالغان.]

كاجا: ئەپەندىم! بېگىم! قوساقنىڭ ئاچلىقىدىن ئۆرە تۇرغىچىلىك مادارىمىز قالمىدى. ئازراق شاپائەت قىلسىلا، بىزدەك كۆزى ئاجىزلارغا رەھىم قىسىلا! بىزنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلمەسلىكىمىز ئۈچۈن ئېشىپ قالغان ئاش - نانلىرىدىن بىر چىشلەم بەرسىلە. ھەرقايسىلىرىنىڭ بىزگە ئىچلىرى ئاغرىسۇن!

جىگو: بېگىم، ئازراق سەدىقە قىلغايلا! بىزگە رەھىم قىلغايلا!

سانگىپ: (ھاسىسى بىلەن جىگونىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ) ھۇ ئەبلەغ! ئۇنىلۇك ۋاقىرىمامسەن؟ ئەتتىگەن ئىككى دانە قاتلىما يىدىڭ، چايمۇ ئىچتىڭ، كەچتە يەنە ئىش ھەققىڭ ئۈچۈن ئىككى رۇبلى ئالىسەن، ئىش قىلىشقا كەلگەندە، ھورۇن ئىشەكتەك تاياق يىمىگىچە ھېچبىر كۈچىمەيسەن! چاققان بول! توۋلا! (يەنە ئۇرىدۇ) ئەنە، ئادەم كېلىۋاتىدۇ. كۆزۈڭنى چىڭ يۇمۇپ گەپ قىل!

جىگو: ئەپەندىم! بېگىم!

[ئەمدى ئۇنى ئۇن چىقارماستىن گەپ قىلىۋاتقان سىياقتا ھەركەت قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. سانگىپ بىر ياندا تاماكا چېكىپ تۇرىدۇ. ئۇ بەزى كىشىلەرنىڭ سەدىقە بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ.]

راج: بۇ بىزگە نىمە دىگەن تارتقۇلۇق، تاغا! بۇرۇن گەرچە يەيدىغىنىمىز ناچار بولسىمۇ، ھالال ۋە خاتىرجەم ياشايتتۇق. ئەمدى سانگىپ دىگەن بۇ جۇۋايىنمەك بىزنى ئىككى پولغا يارىماس قىلىۋەتتىغۇ!

گىلموي: بىز مۇشۇنداق ھېرىپ - چارچاپ كەتسەكمۇ يەيدىغىنىمىز كۆكۈرۈپ قالغان نان، ئىچىدىغىنىمىز ھۇيت دېسە قۇيت دەيدىغان شوگىرۈچ، تۇفى!

سانگىپ: (قىستاپ بېرىپ) ھۇ، خۇمپەر نېمە دەۋاتىسەن! ئۆپكەڭنى ھېچ بېسىۋالالمايسەنغۇ؟ ئاغزىڭغا كەلگىنىچە ۋالاقشىۋېرىپ، خېرىدارلارنىڭ ھەممىسى كېتىپ قالدى! بۇرۇن سەنلەر جايىڭدىن قىمىرلىماي مۆگدەك قاراپ ئولتۇرۇشۇپ، بىر ئېغىز گەپ قىلىشمايتتىڭ! كالۋالار! مەن ئامالسىز ئاخىرى ئادەم ياللاشقا مەجبۇر بولدۇم، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىدىن تاشقىرى يەنە يېمەك - ئىچمىكىنىمۇ مەن كۆتىرىمەن!

بىتيا: سەن تولا تۇز كورلۇق قىلما!

سانگىپ: شۇنداق، تۇغرا ئېيتتىڭ، سەنلەرنى ھېچقانداق ئىشقا سالماي قوساقلىرىڭنى بېقىۋاتىمەن. مانا بۇ مېنىڭ تۇز كورلۇغۇم، شۇنداقمۇ؟

راج: لېكىن سەن بىزنىڭ ياردىمىمىز بىلەن بۈگۈنكىدەك كۈنگە ئېرىشكەنلىگىڭنى، كۆزۈڭنى بىزنىڭ داۋالاپ ساقايتقانلىغىمىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭ...

سانگىپ: تىلىڭنى تارت! نومۇس قىلماي مۇشۇ گەپنى قىلىۋاتامسەن! مېنىڭ كۆزۈمنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولغان بىلەن، سەنلەرنىڭ كۆزلىرىڭنى ھەرقانچە داۋالىغان بىلەنمۇ بەربىر ساقايمايدۇ. مېنىڭ مۇشۇ بىر جۈپ كۆزۈم بولغانلىغى ئۈچۈنلا ھازىرقىدەك ئادەم بولالىدىم، يۇقۇرىغا ئۆرلىيەلىدىم، بايلىققا ئېرىشەلىدىم! لېكىن مەن يەنىلا رەھىمدىل ئادەممەن. شۇڭا سىلەرنىڭ غېمىڭلارنى يەپ، سىلەرنى ھېچبولمىغاندا ئوماچ ئىچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدىم. بۇرۇن دېگەن تاپساڭلار يەيتتىڭلار، تاپالمىساڭلار ئاچ قالاتتىڭلار، مانا ھازىر كۈندە ئوماچ ئىچىسىلەرغۇ! سىلەر ئەمدى مۇشۇ كۈنۈڭلارغا شۈكرى قىلىپ، خۇداغا ھەمدۇ - سانا ئېيتىساڭلار!

بىتيا: بولدى، بىزنىڭ ئىشىمىز بىلەن كارىڭ بولمىسۇن! مەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، سېنىڭ كاززاپلىق بىلەن خەلقى - ئالەمنى ئالدايدىغانلىغىڭنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ ۋىجدانسىزلىق!

گىلموي: سېنىڭ ئەمالارنىڭ نامىنى دەستەك قىلىپ پۇل تېپىشىڭمۇ ناھايىتى چوڭ گۇنا!

سانگىپ: (قاقاقلاپ كۈلۈپ) ناھايىتى چوڭ گۇنا! ئەگەر سەن بۇ دۇنيانى كۆرەلىسەڭ ئىدىڭ، ئۇنداقتا بۇ خىل ئاخمىقانە گەپلەرنى قىلمىغان بولاتتىڭ! ھازىرقى بۇ جاھاندا بىر دو خىزمەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، قانچىلىك ھىلە - نەيرەڭ ئىشلىتىدىغانلىغىنى، قانچىلىك باش قاتۇرۇشقا توغرا كېلىدىغانلىغىنى سىلەر چۈشەنمەيسىلەر! بۇ يەردە گەندىرا ئىزدىمىغا تايىنىپ جان باقىدىغان شايكىلاردىن قانچىسى بارلىغىنى بىلمەيسىلەر!

بىتيا: سانگىپ سەن قالتىس ئۆزگىرىپ كېتىپسەن جۇمۇ!

راج: تاغا، بۇندىن بۇرۇن سىزگە شۇنچە دېسەم ئاڭلىمىدىڭىز ئەمەسمۇ! يۈرۈڭ كېتەيلى! ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ كارىمىز نېمە؟ (دەس تۇرىدۇ)

گىلموي: بىز سىنى گۇنايىغا تۆۋە قىلىپ يىغلىۋاشتىن ئادەم بولۇپ قالار، دەپ چوڭ ئۈمىت كۈتكەن ئىدۇق. قارىغاندا ئەمدى سەن ئۆزگەرمىگىدەكسەن. زادى ئۆزگەرمىگىدەكسەن!

[ھەممىسى بۇتخانىدا تەرەپكە ماڭىدۇ. سانگې قاقاقلاپ كۈلىدۇ. كاجا بىلەن جىگو ئۇنىڭ قېشىغا كېلىدۇ.]

جىگو: غوجام، ساخاۋەتچىلەرنىڭ ھەممىسى كەتتى.

سانگې: شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنىكى جىگو! باشقا ھەر قانداق ساھىبلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىگە قەتئىي رۇخسەت يوق! بۇتخانىنىڭ ئەتراپى ماڭا تەئەللۇق، ئۇقتۇڭمۇ؟

كاجا: بىراق غوجام! ماۋۇ يان كوچىدىكى خوجايىن قەلەندەرلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ ياققا ھەيدەۋاتىدۇ. مەن ئالدىنقى كۈنى مۇشۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچسام ئۇ ماڭا: «ئەگەر سىلەر بۇنداق قىلىشنى يەنە داۋاملاشتۇرىدىغان بولساڭلار، شەھەر باشقۇرۇش نازارىتىگە ئۇستۇڭلاردىن ئەرز قىلىمەن. ئۇلار سىلەرنىڭ شەھەردە تىلەمچىلىك قىلىشىڭلار قانۇنسىزلىق دەپ ئېلان قىلىدۇ - دە، سىلەرنىڭ كەسپىڭلار مەڭگۈ يەقىلىدۇ!» دەۋاتىدۇ.

سانگې: بۇنداق گەپلەرنى قىلغان قايسى ئەبلەخ!؟ ئۇنىڭ شۇنچىۋالا بىلگىسى بارمىكەن؟ بۇ زىمىن مېنىڭ! خەلقنىڭ زىمىنى! كىشىلەرنى ساھىبلاردەك ھايات كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ كاراماتىمىزنى كۆرسىتىپ قويۇشقا ھازىرلىنىشىمىز لازىم. ئۇلارنىڭ ئەركىن ھالدا تىلەمچىلىك قىلىش ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن، زورۇر تېپىلغاندا، ئادەم ياللاپ، ئاچلىق ئېلان قىلىپ ئۆزىمىزنىڭ «قامال قىلىش» پىلانىمىزنى ئىجرا قىلىمىز! ھەممە كىشىلەرگە پۇل تارقىتىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئاپتوموبىللارغا ئوت قويۇش، تومۇريوللارنى بۇزۇپ تاشلاش ۋە ئىش تاشلاشقا كۈشكۈرتۈپ، ئاخىرىدا كەڭ كۆلەملىك ھەركەت ئېلىپ بارىمىز. ئېھتىمال بۇ قېتىملىق ھەركەت جەريانىدا گۇناسىز پۇقرالار جېنىدىن جۇدا بولۇشى، نارەسىدە مەسۇم قىزلار ئاياق - ئاستى قىلىنىپ خورلىنىشى تۇرغان گەپ. بىراق بۇ ئىشلار بىزنىڭ كۆزلىگەن نىشانىمىزغا يېتىشتە قىلچىمۇ تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ئەگەردە زورۇر تېپىلغاندا ھىندىستان ساھىبلار ئىتتىپاقى» قۇرۇپ، پايتەختتە بىر ۋەكىللەر ئۆمىگىنى تۇرغۇزىمىز. پارلامېنت ئىچىدىمۇ ئەبىدى ھالدا قەلەندەرلەر ئۈچۈن بىر كىشىلىك ئورۇن ئىگىلەيمىز. كىشىلەر ئاددىمىساقتىن تارتىپ قارىغۇ ھەم قەلەندەرلەر سىياقىدا ھايات كەچۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگە. ئەمدى بۇنى مۇستەھكەملەپ داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. ئەگەر بۇ ئىشىمىز ئەمەلگە ئاشمىسا، بۆلۈنۈپ چىقىپ ھاكىمىيەت ئىگىلەپ، قەلەندەرلەر دۆلىتى قۇرىمىز. بۇنداق ۋىجدانىنىڭ ئەتىۋارى يوق مەملىكەتتە چاكىنا ئەسەر يېزىشنى خالايدىغان يازغۇچىلارنى تېپىش ناھايىتى ئاسان. بىز ئۇلارغا پۇل بېرىپ «قەلەندەرلەر دولىتى توغرىسىدا قەسىدە» يازدۇرىمىز. شۇنىڭ بىلەن يەنە دىكلاماتسىيە سورۇنى ئۇيۇشتۇرۇپ بولۇ-

AltunOq

شىغا چۇقان سالدۇردەمىز! (سۆزلىگەنسېرى بەك ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ ۋە خىرشاللىقىنى باسالماي قاقاقلاپ سۆرۈن كۈلىدۇ)

جىڭگو كاجا: (بىرلىكتە) ياشىسۇن قەلەندەرلەر ئىتتىپاقى! ياشىسۇن قەلەندەرلەر دۆلىتى! (ئىككىسى بىللە چىقىپ كېتىدۇ؟)

[سانگې يانچۇغىدىن بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئېلىپ ئۇنىڭغا قارايدۇ. شۇ ئەسنادا ستتا يادىغا كېلىپ قېلىپ ئۆزىچە «ستتا!» دەپ توۋلىغىنىچە ئالدى تەرەپكە ماڭىدۇ.]

[چىراق ئۆچۈپ سەھنە قاراڭغۇلىشىدۇ. سۈكۈتتىن كېيىن سەھنە قايتا يورۇيدۇ. سەھنىدە ستتا پەيدا بولۇپ ئەخلەت تۆكمەكچى بولىدۇ.]

سانگې: ستتا، ھوي، ستتا! سەن بۇ يەردىكەنسەنغۇ؟ مەن ساڭا گۈل ئېلىپ كەلدىم، كەل قىسىپ قويىاي!

ستتا: ۋىيەي، مەن بىر ئەما تۇرسام، گۈل تاقاپ نىمە قىلىمەن؟

سانگې: (كۈلۈپ تۇرۇپ) بۇ گۈلنى ئۆزەڭ ئۈچۈن ئەمەس، ھىلىقى كىشىنى خوشال قىلىش ئۈچۈن تاقايسەن. سەن ئەما بولغىنىڭ بىلەن دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئەما ئەمەس - دە! ھىم، تاقامسەن قانداق؟ (گۈلنى ستتانىڭ بېشىغا تاقاپ قويىدۇ)

ستتا: (ئۇنىڭ ھاراق ئىچكەنلىگىنى بىلىپ گۈلنى يەرگە تاشلىۋېتىدۇ) سانگې، سەن مۇشۇنچىۋالا پەسكەش بولۇپ كەتتىڭما!

سانگې: (كۈلۈپ) پەسكەشمۇ، ئەمەسمۇ، سەن بۇنى ئۇقامسەن؟ ستتا! ئون يىلدىن بۇيان مەن سېنىڭ قولۇڭدا تۇز يىدىم. بۈگۈن مەن ساڭا ھەمرا بولوپ بىللە ياتاي، ماڭ، يۈرە! (ستتانى كۈچەپ سۆرەيدۇ)

ستتا: (ئازاپلىنىپ يىلىنىدۇ) سانگې! بىز ھازىر ئاللانىڭ نەزىرى چۈشكەن مۇقەددەس جايدا تۇرۇۋاتقىنىمىزدا شۇم نىيەتلىك قىلىشاق بولمايدۇ!

سانگې: ئىبادەتخانا؟ (قاقاقلاپ كۈلىدۇ) ستتا! بۈگۈن - ئەتىنىڭ ئىچىدە تېخى مۇشۇ ئىبادەتخانا بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدىكى تەڭرىنىمۇ قوشۇپ بىللە سېتىۋالىمەن! چۈشەندىڭمۇ؟

ستتا: (قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ) تەڭرىنى؟

سانگې: شۇنداق، شۇنداق! بۇنىڭ نىمە يامىنى بار؟ بىز ئىككىمىزدە ھامان بىر تەڭرى بولۇشى كېرەك. بۇندىن بۇرۇن مەن تەڭرى ئاتا قىلغان كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئەركىنلىك بىلەن ئۆزەمنى خۇددى شاتلىق دۇنياسىدا تۇرۇۋاتقاندەك ھىس قىلاتتىم. بۈگۈن ئەمدى يەنە مەن ئۈچۈن تەڭرى كېرەك بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇنىڭغا ئىشىنىش - ئىشەنمەسلىك ئۆزەمنىڭ ئىشى. ھەددە ئۇنى ئۆز كۈچىنى بىز ئۈچۈن بېغىشلاشقا مەجبۇرلاشقا ھەقىلىقمەن. بۇنداق قىلمايدىكەن، بۇ تەڭرى پۈتۈنلەي زەئىپلىشىپ شاپارەڭ بىلەن بىللە ئۇخلايدۇ - خالاس!

[سانگې ستتانى سۆيمەكچى بولغاندا، ستتا ئۇنى تىللاپ، تىركىشىپ ئاخىرى يىقىلىپ چۈشىدۇ.]

سىتا: سانگې! مەن ئىگە - چاقىسىز ئاجىز ئەما، ئون يىلدىن بۇيان مەن سېنى ئۆز ئۇكام-
دەك كۆرۈپ ئاش - تاماق بېرىپ، ھالىڭدىن خەۋەر ئالدىم. ئەمدى كېلىپ سەن ماڭا بۇنداق
ياۋايىلارچە مۇئامىلە قىلساڭ ياخشى بولماس! سەندىن بىر ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇنداق قىلمىغىن!

[سانگې ئەسەبىلەرچە سەت كۈلۈپ، سىتانىڭ قولىنى تۇتىۋېلىپ جان - جەھلى بىلەن
ئۇنى سۆيۈۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ.]

سىتا: يوقال! مېنى قويىۋەت! قولۇمنى قويىۋەت! تاغا! گىلموي! راج!

[سانگې ئۇنىڭ ئاغزىنى چىڭ تۇتىۋالىدۇ ۋە ئاستا - ئاستا ئۇنى ئۆزۈنچاق سىمونت
ئورۇندۇققا باسىدۇ.]

سانگې: ھىم! ئەمدى نەگە قاچىسەن؟ سېنىڭ ھالىڭ تايىنلىق! سەن مېنىڭ ئاچچىغىمنى كەل-
تۈرۈپ قويىدىغان بولساڭ، كۆرگۈلۈگىڭنى كۆرسىتىمەن!

[سانگې سىتانى ئىتتىرىپ يىقىتىدۇ، سىتا سانگېنىڭ تېگىدە يېتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ مەي-
دىسىگە قاتتىق بىرنى تېپىدۇ، سانگې سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشىدۇ. سىتا ئورنىدىن
تۇرۇپلا ئىبادەتخانىغا قېچىپ كىرىپ كېتىدۇ.]

سانگې: (ئورنىدىن تۇرۇپ كۈلىدۇ) بۇمۇ ياخشى بولدى! سەن بۇتخانىنى ياقتۇرامسەن؟ بولى-
دۇ، بۇتخانىدا بولسىمۇ مەيلى! (بۇتخانىغا قاراپ بىردەم تۇرۇپ كېتىپ) ۋاھالەنكى
مۇشۇ كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ كۆرمەيدىغان تەڭرى بىزنىڭ نىمە ئىش قىلغانلىغىمىزغا
شاھىت بولالارمۇ؟

[سانگې كۈلگەن پېتى بۇتخانىغا باستۇرۇپ كىرىدۇ. بۇتخانىدىن ئىككىسىنىڭ ھەپىلى-
شىۋاتقانلىق شەپىسى ئاڭلىنىدۇ.]

سىتا: سانگې، مېنى قويىۋەت! مېنى قويىۋەت! بۇنداق ياۋۇزلۇق قىلما! سانگې، سەندىن
ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى قويىۋەت!

[سانگې توختىماستىن كۈلىۋېرىدۇ. سىتا ئۇشتۇمتۇت «سانگې!» دەپ قاتتىق ۋاقىراي-
دۇ، ئارقىدىنلا يەنە سانگې «سىتا!» دەپ زارلىنىپ قاتتىق ۋاقىرىۋېتىدۇ. بىردەملىك
سۈكۈتتىن كېيىن بىتيا، راج، گىلمويلار ئوڭ تەرەپتىن يۈگرەپ چىقىشىدۇ.]

بىتيا: سىتا! قىزىم!

گىلموي: سىتا!

راج: سىتا! قەيەردە سەن؟ نىمە ئىش بولدى؟

بىتيا، راج، گىلموي: (بىرلىكتە توۋلايدۇ) سىتا!

سىتا: (بۇتخانىدىن چىقىپ) تاغا! (بىتيانىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ بېشىنى قويۇپ تىختىماي
يىغلايدۇ.)

بىتيا: قورقما، سىتا! نىمە ئىش بولغان بولسا ئېيتىۋەر! بىز يېنىڭدا! چاققان ئېيت!

سىتا: (يىغلاپ) تاغا! سانگىي! سان ...

راج: (سىتانىڭ چۈۋۈلغان چاچلىرىنى، يىرتىلغان كىيىملىرىنى كۆرۈپ نىمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشىنىدۇ) خەپ توختاپ تۇر، سانگىي! كۆزۈڭنى ئويۇپ تاشلاپ، قېنىڭنى ئىچمىسەم! ... (سۆزلەۋېتىپ ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ ئالدىغا ئىتىلىدۇ.)

بىتيا: راج! ئالدىراڭغۇلۇق قىلما! (راجنى تۇتىۋالىدۇ)

راج: مېنى قويىۋەت، تاغا! بۈگۈن مەن ئۇنىڭ كۆزىنى ئويۇپ تاشلاپ، قېنىنى ئىچمەيدىغان بولسام!

[راج ئالدىغا بىر نەچچە قەدەم ماڭمايلا سانگىي ئۆتخانىدىن چىقىدۇ. باياتىن سانگىي بىلەن سىتا ئۆتخانا ئىچىدە ئېلىشقان چاغدا، سىتا سىۋا ئىلاھىنىڭ ئاچىماق جازىسىنى سانگىينىڭ ئىككىلا كۆزىگە تەڭ سانجىۋەتكەن. سانگىي يەنە بىر قېتىم كۆزىدىن ئايرىلغان. ئۇنىڭ كۆزىدىن چاچراپ چىققان قان بىلەن پۈتۈن ئەزايى ۋەيۈز - كۆزى بۇيۇلۇپ كەتكەن.]

سانگىي: (ئاچىماق جازىنى يەرگە تاشلاپ، ئۆزىمۇ تەڭلا يىقىلىپ چۈشىدۇ ۋە يەنە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ سۆزلەيدۇ) راج! بولدى ئەمدى سەن ئاۋارە بولما، سېنىڭ تىلىگىنى سىتا ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولدى.

بىتيا: سانگىي!

سانگىي: ھەئە، مەن، تاغا! سىلەر مېنىڭ كۆزۈمنى داۋالاپ ساقايتقان ئىدىڭلار، ھازىر سىتا مېنى يەنە كۆرمەس قىلىپ قويدى!

بىتيا: سىتا، راست شۇنداق قىلدىڭما، بالام.

سىتا: مەن بىلمىدىم، تاغا! نىمە ئىش قىلغانلىقىمنى ئۆزەممۇ بىلمىدىم.

سانگىي: سەن غەرەزسىزلا مۇشۇنداق قىلىپ قويدۇڭ. لېكىن سىتا، سەن خويمۇ ئوبدان قىلدىڭ! سىلەر ماڭا بىر جۈپ كۆزنى ئاتا قىلغان ئىدىڭلار، لېكىن مەن ئۆزەم ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمىدىم! سىلەرنىڭ قىلغان شەپقەتىڭلارنى ئۇنتۇتۇم! مەن ساق كۆزگە مۇناسىپ ئادەم ئەمەسمەن! سىلەر مەندىن بۇ بىر جۈپ كۆزنى تارتىۋېلىشقا تامامەن ھەقلىقسىلەر! ھەم تارتىپمۇ ئالدىڭلار! ئەمدى مېنىڭ بۇ يەردىن كەتكىنىم تۈزۈك! تاغا! (مېڭىشقا تەمشىلىدۇ.)

راج: سانگىي، بولدى سەن كەتمىگىن!

سىتا: سانگىي كەتمە!

گىلمو ي: سانگىي!

[ئۈچەيلەن بىرلىكتە «سانگىي» — دەپ تەڭلا توۋلايدۇ.]

بىتيا: سانگىي! بىز سەندىن ھەرگىز رەنجىمەيمىز، سەن مېنىڭ گېپىمگە كىرگىن، باشقا يەرگە بارما!

سانگىي: ياق، تاغا! سىلەرنىڭ كۆڭلى - كۆكسىڭلار كەڭ، مېنى كەچۈرىسىلەر، بىراق مەن ئۆزەمنى ھەرگىز كەچۈرەلمەيمەن! شۇڭا مېنىڭ كەتكىنىم تۈزۈك تاغا! مەن كېتىمەن، يىراق جايغا كېتىمەن!

[سانگى كۆپچىلىك بىلەن خوشلىشىپ ماڭماقچى بولىدۇ. راج «سانگى!» — دەپ ئۇشتۇمتۇت توۋلايدۇ ۋە ئۇنىڭ قېشىغا ئاستا كېلىپ قولىدىكى ھاسىسىنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىدۇ. سانگى بىلەن راج يىغلىشىپ كېتىدۇ.]

بىتيا: ھەي، سانگى! ئاۋايلاپ ماڭغىن، تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشمىگىن. ئاۋۇ تەرەپتە چىراق بار، يورۇقتىراق ماڭغىن!

سانگى: ماقۇل، تاغا! سۆزۈڭنى ئېسىمدە چىڭ ساقلاپ دىگىنىڭ بويىچە ئالغا قاراپ ماڭىمەن.

(سۆزلەۋېتىپ سەھنىدىن چىقىپ كېتىدۇ، باشقىلار تۇرغان جايىدا ھەيكەلدەك تىمتاس قېتىپ قالىدۇ.)

— پەردە ئاستا - ئاستا يېپىلىدۇ.

(«چەتئەل تىياتىرى» ژورنىلىنىڭ 1983 - يىللىق 2 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

تىللاقىز مامۇت تەرجىمىسى

## ئاپتورنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

گېلاپۇدى مارۇتىراۋ ھىندىستاننىڭ تەيلوك تىلىدا ئەسەر يازىدىغان ئاتاغلىق دىراماتورگى ۋە يازغۇچىسى، ئۇ 1939 - يىلى ھىندىستاننىڭ ۋاجيانا گار دىگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۇ بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپ ئونۋېرسىتېتلاردا ئوقۇغانغا قەدەر تىياتىر ئاكتىيورلىقى سەنئىتىگە ئىنتايىن قىزىققانتى. كېيىنچە ئۇ تەدرىجى ھالدا بىر پەردىلىك سەھنە ئەسەرلىرىنى ئىجات قىلىشقا كىرىشكەن.

ئۇ 1964 - يىلدىن تارتىپ «چۈشكۈنلۈك»، «مەسىلە» قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق بىر پەردىلىك دىراما ۋە «كۆي» قاتارلىق يىرىك دىرامىدىن ئۈچنى يازغان. ئۇندىن باشقا يەنە ھېكايە ۋە رومانلارنىمۇ يېزىپ ئېلان قىلغان. ئۇ جەمىيەتتىكى نامۇۋاپىق ھادىسىلەرنى قاتتىق قامچىلىغان. ئۇنىڭ بەدىئى تەسۋىرىمۇ خېلى كۈچلۈك بولۇپ، ئىپادىلىمەكچى بولغان تېمىلارنى بىر قەدەر چوڭقۇر يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كىشىنى ئۆزىگە خېلى جەلىپ قىلىدۇ.

بىر پەردىلىك دىراما «كۆز» 1969 - يىلدىن باشلاپ ھىندىستاننىڭ ھەر قايسى چوڭ شەھەرلىرىدە تۆت، بەش يىلغىچە ئۈزۈلمەستىن داۋاملىق ئوينالغان. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي يەنە تەيلوك ۋە تەمىر تىللىرىدا فىلىمگە ئېلىنغان. بۇ دىرامىنىڭ مۇشۇنچىلىك دەرىجىدە قىزغىن قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشىشىدىكى سەۋەپ، ئۇنىڭ تېمىسىنىڭ يېڭى بولغانلىقىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقتىن ئىبارەت.

(خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن)

# تاجىك خەلق ئەلنەغمىسى ھەققىدە

شېرىن قۇربان

ھەيۋەتلىك قەد كۆتىرىپ تۇرغان پامىر ئېگىزلىكىدە ياشاپ كېلىۋاتقان تاجىك خەلقى، ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى، ئۆزىنىڭ ماددى تۇرمۇش شارائىتىگە ۋە پامىر ئېگىزلىكىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، مەزمۇنى مول، شەكلى رەڭگا - رەڭ، قىزىقارلىق بولغان خىلمۇ - خىل سەنئەت شەكىللىرىنى يارىتىپ، باشقا قېرىنداش مىللەتلەر قاتارىدا مەملىكىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات — سەنئىتىگە تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلدى.

تاجىك خەلق ئەلنەغمىسى — تاجىك خەلق سەنئىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، خەلق ئارىسىدا ئىنتايىن كەڭ تارقالغان ۋە ئومۇملاشقان.

تاجىك خەلق ئەلنەغمىسىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەر خىل ئېتنوگرافىك شەكىللىرى بىلەن زىچ ماسلاشقان. ناخشا، مۇزىكا، ئۇسۇل ۋە ھەركەتلەر ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن كومېدىك تۈسكە ئىگە ئەنئەنىۋى مىللىي ئويۇندۇر. ئۇنىڭ شەكىللىرى ھەر خىل بولۇپ، توي - تۆكۈن، بەزمە، مەشرەپ ۋە باشقا كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا ئوينىلىدۇ.

بۇ ئەلنەغمە بولغاچقا، ئۇنىڭغا ھەشەمەتلىك سەھنە جاھازلىرى ۋە كىيىم - كېچەكلەرنى تەييارلاش ھاجەتسىز، ئۇنى ھەر قانداق سورۇندا ئاددىيغىنا كىيىم - كېچەك ۋە ئادەتتىكى چالغۇ ئەسۋاپلىرى بىلەنلا ئورۇنلىغىلى بولىدۇ.

تاجىك خەلق ئەلنەغمىسى مەزمۇنىنىڭ كەڭ، چوڭقۇر ۋە ساغلاملىقى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنىڭ روشەنلىكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ زىچلىقى، بەدىئىي قۇرۇلمىسىنىڭ گۈزەللىكى، تىلىنىڭ يېنىك، جانلىق ۋە يۇمۇرلۇقى، ھەركىتىنىڭ چاققان ۋە قىزىقارلىقى ئىستىلىستىك ئوخشىتىشلارنىڭ جانلىقلىقى، مىللىي تۈسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن كىشىلەرنى جەلپ قىلىش ۋە قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە.

ئۇنىڭدا خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى، دۇنيا قارىشى، مىللىي ئۆرپ - ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، ئىسىل ئەخلاقى - پەزىلىتى ۋە پسىخىك خۇسۇسىيىتى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى داۋاملىشىپ، تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۆز ھاياتى كۈچىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان تاجىك خەلق ئەلنەغمىلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغىنىمىزدا، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ، ھەر

AltunOq

قايسىسىنىڭ پەيدا بولۇش دەۋرى، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرگىنىمىز-
دە، شۇ دەۋردە يۈز بەرگەن بىرەر ۋەقە ياكى ھادىسىنى ئېنىقلاپ چىققىلى بولىدۇ.
مەسىلەن: تاجىكلارنىڭ توي - تۆكۈنلىرىدە ئوينىلىدىغان ناخشا - ئۇسۇل، درامىلىق
تۈس ئالغان «ئەبىشقا-ئاغچا» دېگەنگە ئوخشاش ئويۇنى تاجىك خەلق ئەلنەغمىلىرى ئىچىدە ۋە-
كىللىك خاراكتېرىگە ئىگە. ئۇنىڭدا بىر قېرى باينىڭ بىر ياش قىزنى زورلۇق بىلەن خوتۇنلۇق-
قا ئالغانلىقىدىن ئىبارەت ۋەقە بايان قىلىنىپ، فېئوداللىق نىكا تۈزۈمى قاتتىق ئەيىپلىنىدۇ ۋە
قامچىلىنىدۇ. خەلقنىڭ نىكادا ئەركىن بولۇش ئارزۇ - ئارمىنى ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈر-
لىدۇ. بىزگە مەلۇم، تاجىك خەلقىمۇ باشقا مىللەت خەلقلىرىگە ئوخشاشلا فېئوداللىق قائىدە - تۈ-
زۈمنىڭ ئاتىمۇ - قات زۇلۇمىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. بولۇپمۇ فېئوداللىق قائىدە - تۈزۈملەر
تاجىك ئاياللىرىنىڭ ئىنسانى ھوقوقىنى ئېغىر ھالدا دەپسەندە قىلىپ كەلگەن. ئۇ ئەركىن ۋە
پاك مۇھەببەتكە يول قويمايتتى. بىر - بىرىگە ئاشىق بولغان قىز - يىگىتلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇ-
رات - مەقسەتلىرىگە يېتەلمەي، ۋىسال يولىدا ئېچىنىشلىق قۇربان بولاتتى. شۇڭا، مۇھەببەت
ئەركىنلىكىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە خەلق ئەلنەغمىلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇن ئالغان. شۇ سەۋەب-
تىن، مۇھەببەت ئەلنەغمىلىرى فېئوداللىق تۈزۈمگە ۋە ئۇنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىغا ئېتىلغان ئوق
سۈپىتىدە، خەلقنىڭ ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە ھەققىدىكى ئارزۇ - ئارمىنىنى ئىنكاس قىلىدۇ.
مۇشۇنداق ئىجتىمائى ھادىسىلەر مەزمۇن قىلىنغان تاجىك خەلق ئويۇنى — «ئەبىشقا — ئاغچا»
دا گۈزەل قىز قېرى باينىڭ قاتمۇ - قات توسقۇنلۇقلىرىنى يېڭىپ، ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە يارىغۇ-
دەك جۈرىسىنى تېپىش ئۈچۈن ھەركەت قىلىدۇ. يىگىتلەر بەس - بەستە مەيدانغا چۈشۈپ، قىز-
لار بىلەن ئۇسۇل ئويناپ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ. قىز - يىگىتلەرنىڭ
ئارىسىدىن ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىرسىنى تاللايدۇ. قېرى باي بولسا، تۈرلۈك چارىلەر بىلەن
ئۇلارغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئاخىرى قىز ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىت بىلەن يىراق يەرگە قاچى-
دۇ. دەل مۇشۇ چاغدا، مەيداندا سەلتەنەتلىك تەنتەنە ساداسى كۆتىرىلىدۇ. نەتىجىدە ياش قىزنى
زورلۇق بىلەن خوتۇنلۇققا ئېلىپ، خەلقى - ئالەم ئالدىدا مەسخىرىگە قالغان قېرى باي مەي-
داندىكى تاماشىبىنلارنىڭ قورشاۋىدا قالىدۇ. ئويۇننىڭ ئاخىرىدا، «ئەبىشقا» (قېرى باي) نىڭ
رولىنى ئويناپ چىققان ئارتىست كۆپچىلىككە قاراپ: «بۇرادەرلەر، مېنى زىنھار دورىماڭلار، قې-
رىلارنىڭ ياش قىزغا ئۆيلىنىشى ئەخلاققا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان پەسكەش ئىش» دەيدۇ. قويۇق
درامىلىق تۈس ئالغان بۇ ئويۇن قاچان، قەيەردە، كىم تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغانلىقى ھازىر-
غىچە مەلۇم ئەمەس. بۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش
زۆرۈركى، بۇنىڭدىن بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرى، فېئوداللىق قائىدە - تۈزۈم ۋە دىنى شەرىئەت-
نىڭ قاتتىق تەقىبى ئاستىدىمۇ، ئەركىن مۇھەببەت ۋە نىكا تەشەببۇس قىلىنغان. ئەزگۈچى سى-
نىپلار ئۈچۈن ئاشكارا نەيىپلىنىدىغان بۇ خىل ئويۇننىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى ھەم خەلق ئارىسى-
دا ئاشكارە ۋە كەڭ كۆلەمدە ئوينالغانلىقى، شۇنىڭدەك بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلىپ،
ئۆز ھاياتى كۈچىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى چاغلىغىلى بولمايدىغان زور ئىش!

كۆچلۈك تەربىيەۋى رولى بولغان خەلق ئويۇنى — «ئەبەشقا — ئانچا» نىڭ ئىدىيىسى ساغلام، تىلى گۈزەل، ھەركىتى قىزىقارلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا يېتەرسىزلىكلەرمۇ ئاز ئەمەس. بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بەك ئاددى. ئۇنى تىرىشىپ ئۆزگەرتىشكە، ئۈزلۈكسىز تۈردە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

تاجىك خەلق ئەلنەغمىسى ئىچىدە «بەدەھشانلىق سودىگەر» دېگەن خەلق ئويۇنىمۇ كىشىلەرنى جەلپ قىلىدۇ.

توي - تۆكۈن، بەزمە - مەشرەپ ۋە دوستلار ئارىسىدىكى ئولتۇرۇشلاردا ئوينىلىدىغان بۇ خەلق ئويۇنىدا، دىنى تونغا ئورۇنىۋالغان بەدەھشانلىق سودىگەرلەرنىڭ سەرىقۇل (تاشقورغان) رايونىغا كېلىپ خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلغان جازانىخورلۇق قىلمىشلىرى پاش قىلىنىدۇ. بۇ ئويۇن تەسىرلىك بولۇپ، بەدەھشانلىق سودىگەرلەرنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە خەلقنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن ئاياقلىشىدۇ. بۇ ئويۇن گەرچە پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى بىرقەدەر تولۇق ئېچىپ ۋەقەلىكلەرنى ئەينەن بايان قىلىش چىنلىقىغا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئىنقىلاۋى ئەنئەنىگە ئىگە باتۇر تاجىك خەلقىنىڭ چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا، ھايانكەش سودىگەرلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى تولۇق گەۋدىلەنمىگەن. ئەمەلىيەتتە، بىز تاشقورغان رايونىنىڭ تارىخىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، تاجىك ئەمگەكچىلىرى ئۆز دەۋرىدە چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا، ھايانكەش سودىگەرلەرگە قارشى نۇرغۇنلىغان كۆرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ۋە تىللاردا داستان بولغۇدەك قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتكەن.

ئەپسۇسكى، بۇ قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلار «بەدەھشانلىق سودىگەر» دېگەن ئويۇندىن ئورۇن ئالالمىغان.

تاجىك خەلق ئەلنەغمىسى ئىچىدە قونچاق ئويۇنلىرىمۇ خېلى سالماقنى ئىگەللەيدۇ. بۇ خىل قونچاق ئويۇنلىرىمۇ رېيال تارىخى تېمىنى ئاساس قىلغان ھالدا بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن: «دەڭگان بەچچە» (بالىنى ئوينىتىش)، «ئاخماق ئۇسۇلى»، «شوڭقار ئۇسۇلى»، «ئاققۇ بىلەن تۈلكە»، «سودىگەر بىلەن ئات»، «قۇش سەيلىسى» قاتارلىق ئۇسۇللۇق ئويۇنلار، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇغى، ۋەقەلىكنىڭ قىزىقارلىقى، ئۇسۇللۇق ھەركىتىنىڭ كۆلكىلىكى بىلەن كىشىلەرنى تولىمۇ قىزىقتۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا «دەڭگان بەچچە» دېگەن بۇ ئۇسۇللۇق ئويۇن بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا مەيدانغا كەلگەن ئىكەن. چوڭلارنىڭ ھېكايە قىلىشىچە، بىر باي بولۇپ، ئۇ ھەر قېتىم توي - تۆكۈن مەيدانىغا كەلگەندە، بالىسىنى ئەكىلىپ، باشقىلارغا تۇتقۇزۇپ ئۇسۇل ئويناتقۇزىدىكەن. كىشىلەر پۇل ۋە باشقا ماددى بۇيۇملارنى چىقىرىپ، بايۋەتچىگە بېرىدىكەن ھەم باينىڭ بالىسىنى قۇچاقلاپ ئۇسۇل ئوينايدىكەن. بۇنىڭدىن باي تولىمۇ مەمنۇنلۇق ھېس قىلىدىكەن. بۇ ئىش خېلى ئۇزاققىچە داۋاملىشىپتۇ. ئەمما كىشىلەر كېيىنچە باشقىچە يول تۇتۇپتۇ. ئۇلار تويغا كەلگەندە، بىر تال كالتەكنى چاپانغا يۆگەپ قونچاق قىلىپ ئۇنى سول قولىدا تۇتۇپ ئۇسۇل ئوينايدىغان بوپتۇ. ئۇلار ياغاچ قونچاقنى خىلمۇ - خىل ھەركەتلەندۈرۈپ، باينىڭ قىلغىنىنى دوراپ، ئۇنى مەسخىرە قىپتۇ. جامائەت ئالدىدا ئابرويى تۆكۈلگەن باي ئىزار

تارتىپ مەيداندىن چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ ئويۇن خەلق ئارىسىدا ئوينىلىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مەيداندا ئىنتايىن قىزغىن كەيپىيات كۆتىرىلىدۇ - دە، تاماشىبىنلارنىڭ تەنتەنىلىك ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، «سودىگەر بىلەن ئات» دېگەن ئۇسۇللۇق توي ئويۇنىمۇ قىزىقارلىق: ئۇنىڭدىمۇ بەدەھشانلىق بىر سودىگەرنىڭ تاشقورغان رايونىغا كېلىپ، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغانلىقى پاش قىلىنىدۇ. ئويۇن باشلىنىش بىلەن تەڭلا، بەدەھشانلىق سودىگەرنىڭ رولىنى ئالغان ئارتىس ياغاچ ئات مىنگەن هالدا مەيدانغا چۈشىدۇ. ئۇ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ، سودىگەرنىڭ تۈرلۈك هەركەتلىرىنى دورىغاندىن كېيىن، ئاتتىن چۈشىدۇ، ئېتىغا يۇقۇرى باها قويۇپ، ئۇنى بىر تاجىك خېرىدارغا ساتماقچى بولىدۇ. ئاتنىڭ باهاسى بەك قىممەت بولغانلىقى ئۈچۈن خېرىدار ئۇنى ئالالمايدۇ. لېكىن مۇتەهەم سودىگەر ئېتىنى زورلۇق بىلەن تاجىك خېرىدارغا تېڭىپ، ئۇنىڭ بارلىق ۋەجىنى سۈپۈرۈپ كېتىدۇ. ئويۇن داۋاملىشىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، تاماشىبىنلارنىڭ قاتتىق غەزەپ - نەپرىتى قوزغىلىدۇ.

تاجىك خەلقىنىڭ خەلق ئۇسۇلىنى ئېلىپ قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا تەقلىت - تەسۋىرى شەكلىنىڭ بارلىقىنى هېس قىلىمىز. ئۇ ئۇسۇل شەكلى ئارقىلىق ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ هەركەت - قىلىقلىرىنى دوراش ئارقىلىق بىرەر ماهىيەتلىك مەزمۇننى ئېچىپ بېرىدۇ.

مەسىلەن: «ئاققۇ بىلەن تۈلكە» دېگەن ئۇسۇلنى ئالساق، ئۇنىڭدا ئاققۇنىڭ ئەمگەكچان، ئاقكۆڭۈل ئىكەنلىكى، تۈلكىنىڭ هىلىگەر، تەييارتاپ كېلىدىغانلىقى، گەپ - سۆز ياكى باشقا ۋاستىلەر ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى قىزىقارلىق ئۇسۇل هەركىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

ئاققۇ رولىنى ئالغان ئارتىس جۇۋىنى تەتۈر كىيىپ، بىر يېڭىگە كالتەكنى ئۆتكۈزگەندە، ئاققۇنىڭ بويىنى هاسىل بولىدۇ - دە، بەئەينى ئاققۇ شەكلىگە كىرىدۇ. ئۇ ئاققۇنىڭ بويىنىنى سوزۇپ بېلىق ۋە باشقا جانىۋارلارنى تۇتقان چاغدىكى هەركىتىنى دوراپ ئۇسۇل ئوينايدۇ. تۈلكىنىڭ رولىنى پاكار بويلۇق ئادەم ئوينايدۇ. ئۇ دۈمبىسىگە كىچىك بالىنىڭ چاپىنىنى قاتلاپ تىڭىۋالغاندا، تۈلكىنىڭ قۇيرۇقى هاسىل بولىدۇ. ئىككى كىچىك تۇماقتىن تۈلكىنىڭ ئىككى قۇلىقى هاسىل بولىدۇ.

ئاققۇ بىلەن تۈلكە مەيداندا تەڭ ئۇسۇل ئويناۋاتقاندا، ئاجايىپ قىزغىن مەنزىرە هاسىل بولىدۇ. تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشى، قاقاس - چۇقان ساداسى پەلەككە كۆتىرىلىدۇ.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، تاجىك خەلق ئەلنەغمىسىدە، خەلق هەققانىيەتنىڭ ۋەكىللىرى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىپ، ئۇلار هامان غەلىبە قىلىدۇ هەمدە ئۇنىڭدا خەلقنىڭ مەرتىپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئالغا سۈرۈلىدۇ. قالاق كۈچلەر ئەيىپلىنىدۇ، مەغلۇپ بولىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تاجىك خەلق ئەلنەغمىسى، تاجىك خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى نامايەن قىلغان هالدا ئۆزگىچە ئۇسلۇب ۋە شەكىلگە ئىگە بولۇپ، ئىجتىمائى هاياتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ كىشىلەرنى ئەقىل پاراسەتلىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ. يامان ئىللەتلەرنى قاتتىق سۆكىدۇ. هەجۋى تىل ۋە هەركەت بىلەن سەلبى كۈچلەرنى مەسخىرە قىلىدۇ.

قىسقىسى كىشىلەرگە، ياخشى بىلەن يامانىنى، ھەق بىلەن ناھەقنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئۇ خەلق ئىچىدە ئۆز ھاياتى كۈچىنى ۋە تەربىيىۋى رولىنى تاكى ھازىرغىچە ساقلاپ كەلمەكتە.

تاجىك خەلق ئەلنەغمىسىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ، ئۇنى ئىلمىي ئاساستا رەتلەپ، تەرتىپكە سېلىشىمىز لازىم.

بۇ خىزمەت ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇ ئېلىمىز سەرىقول تاجىكلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى، تەبىئەت ۋە جەمىيەت بىلەن مۇناسىۋىتىنى، مەدەنىيىتىنى، تىلىنى، دىنىي ئېتىقادىنى ۋە ئۆرپ - ئادىتىنى، ئەدەبىيات - سەنئىتى ۋە باشقا مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىۋېلىشىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە، شۇنداقلا ئۇ ئېلىمىز ئەدەبىيات - سەنئەت بېغىدىكى بىر خۇشپۇراق گۈل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەپسۇسكى، تاجىك خەلق ئەلنەغمىلىرى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر مۇكەممەل، ئەترابلىق توپلىنىپ، رەتلىنىپ چىققىنى يوق. ئۇ تېخى سەھنە يۈزىنى كۆرگىنى يوق. قېرىنداش مىللەتلەر ۋە ھەر دەرىجىلىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئورگانلىرى، تەتقىقات ئورۇنلىرى، تاجىك خەلق ئەلنەغمىلىرى بىلەن تېخى تولۇق تونۇشۇپ كەتكىنى يوق. شۇڭا ئۇ ئەسلىدىكى ھالىتى بويىچە تۇرۇپ قېلىپ، راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمايۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گورۇھ» نىڭ ئېغىر بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىدى. كۆپلىگەن خەلق ئەلنەغمىچىلىرى ۋەيران بولدى. بۇنىڭغا تولىمۇ ئېچىنماقتىمىز.

ئەمما بىز يەنىلا شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمىزكى، سەرىقول تاجىك ئەلنەغمىسى، پامىر ئېگىزلىكىدە جۇلالىنىپ تۇرغان بىر گۆھەر. جەمىيەت تەرەققىي قىلىۋاتقان، مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى گۈللىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بۇ گۆھەر جەزمەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدۇ ۋە قېزىپ چىقىرىلىدۇ.

پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرى ئاستىدا تاجىك خەلق سەنئىتى، جۈملىدىن خەلق ئەلنەغمىسى كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك سەنئەت گۈلزارىدىكى، رەڭگا - رەڭ گۈل - چېچەكلەر بىلەن بىرلىكتە، ھۆسنىگە تولۇپ، كىشىنى مەپتۇن قىلارلىق دەرىجىدە جەۋلان قىلغۇسى. بىز بۇ جەھەتتە قېتىرقىنىپ ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم.

---

سەنئەت ئىچىدىكى خاسلىققا ئىگە ئەسەرلەرلا گۈزەل ھېسابلىنىدۇ

— رودان

گۈزەللىك — تۇرمۇشنىڭ سەرۋىسى؛ ئارزۇنىڭ شەپىقى؛ ياشلىقنىڭ بايرىقى؛ شائىرنىڭ كۆزى؛ مۇھەببەتنىڭ ھەمراسى ۋە قەلبنىڭ ئۆركىشىدۇر.

— يېڭى ئەقلىيە سۆزلىرىدىن.

ئېرسىيەتچانلىقتىن ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىلا سەنئەتكاردۇر. ئۇلار ھەمىشە گۈزەللىكنى ئۆز تۇرمۇشىغا ئېلىپ كىرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

— گوركى

خەنزۇچىدىن ئابدۇسالام تىلىۋالدى تەرجىمىسى

# دىلبەر يۇنۇس شىنجاڭغا كېلىپ ئويۇن قويدى ۋە مۇكاپاتلاندى

1985 - يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى دولقۇنسىمان يۇقۇرى ئاۋازلىق ئۇيغۇر ناخشىچى دىلبەر يۇنۇس ۋە ئۇنىڭ يېتەكچى ئۇستازى — مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى ئوپېرا پاكولتېتىنىڭ مۇدىرى پروفېسسور يولداش شېن شياڭ، مەركىزىي ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ ئاتاغلىق يۇقۇرى ئاۋازلىق ئايال ناخشىچىسى لى يۈۋېي مۇئەللىم ۋە مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتىنىڭ رايال مۇئەللىمى يولداش خۇجيەنشى مۇكاپاتلاش يىغىنىغا قاتنىشىش ۋە يالغۇز كىشىلىك ناخشا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بىرلا ۋاقىتتا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

بۇلتۇر 8- ئايدا دىلبەر يۇنۇس فىنلاندىيىنىڭ هېرسىنگى دېگەن يېرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 1 - نۆۋەتلىك مىريام هايلىن خەلقارا ناخشا مۇسابىقىسىدا ئاياللار گۇرۇپپىسى بويىچە 2 - لىككە ئېرىشتى. دىلبەر يۇنۇسنىڭ قولغا كەلتۈرگەن بۇ يېڭى نەتىجىلىرىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مۇھاجىرلار مېھمانخانىسىدا مۇكاپاتلاش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، دىلبەر يۇنۇسقا مىڭ يۈەن پۇل ۋە مۇكاپات بۇيۇملىرى تەقدىم قىلدى. بەش يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، دىلبەر يۇنۇسنى جان كۆيدۈرۈپ تەربىيىلىگەن پروفېسسور يولداش شېن شياڭ، لى يۈۋېي، خۇجيەنشى مۇئەللىملەرگە خاتىرە بۇيۇملىرى تارقىتىپ بېرىلدى. دىلبەرنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇستازى گولىنبىنىڭ مۇئاشىنى بىر دەرىجە ئۆستۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى دىلبەر يۇنۇستا «ئاپتونوم رايونلۇق 8 - مارت قىزىل بايراقدار» دېگەن شەرەپلىك نام بەردى.

دىلبەر يۇنۇس 1 - ئاينىڭ 15 - ۋە 17 - كۈنى خەلق تىياتىرىدا ئىككى مەيدان يالغۇز كىشىلىك ناخشا كېچىلىكى ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىش ماھارىتى ۋە ناخشىغا بولغان چوڭقۇر چۈشىنىشى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ۋاڭ ئىنماۋ، شاۋجۇەنفۇ، تۆمۈر داۋامەت، لى جايۇ، جانابىل قاتارلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رەھبەرلىرىمۇ ئويۇننى كۆردى ھەمدە دىلبەر ۋە ئۇنىڭ ئۇستازلىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ دىلبەر ۋە ئۇنىڭ ئۇستازلىرى ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن زىياپىتىگە قاتناشتى.

پروفېسسور شېن شياڭ 1 - ئاينىڭ 14- كۈنى چۈشتىن كېيىن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى چاقىرىپ دىلبەرنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىش جەريانى ۋە مىريام هايلىن ناخشا مۇسابىقىسىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى ۋە مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ بەردى. ئۇ يەنە شىنجاڭ سەنئەت مەكتىۋىگە ئىككى قېتىم بېرىپ دەرس ئۆتتى.

دىلبەر يۇنۇس ۋە ئۇنىڭ ئۇستازلىرى 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بېيجىڭغا قايتىپ كەتتى


AltunOq

# ۋەتەن ئىشقى

سۆزى: تۇرغان شاۋدۇنىڭ
مۇزىكىسى: ئابلىز رەھمىنىڭ

(ئىككىشىلىك ناخشا)

2/4 F=1




(تولۇق تېكىستى)

بۇلبۇل خۇشال سايرايدۇ،
گۈل بەرگىدە شېخىدا،
ياڭرىتىمەن ناخشامنى،
مەنمۇ ۋەتەن ئىشقىدا.


ۋەتەن ئۈچۈن تەر تۆكەپ،
ۋەتەن ئۈچۈن ياشايمەن.
ۋەتەن بەرگەن ئۆمرۈمنى
ۋەتەن ئۈچۈن ئاتايمەن

(قايتارما)

ۋەتەن بەختىم، ھاياتىم،
ئۇچسام تالماس قاناتىم.
ۋەتەن ئىشقى ھۆرمىتى،
دىلدا ئۆچمەس مايا كىم.



3/4
C=1



(تېكىست)

باھاردا كەلدى بۇلبۇللار يەنە كۆزلەپ گۈزەللىكنى،
ئۆزۈمنىڭ پۈتتەممۇ كۈلۈپ ھەردەم، تۇرار ئىستەپ گۈزەللىكنى.


ئەگەر دەممەھەل بولسا، كىشى ئەخلاق - دىيانەتكە،
يېتىپ مەشغۇلنى ... تاپۇر ئىزدەپ گۈزەللىكنى،


خۇدا تەڭلە تۈزگەنچە زىننەت بەخت ئىنسان يېڭى خىسلەت،
ئەجەب ... باشىندى دىللار داغلاپ گۈزەللىكنى.
كۆڭۈل ... شۇ خىسلەتتىن ... دەرمان،
يا شا ... راسا كۆڭلەپ گۈزەللىكنى.

سۆزى: ھەسەن تاشئالدىنىڭ
مۇزىكىسى: نۇرەھمەت ساپىسىنىڭ

# باغ ئارا

3/4 G=1






## تولۇق تېكستى


گۈلدۈر يېنىڭ شاتلىقىم،
رىشتىم گۈلگە چىگىلگەن.
گۈلگە ئوخشاش جانانىم،
ئىش قوينىدا پىتىلگەن.


مېھرى دېڭىز، سۆزى بال،
زېھنى ئۆتكۈر دىلخۇمار.


جامالىدىن ئاي خىجىل،
ۋۇجۇدىدىن ئوت يانار.


بەختلىك بىز يار بىلەن،
بىللە ئىشلەپ باغ ئارا.
ئەجرىمىزدىن كىيىشەر،
شايى، ئەتلەس كەلگۈدالا.

# گوتۇگەينىڭ فوتو سۈرەت
# ئەسەرلىرىدىن تاللانما











ئەجدىرھانىڭ ئورمان
دېڭىزىدىكى پەرۋازى
ئۇزۇنغا ئاققان
ئېرىق سۈيى
شەكىل ۋە سايە
تاشلانماق



AltunOq


奖状
奖状